# تارىم

8

1986



ئاقسۇ ۋىلايىتى 1986 - يىلى 20 - مايدىن 22 - ئىيۇنغىچە ئاتاقلىق شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى ۋە تارىخچى، شائىر موللا مۇسا سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 146 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى.

سۈرەتتە: يىغىن زالىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتنى مەتنىياز تارتقان.

**باش مۇھەررىر:** ئابلىمىت سادىق.

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:** ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل.

---

**تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى** (ئېلىپبە تەرتىۋى بويىچە):

ئابدۇكېرىم خوجا، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابلىمىت سادىق، ئابلىز نازىرى، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت تۇردى، ئەلقەم ئەختەم، تېيىپجان ئېلىيوپ، غوپۇرجان بۇرھانوپ، قاھار جېلىل، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن تۇرسۇن، ياسىن خۇدابەردى.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژورنال)

# TARIM

8

1986

36- يىل نەشرى

# بۇ ساندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئىدرىس بارات .............. ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەننىڭ ئالدى ـ كەينىدە (ھېكايە) ..... 16
ئابدۇللا ئىبراھىم .............. ئۇ قاچمىدى... (ھېكايە).................... 23
سەمەت دۇگايلى .............. گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە (پوۋېست)............... 47


## شېئىرلار


نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن ........................................... 5
مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن........................................ 11
بۇ ھەجەر ئارمىيە ئېلى.......................سېغىندىم .................... 14
ئىلھامجان ئابلىز .............. كۆكۈل چەشمىلىرى ....................... 35
مۇختەر مەخسۇت .............. شېئىرلار ............................ 37
داۋۇتجان سەيدىن .............. ياشىندى ياشلىق باھارىم ....................... 39
مۇختەر سوپى .............. ئۈچ شېئىر ............................ 40
ئالاھىدىن ئابدۇرىشىت .............. قۇياش ۋە مەن ............................ 41
ۋەتەن ئىشقىدا ............................ 42
نىگارىمغا ............................ 42
ئابلىمىت سەمەت .............. ئاق بېلىق ............................ 43
ھوشۇر روزى .............. تارىم دەرياسى ............................ 44
ئۈزۈلمەس رىشتە ............................ 44
ئابدۇغېنى ئىمىن ..............مۇھەببەت لىرىكىلىرى ............................ 45
تۇردى سامساق .............. ئاقسۇ ئىلھاملىرى ............................ 93
نەسرۇللا قارى پەرھەتى .............. زىكرى ئەلپەتتاغا مەرسىيە ............................ 96
تۇردى داۋۇت..............روھى ئەل بىلەن ھايات ............................ 98
قۇربان ئىمىن ..............شېئىرلار ............................ 98

ئابدۇللا سۇلايمان ............. جۈپ - جۈپ................................ 100
سېرىنگۆل سىرىمىزنى قىلدى ئايان.................. 101
چىلىلى ......................... غەزەللەر ...................................... 101
تەلئەت ناسىرى ......................... ئۆچ شېئىر ........................................ 104
مەھمۇت زەيدى .............. چولپان هامان چاقنايدۇ .................................. 105
باتۇرلارنى ئۇنۇتماس تارىخ ................................ 106
ئۈمىد نوتىسى .................................................. 106
مىرزاھىد كېرىمى ................گۈزەل تۇيغۇلار .............................. 156
ماخمۇت مۇھەممەت ............. شېئىرلار ............................................ 157
روزى نىياز .................... جاۋاب ................................................ 158
ئەيلەيمەن ھەزەر .................................................. 159
مۆيدىن سايىت..................بۇركۈت ناخشىسى ........................................ 160
پارچىلار ...................................................... 160

## تەرمە گۈللەر

تۇرسۇنجان ئەمەت ....................ئىشتىھالىق كىسەل (ھېكايە) ...................... 107
ئابلىكىم خېۋىر ....................بىزنىڭ قەلبىمىز (شېئىر) ..................... 114

## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز

ئۆمەر قادىر:
ئىلھام كېۋىر ......................پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىشلازىم......115

ئەركىن نۇر ........................ يېڭى بەدىئىي پىكىر .......................... 122

**ئەدەبىي ھايات**

ئاقسۇ ۋىلايىتىدە نىمشېھىت تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى، مۇسا سايرامى تۇغۇلغانـ
لىقىنىڭ 146 يىللىقى خاتىرىلەندى ................................. 125
ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى 5 كىشىنى كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقاردى ........ 130

**ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر**

ماكسىم گوركىنىڭ ئا. س. سېرافىموۋىچقا يازغان ئۈچ خېتىدىن پارچىلار ...... 132

**مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن**

پۇتۇن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلەش .......................................... 137

**چەتئەل ئەدەبىياتىدىن**

ئورازبېك سەرسانباييۋ ........................ ھەممىدىن نېمە قىممەتلىك؟ ........... 141

**خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن**

نۇرلۇق مارجان (چۆچەك) .................................................. 152


مۇقاۋا، رەسىم ۋە ھۆسنخەتنى مەمەت ئايۇپ ئىشلىگەن

# نىمشېھىت شېئىرلىرىدىن

## ئەخمەتجان قاسىمغا مەرسىيە

نېمە دەپ قىلاي، ئەي كاج پەلەك، ھېكايىتىڭنى،
پاش ئەيلەيىن ئەلگە سېنىڭ شىكايىتىڭنى،
كۆرگەنمۇ خەلق بىرەر قېتىم ئىنايىتىڭنى،
تاشلارسەنمۇ قىلىپ كەلگەن رىيازىتىڭنى؟

قايسى بىرلەر يوقسۇللۇقتا جاپا چەككەن،
قايسى بىرلەر شۇم قۇشلارغا بويۇن ئەككەن،
گاھى گۈلگە باھار بولماي ئۈششۈك تەككەن،
كۆرەلمىدۈك پەلەك سېنىڭ ھالاۋىتىڭنى.

گاھى بىرنى ئاتاسىدىن ئايرىپ قېلىپ،
يا مېھرىبان ئانىسىدىن قايرىپ قېلىپ،
يېتىمكتىن قانچىلارغا كۈلپەت سېلىپ،
تاپارسەنمۇ، ئېيتچۇ ئۆزەڭ ئىناۋىتىڭنى؟!

بىر نەچچىلەر «ئاھ بالام!» ... دەپ ئۆتلار ياقار،
خەستە بۇلبۇل سۆيگەن باغنى قانداق تاپار؟
بېلىق سۇدىن ئايرىلغاندەك ھوشسىز ياتار،
سۆزلەر ھەركىم ھەركۈن تۈرلۈك مالامىتىڭنى.

بۇ ئىشلىرىڭ ئەل ئارىلاپ بولار ئىدى،
خەنجەرلىرىڭ يۈرەكلەرنى تىلار ئىدى،
كۆز - ياش بىلەن كۆلدەك نەپسىڭ تولار ئىدى،
ئۇنتۇدۇڭسەن، ۋادەرىخا، ئادالىتىڭنى.

چۈنكى، بۈگۈن ھەممىگە تەڭ قايغۇ سالدىڭ،
كارابىمنى سۈدىن ئېلىپ لايغا سالدىڭ.
ئۆلكىمىزنىڭ خەلقىنى بىردەك ۋايغا سالدىڭ،
كىملەر سۆيسۈن سېنىڭ مۇنداق ئالامىتىڭنى؟

تۇيۇقسىزدىن سالدىڭ بۈگۈن بىزگە ماتەم،
«قايدا كەتتىڭ، ئەخمەتجان!» دەر ھەممە ئادەم،
ئاھ، جىگەرىم، قېرىندىشىم قاسىم زادەم،
قىزغاندىڭمۇ بۈگۈن بىزدىن ھىدايىتىڭنى؟

ئۆلكىمىزدە قۇرماق بولۇپ يېڭى گۈلباغ،
خەلقىمىزنى قىلغان ئىدىڭ ئەجەب خۇشچاغ.
شۇم خەبەردىن يۈرەكلەرگە ئورنىدى داغ،
بىھوش بولدۇق يوقاتقاچقا سالامىتىڭنى.

ھەربىر سۆزۈڭ يۈرەكلەرگە داۋا ئىدى،
ئاب - ھاۋاغا خۇش خۇيلىقىڭ ناۋا ئىدى،
سەندەك دانا ئۆلكىمىزگە راۋا ئىدى،
ئاھ، ھەسرەتا! يوقاتتۇق بىز ساماھىتىڭنى.

شۇم قۇشلاردىن باغنى ئازاد قىلغانىدىڭ،
يىرتقۇچلارنىڭ يۈرەك - باغرىن تىلغانىدىڭ،
زەھەر تىلىن قارماق بىلەن ئىلغانىدىڭ،
كۆرگەن ئىدۇق سېنىڭ قانچە كارامىتىڭنى.

بەخت ئۇرۇقىنى تەرگەنىدىڭ ئۆلكىمىزگە،
ئورتاق ئىدىڭ يىغىمىز ھەم كۈلكىمىزگە،
كاشكى، بۈگۈن كۆتۈرەتتۇق يەلكىمىزگە،
ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمىز راپاۋىتىڭنى.

قانداق قىلاي، ئاھ، جۇدالىق سەندىن بۈگۈن،
پىراقىڭدا قان يىغلىسام كۈندۈز ۋە تۈن،
زەرداپ تولغان يۈرەك قانداق بولار پۈتۈن؟
خەلق قوپاردى بۈگۈن سېنىڭ قىيامىتىڭنى.

تۈتتى ئەجەل كۆكتە ئەمەس، يەردە ئەمەس،
تۇمان - بۇلۇت ئارىسىدا يولۇقتى بەس،
جەسىتىڭنى تاپماقمۇ خوپ بولدىكى تەس،
يادلىغانسەن جان ئۈزەردە ۋىلايىتىڭنى؟!

يېشىڭ كىچىك ئىدى، لېكىن قەدرىڭ ئۇلۇق،
ھەربىر ئىشقا پاراستىڭ ئىدى تولۇق،
كۈتكەنىدى خەلق سەندىن يورۇقچىلىق،
ئارمان بىلەن تاشلاپ كەتتىڭ سابائىتىڭنى.

ۋەدە بەرگەن خەلق سېنى ياقلايمىز، دەپ،
كۆز قارىسى كەبى سېنى ساقلايمىز، دەپ،
سىزدىقىڭدا تارىخ بېتىنى ئاقلايمىز، دەپ،
ئېلىپ كەتتىڭ ئۆزەڭ بىلەن شاپائىتىڭنى.

ياقالمىدىڭ نارىسىدە پەرزەندىڭگە،
شېرىن كەبى يىغلاپ قالغان دىل بەندىڭگە،
ھاياتىڭنى بەخش قىلغان پەيۋەندىڭگە،
چۈشتە كۆرەر ئەمدى ئۇلار گۈل قامىتىڭنى.

گاھى بىھۇش، گاھى ھوشيار تۇغقانلىرىڭ،
قاچان ئەستىن چىقار كۈلۈپ باققانلىرىڭ،
مۇھەببەتتىن پىستە، مېغىز چاققانلىرىڭ،
قەدىرلەيمىز ئەمدى سېنىڭ ئىمارىتىڭنى.

ھاياتىڭدا خەلق غېمىنى يېگەنىدىڭ،
خىتاب قىلىپ «ئويغان خەلقىم!» دېگەنىدىڭ،
ھەر سۆزۈڭدە بىرگە ئىلھام بەرگەنىدىڭ،
ئەمدى بىلدۇق سېنىڭ ھەربىر ئىشارىتىڭنى.

سەن دۈشمەنىڭ ھىيلىسىنى پاش ئەيلىدىڭ،
ھەر كۈرەشتە كۆزلىرىنى ياش ئەيلىدىڭ،
بىرلىكەپىنىڭ ھۇلىنى كاڭ تاش ئەيلىدىڭ،
بىر ئۆگەندۇق سېنىڭ تۇتقان سىياسىتىڭنى.

ھەممىگە تەڭ كەلدى بۈگۈن دەرد بىلەن غەم،
چارە يوقتۇر باشقا چۈشتى ئېغىر ئەلەم،
تارىخىڭنى يازار ئەمدى ئالتۇن قەلەم،
ھۆرمەت بىلەن ساقلايمىز بىز ئامانىتىڭنى.

تېنىڭ كەتتى، لېكىن روھىڭ بىزگە يولداش،
ھەر سائەتتە، ھەر مىنۇتتا، ئىشتا قولداش،
مەيۈسلەنمە، سەن ئېلىڭدىن، ئەي ۋەتەنداش،
ھېچ بۇزالماس شەيتان سېنىڭ ئىمارىتىڭنى.

بوشقا كەتمەس بىزنى قىلغان تەربىيىتىڭ،
قۇلاقتا بار سېنىڭ قىلغان نەسىھىتىڭ،
ئورۇندىلار ئەلگە قىلغان ۋەسىيىتىڭ،
ئۆزەڭ شۇنداق ئۆگەتكەندىڭ جامائىتىڭنى.

قانمىغاندى خەلق سېنىڭ جامالىڭغا،
تەشنا ئىدى يەنە كۆپلەر نېھالىڭغا،
يەتكۈزمىدى پەلەك سېنى كامالىڭغا،
ئاڭلاش ئۈچۈن مۇشتاق ئىدۇق پاساھىتىڭنى.

ئەي ، نىمشېھىت، دۇنيادا ھېچ كامال بارمۇ؟
مەرسىيەدىن ئۆزگە ئىشقا ماجال بارمۇ؟
سەبىر دېمەي بۇ قىسمەتكە ئامال بارمۇ؟
قەدىردانغا يوللا بۈگۈن ۋاكالىتىڭنى.

(«ئالغا» گېزىتى، 1949 - يىلى 5 - نويابىر سانىدىن.)

## ئورماندىن گۈلباغ

(ئورمانباغ جەڭچىلىرىگە بېغىشلاپ)

ئىلاھا، مېھرىبان تەڭرىم، بۇ ئەسكەرلەرنى قىلغىل شاد،
قىلىپسەن ئۇشبۇ جاڭگالنى ئۆزەڭ قۇدرەت بىلەن بۇنياد.
مۇقەددەس بۇ ۋەتەنىنىڭ كەڭ يېرىنى پاك ئېتەرمىز دەپ،
يىگىتلىك باش كۆتەرگەن ھەممە ئوغلانلارغا قىل ئىمداد.
چىقىبان ئىنقىلابىنىڭ مەركىزى ئول غۇلجا شەھرىدىن،

ئورۇنلاشقان يېرىدۇر يەنسەخەينى ئەيلىبان ئاباد.
بۇلار تۇرغان مۇبارەك جاي ئېقىندۇر، كونا سۇ ئاققان،
بۇ يەرگە ئۆي قېزىشتا ھەربىر ئەسكەر بولدى بىر پەرھاد.
بۇ يەر جاڭگال ئىكەن ئادەم ئاياغى يەتمىگەن ئاۋۋال،
سايا ھەتتا ئەگەر جىن كەلسە ھەم ئەيلەر ئىكەنمىش داد.
بۇ ئەسكەرلەر جاسارەتتە كېلىپدۇر ئۇشبۇ ۋادىغا،
زېمىننىڭ تەكتىگە نۇرغۇن ئىمارەتلەر قىلىپ ئىجاد.
شەھەرنىڭ زىبۇ - زىننەتلىك ئۆيىدىن بەلكى ئارتۇقتۇر،
قەۋەت ئەينەكلىك ئۆيلەر ھەم بۇنىڭ ئالدىدادۇر بەرباد.
بۇ جاڭگال ئەسلىدە دەھشەتلى جاي دەپ نام كۆتەرگەندى،
بۇخىل ئەپسانىدىن ئەل ئاغزىدا ئىزھار ئىدى پەرياد.
بۇرۇن جىنلار بۇ جايدىن «ئەلھەزەر» دەپ قورقىشار ئېردى،
شاياتۇن ئۆتسە ھەم «ئەستەغفىرۇللا» نى قىلاتتى ياد.
بۇ جايغا توپلىشىپ ئەسكەر ئەل سەھرا، ۋەتەننى دەپ،
تامام ياۋۇز رەقىبلەرنى يېڭىشكە قىلدى قەسەمياد.
شۇنىڭچۇن ئەل، ۋەتەن، مىللەتنى دۈشمەندىن قۇتۇلغاي دەپ،
جاھاد قىلماقنى ئالدى گەردىنىگە قەھرىمان ئەۋلاد.
تونۇلدى جەڭ ئارا پالۋان، باھادىر جەڭچىلەر داڭقى،
بولۇپ توشقان كەبى دۈشمەن، ئۇلار بولدى گويا سەيياد.
شەرەپلىك، ئىنتىزاملىق، قەھرىمان، غەيرەتلىك ئەسكەرلەر،
مۇقەددەس، پاك ۋەتەننىڭ كەلگۈسى سىلەر بىلەن ئاباد.
ۋەتەن دەپ ئائىلە، دوست - يار ۋە ھەممە خانۇ - مالىدىن
كېچىپ بۇ چۆلدە ياتقان غازىلار ئەلنى قىلۇر ئازاد.
قۇرۇق كەلگەچ خىجىل بولدۇم، لېكىن بىر ئاز غەزەلخانەن،
شۇڭا ياڭراق غەزەلىمنى ئېلىپ كەلدىم، قىلىپ سوغات.
ئىشىڭلار خەيرلىك بولسۇن، تىلەك - مەقسەت ئورۇندالسۇن،
سۆيۈملۈك دوستلىرىم، سىزگە بۇ ئەشئار نىمشېھىتتىن ياد!

1946 - يىلى 7 - مارت، يەنسەخەي.

(«ئالغا» گېزىتى، 1946 - يىل 26 - دېكابىر سانىدىن.)

## قارلىق①

ھەمدۇ سانايى بىئەدەد ئول خالىقى پەرۋەردىگار،
رەھمەت بىلەن قار ياغدۇرۇپ پەزلىنى قىلدى ئاشكار.
خەللاقۇئالەم قۇدرىتى يار بولسا يامغۇر ياغدۇرۇپ،

① شائىر بۇ شېئىرىنى 1944 - يىلى كاچكوزدە يېزىپ، ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ تارقاتقان.

يەر، كۆك، دەرەخلەر كۆكلىتىپ، چۆللەرنى قىلدى نەۋباھار.
قىش بولسا ئالەم چۆل بولۇر، ئاسمانۇ - يەر يەكسان بولۇر،
چۆللەرنى بوستان قىلغىلى قادىر ئىگەم ياغدۇردى قار.
قار ياغسا گەر بۇ يۇرت ئارا، رەسمىي بولۇپدۇر قائىدە
بىر - بىرگە قارلىق تاشلىماق ئادەت قەدىمدىن بارۇبار.
پەسلى زىمىستان ۋاقتىدا بەزىم ئەيلەسەك دەپ ئارزۇ،
غەم - غۇسسىنى دەپئ ئەتكىلى دوست ۋە ياران قارلىق يازار.
بىر تاشلىدۇق قارلىق يېزىپ، بەزم ئەتسىلە ئىززەت قىلىپ،
دۇشمەنلىرى ھەسرەت قىلىپ، قان يىغلاسۇنلەر زار - زار.
غەم قىلمىغىز كۆپ قايغۇرۇپ، جابدۇق ھەمە تەييار ئېرۇر،
مىڭ شۈكرى ئالەم توقچىلىق، ھەر نەرسىلەر كەڭ - كەڭرى بار.
قوتاندا قوي، ئامباردا ئۇن، ساندۇقتا پۇل، خىزمەتچى ھەم،
لازىمىلىقىدۇر يەل - يېمىش، قەندۇ - شەكەر بازاردا بار.
چەينەكتە چاي، پەتنۇستا نان، زىختا كاۋاپ، خۇندا گېزەك،
مايلىق توقاچ، تاكبوبىلار ھەم راسلىنىپ تۇرسۇن قاتار.
تاربۇز، قوغۇن، ئالما، ئانار، ئەنجۇر بىلەن ھەم نەشپۈتە،
بادام، ئۈزۈم، پىستە، مېغىز ھەرقايسىدىن تۈت - بەش تاغار.
نەغمە - ناۋا بولسا كېرەك ئەسبابلىرى ھازىر ئىكەن،
قالۇن، ساتار، تەمبۇر، غىجەك، سۇرناي، راۋاب ھەم داپ - دۇتار
مەجلىسكە زىننەت بەرگىلى بىر دىلبىرى رەنا كېرەك،
شوخلۇق قىلىپ ھوش ئالغىلى بەزم ئەھلىدىن بى ئىختىيار.
ساقى بولۇپ مەجلىس ئارا، چاي تۇتسا ئول نازۇك بەدەن،
رەقس ئەيلەبان بەزم ئەھلىنى ھەردەم قىلۇرلەر بىقارار.
مەقسەد يېمەك - ئىچەك ئەمەس، ئەسلى مۇھەببەتنىڭ ئىشى،
دىلدا مۇھەببەت بولمىسا، بۇ تەن دېگەن نە ئېتىبار.
بەزم ئەيلەمەك كەلسە ئېغىر ھەم بار ئاگا قىلماق ئىلاج،
پەھىم بىرلە قارلىق ئېلىپ بارغان كىشىنى چىڭ تۇتار.
ئۆز قارلىقىنى تۇتتۇرۇپ، ياندۇرسا ئۆيگە ئۇقتۇرۇپ،
ئىككى يۈزىگە رەڭ بېرىپ، زىننەتلىسۇن خۇددى ئانار.
بۇ ئىشنى ھەرگىز قىلمىغاي ھىممەت بەلەند بولغان كىشى،
غەيرەت قىلىپ بەزم ئەيلىگەي، بۇ ئىشنى بىلگەي ئىپتىخار.

**نەشرىگە تەييارلىغۇچى: تۇرسۇن زېرىدىن.**

# مۇسا سايرامى شېئىرلىرىدىن ①

## قىشنىڭ كۈنى ئوت

ئوتنىڭ رەڭگى قىش كۈنى گۈلشەندە گۈل پۈتكەنچە بار،
«هور - هور» ئەتكەن نالىسى بۇلبۇل سادا ئەتكەنچە بار.
ئول ئىسسىق ئوتكىم ھەمىشە ئوچاقىدا دەم ئۇرار،
ياز ئەييامىدا گويا باغ ئىلە بوستانچە بار.
تۇرسا ئاتەشدانىدا چوغلار رەقس ئۇرۇپ، تابان بولۇپ،
نازىنىن مەھۋەشلەر ئوتلۇق چېھىر كىرگۈزگەنچە بار.
ئوت يۈزىنى توسسا ئۇچقۇن، دىلرەبا مەھبۇبىلەر،
ئاتەشىن ئارەزگە نازۈك پەردىنى ياپقانچە بار.
ئاقتۇرۇپ باقىقاندا كۈلنى چىقسا گەر بىردانە چوغ،
ئاشىقى دىلخەستىلەرگە خەندەئى جانانچە بار.
ئوت تۇتاشقان چاغدا ئۆرلەپ موربىدىن چىققان تۈتۈن
تىرە ئاھىن ئىشق ئەھلى گەردۇن سەرى ئاتقانچە بار.
ئوت كۆيۈپ تۇرغانىدا گاھ بىر ھەزىن ئاۋاز ئېتەر،
مەشرەپ ئەھلى نەغمىسى تارىنى ساز ئەتكەنچە بار.
پايەلىق مەجمەر بىلە كەلتۈرسە ئوت مەجلىس ئارا،
تەخت ئۈزە زىننەت بېرىلگەن بىر مەھى تابانچە بار.
ئوت ھارارەتتىن قىزارتىپ چېھرىنى گۈلگۈن قىلار،
بادە تابىدىن قىزارتىپ، رۇخسار ماھ ئەتكەنچە بار.
ئوتقا خەس چۈشكەندە ئۆيدە ئايلىنىپ بولغاي تۈتۈن،
شالى دەستارىن يىگىتلەر باشىغە چالغانچە بار.
بارچە ئەتراپى كۆيۈپ، ئوتى ئۆچۈپ قالسا كۆيۈك،
باش تۆۋەن سالىپ تەۋەججۇھ تاشلىغان ئىشانچە بار.
بۇ زىمىستان شىددەتى يەتكەندە كەلتۈرگەن ئوتۇن
كۆرگىلى مۇشتاق ئىكەندە، مېھمانى كەلگەنچە بار.
سەندەل ئىچرە پۈت سۇنۇپ ئولتۇرسالەر پىرى زەئىب،

① شائىرنىڭ بۇ شېئىرلىرى «تارىخى ئەمنىيە» ناملىق ئەسەرىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىگە قوشۇمچە قىلىنغان. — تەھرىر.

تەختى ئىززەت دەۋلەتى ئەمىر تىمۇر كورگانچە بار.
مۇزلىبان تىترەپ گەرەخ ئالغاندا ئۇچراشقان جىلاۋ
دوزاخ ئەھلى داخىل ئولغان جەننەتى رىزۋانچە بار.

## پاتقاقتىن شىكايەت

ياغدى يامغۇر، بولدى پاتقاق، ماڭغىلى بولماس يایاق،
بۇ پېتىق بىرلە بۇ يامغۇردىن يۈرەلمەس ئات - ئۇلاق.
ئۆستەڭ ئولدى كوچىلار، ئەنهار بولۇپ ھەربىر ئىشىك،
ئاسمان تۆبى تېشىلدى، يا زېمىن بولدى بۇلاق.
سولۇقۇپ ئۆي ئىچرە بىز، ئاسان ئەمەس چىقماق كىشى،
شاھنى مات ئەتكەن كەبى روخ①، چوڭ - كىچىك بولدۇق قاماق،
مۇشكۇل ئولدى كوچىغا چىقماق زۆرۈر ھاجەت ئۈچۈن،
چىقسا ناگاھ بۇ پېتىقنىڭ زەربىدىن بولار چولاق.
سەبرى قىلماي چارە يوقتۇر بۇ پېتىقنىڭ ئەيىبدىن،
ئەز قازا چىقسا تالاغا يىقىلۇر «پالاق - پالاق».
سۈت بىلەن قايماق، ئوتۇندىن نائىلاج بولدى خوتۇن،
گۆش - ياغ ئالماق مۇيەسسەر بولمىدى ھەم سەرچىراق.
باش چىقارماق مۇمكىن ئېرمەس ھېچ ئىشىكتىن بىر كىشى،
قامىلىپ ئۆيلەردە بىز قالدۇق جامائەتتىن يىراق.
قەترە - قەترە ئۆتتى تامچە ھەم يىقىلدى كۆھنە تام،
چىنە - چۆچەكلەر سۇنۇپ، قازان، قوشۇق بىرلە تاۋاق.
ھۆل بولۇپ كېگىز - بىسات، بەلكى يەنە ئوتۇن - ياغاچ،
ئاش پىشۇرماق، ناننى ياپماق ھەم غىزا بىرلە ساباق.
دىل ھاۋا ياڭلىغ تۇتۇلۇپ، قوزغىلىپ سەۋدا كېسەل،
دەفئىگە لازىم ئىدى ئۇلپەت ئىنىز بىرلە ھاساق.
بۇ سەبەبدىن كوچىدا ماڭماق مۇيەسسەر بولمىغاچ،
مۇشكۇل ئولدى ھال سوراش ھەم بىر - بىردىنى يوقلىماق.
بولغان ئېردۇق نەچچە كۈن لال بۇ نەسىم باراندىن،
ساقلىغىل دەردۇ بالادىن سەن ئۆزۈڭ، ئەي ھەييۇ - تاق.
بولدى دېھقان خىرمانى ھۆل ھەم ئېتىزدا ئۈنچىسى،
كۆك يېغىننىڭ دەستىدىن ھەم يوقالىپ قوغۇن - قاپاق.
كېچە - كۈندۈزلەپ يېغىپ، ئالەم قارار ئالماس نەپەس،
ئاسراغىل ئاپەت - بالادىن، بەندىنىڭ ھالىغا باق.

① شاھمات ئويۇنىدىكى شاھ ۋە روخ (پىل) كۆزدە تۇتۇلدۇ.

باش قاتىبان، ئۇچتى ئەقىل، ھەممىمىز بولدۇق گەرەخ،
مۇز تەر ئۇلدۇق، يائىللاھا، ئەمدى تاقەت بولدى تاق.
ماۋەمەنلىك پاتقاغىدا چوڭ - كىچىك لايغا پېتىپ،
ئەسلا غەپلەت لايىدىن بىز چىقمادۇق سەكرەپ يىراق.

بولمىغاچ زارۇ تەزەرۇ بىرلە يۇرت ئەئيانلىرى،
رەھمەتى يەكلىغ غەزەپنى نازىل ئەتتى ئۇل خەللاق.
قاتتىق ئۇلدى كەمبەغەل، بىچارە، غېرىبلەر كۆنى،
ئاچ - يالاڭلار ئاچقا ئۆلسە، غەم يېمەسلەر توق قوساق.
بىرنى ئاجىز، بىرنى غاپىل، شاھ - گادا قىلدى پەلەك.

بىز ئەگەر سەبرى ئەيلەسەك نۆبەت بىلە تۇتار ئاياق.
سەن بېرىپ نۇسرەت، خۇدايا، نەپسى كاپىر ئۈستىگە،
ئەجەب ئېرمەس مەغفەرەت قىلساڭ تېخى ۋاقتى - سوراق.

**نەسىھەتنامە**

ئاتادىن يادىكار، نەمۇنە ئوغلۇم،
قۇلاق سالىڭ بالام، سۆزۈمگە ئوغلۇم.
ھارامۇ - شۇبھەلەردىن پەرھىز ئەيلەڭ،
ئۆزىڭىزدىن ئۇلۇغقە ھۆرمەت ئەيلەڭ.
مابادا سۆزنى قىلساڭ قىل تەپەككۇر،
كى ئالدى - ئارقىسىنى قىل تەسەۋۋۇر.
كۆڭۈلگە كەلدى دەپ تىلىڭغا ئالما،
يەنە ئاش كەلدى دەپ ئاغزىڭغا سالما.

تىلىڭىزدىن تىكەننى ساچمىغايسىز،
دىلىڭىزغا ناپاكنى ئالمىغايسىز.
تېرىككەك يا زېرىككەك بولمىغايسىز.
كۆڭۈلچەك ھەم سۆيۈنچەك بولمىغايسىز.
ئۆزىڭىز ئىشلەمەكتىن ئار قىلماڭ،
كىشىنى تاشلىبان ھەم خار قىلماڭ.
ئۆز ئىشىنى ئۆزى قىلمىغانلار،
بولۇرلەر ئاقىبەتتە خارۇ - زارلار.
سەبەب قىلغان كىشىنىڭ قورساقى توق،
سەبەبتىن قالسا قالۇر ئاغزى ئوچۇق.
ئاتاڭدەك نەپسى سەگكە بولما تابە،
بىلىڭنى باغلا مەھكەم، بولما تامەئ.

تەۋەززۇ - پىشە بولغىل، بولما ئۈستۈن،
تەكەببۇردىن بېشىڭنى قىلما ئۈستۈن.
يەنە كۆپنىڭ ئىچىدىن چىقمىغايسىز،
تېخى يەنە ئەلدىن ئايرىلمىغايسىز.
كى ئەل بىرلە ئۆلۈم يۈزلەنسە سىزگە،
بىلىڭ توي - مەرىكە ئەلبەتتە سىزگە.
خىتابنى مەن قىلىبدۇرمەن بالامغا،
ۋە لېكىن بۇ سۆزۈمدۇر خاس ئامغا.

جاھاندا كىم كىشىنىڭ بالىسى يوق،
بالا - پەرزەنتى يوققا ھەم سۆزۈم يوق.
ھەممە پەرزەنتى بارلار ماڭا ياردۇر،
لېكىن بالىنىڭ كۆپ غېمى باردۇر.
باقارلەر بىر ئاتا نەچچە بالانى،
باقالماس نەچچە پەرزەنت بىر ئاتانى.
ئاتا بىرلە ئانادەك تۇغقان تېپىلماس،
تېرىغان بىرلە يەرگە ھەرگىز ئۈنمەس.
ئاتا بىرلە ئانانىڭ قەدرى يوقتۇر،
بۇلارنىڭ قەدرىنى بىلگەنلەر يوقتۇر.
قەدىمدىن ئادەم ئوغلى پىئلى بۇدۇر،
ئۇلارنىڭ قەدرىنى بىلمەي كېلىپدۇر.

كى بۇغداي تېرىغان بۇغداي ئالۇرلەر،
كى ئارپا تېرىسا ئارپا ئالۇرلەر.
جاھاندا ياخشىلىق ئەسلا تېپىلماس،
يامانلىقتىن ئىش ئىلگىرى باسماس.

سۆزۈڭنى قىسقا قىل، ئەي موللا مۇسا،
گۇناھىڭنى كەچۈرگەي ھەقتەئالا.
دېگىل ئۈچيۈز يىگىرمە بەش مۇڭا يىل ①
يەنە باردۇر تېخى مىڭ، ئۈستىگە بىل.
(«ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى 81- يىللىق 2 - سانىدىن.)

**بۇھەجەر ئارمىيە ئېلى**

## سېغىندىم

«سېغىندىم مەن، سېغىندىم مەن، سېغىندىم»
شائىر ئاتام نىمشېھىتنى سېغىندىم.
قەلبى گۈلخان، ئۆزى قەيسەر، ئوت يۈرەك،
مەرىپەتنىڭ مەشئىلىنى سېغىندىم.

ئالدى سېنى ئۆز قوينىغا قارا يەر،
قالدى يىغلاپ يالغۇز قىزىڭ بۇھەجەر،
ۋاقتسىزلا ئايرىلغاچقا سېنىڭدىن
ئاتىلىق مېھىر - شەپقىتىڭنى سېغىندىم.

قارا بولۇت باسقان ئاشۇ زاماندا،
تۇرالمىدۇق بىر تۇغۇلغان ماكاندا،
پالاندۇق بىر چۆلتاغ باغرى جاڭگالغا،
شۇندا يۈرگەن ئىزلىرىڭنى سېغىندىم.

ئۆي - ماكاندىن ئايرىلىپ بىر خارلاندۇق،
مۇزات دەريا بويلىرىغا پالاندۇق،
ئۈچ كۈنگىچە تاغ باغرىدا جاڭگالدا
شەمشات كەبى تۇرغىنىڭنى سېغىندىم.

بىر كۈنى سەن دېدىڭ شۇنـدا: «— ماڭ
قىزدىم،
قالسۇن بۇندا مېنىڭ باسقان يول - ئىزدىم.»
سەيلى قىلدۇق گۈلچىمەنلىك ۋادىنى،
خۇش تەبەسسۇم گۈل چېھرىڭنى سېغىندىم.

كېزىپ دەشتنى، يېتىپ باردۇق بىر باغقا،
نە باغكى ئۇ، پايانى يوق ئوتلاقلا.
مال - ۋارانلار غاجاپ، نابۇت قىلىنغان—
باغ ئۈچۈن ئاھ ئۇرغىنىڭنى سېغىندىم.

پەرۋىش قىلدىڭ ئاشۇ باغنى شۇندا سەن،
بولدۇڭ ئۆزۈڭ مېھرى ئىللىق بىر باغۋەن،
ئەل قەلبىگە نەقش بولۇپ ئويۇلـغان
ساخاۋەتلىك ئەمگىكىڭنى سېغىندىم.

ئۆيگە بېرىپ ئارام ئالماي شۇ كەچتە،
سىزىپ چىقتىڭ باغقا ئاتاپ خەرىتە.
«سېكرىتارغا سۇناي بۇنى ئەتىلا»
دېگەن ياخشى تىلىكىڭنى سېغىندىم.

مەنمۇ بولدۇم ئاشۇ باغنىڭ باغۋىنى،
كۆچەت چاتاپ، پەرۋىش قىلدۇق ھەركۈنى.
«مېۋىسىنى كۆرۈپ ئۆلسەم نە ئارمان»—
دېگەن ئوتلۇق ئارمىنىڭنى سېغىندىم.

داۋام قىلدى بۇ ئىشىمىز بىر ئايچە،
قالمىدى كۈچ - مادارىڭمۇ ھېچقانچە.
لېكىن روھىڭ تېتىك، ئۆزەڭ ئۈمىدۋار،
تىنىم تاپماي يۈرگىنىڭنى سېغىندىم.

① بۇ ئىككى مىسرادىكى رەقەملەر ھىجرىيىنىڭ 1325 - يىلىنى (مىلادى 1905 - يىلىنى) كۆرسىتىدۇ. — تەھرىر.

چىقتى بىر كۈن ناھىيىدىن چاپارمەن،
يالغان بىلەن ئابروي، شۆھرەت تاپارمەن؛
ئۇلار سېنى كۆرەش - پىيپەن قىلغاندا،
مەزمۇت تۇرغان قامىتىڭنى سېغىندىم.

«سىزغانلىرىڭ خەۋەرلىشىش بەلگىسى،
سەن داشقالىنىڭ ئۆزگەرمەيدۇ كالىلىسى» —
دېگىنىدە قارا قورساق چاپارمەن،
قەھقەھ ئۇرۇپ كۈلگىنىڭنى سېغىندىم.

داۋام قىلدى توختىماستىن بۇ كۆرەش،
بولمىدى ھېچ سەندە قورقۇش، ئەنسىرەش.
يىقىلدىڭ سەن جىسمىڭ چىداش بېرەلمەي،
ئورۇن تۇتۇپ ياتقىنىڭنى سېغىندىم.

ئېغىرلاشتى كۈندىن - كۈنگە كېسەللىك،
شۇندىمۇ سەن پارتىيىنى ئەسلىدىڭ.
كېچە - كۈندۈز «ھەقىقەت» دەپ ياتتىڭسەن،
شۇ ئۈمىدۋار خىسلىتىڭنى سېغىندىم.

مىڭ توققۇز يۈز يەتمىش ئىككىنچى يىلى،
ئاۋغۇست ئېيىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى،
سەھەر ۋاقتى ۋىدالاشتۇق سەن بىلەن،
ۋىدالاشقان ھالىتىڭنى سېغىندىم.

ئايرىلىشنىڭ ئوتى ئەزدى يۈرەكنى،
خازان قىلدى ئەڭ ئاخىرقى تىلەكنى.
ئېقىپ چۈشتى كۆكتىن شۇدەم بىر يۇلتۇز،
سېنىڭ يورۇق يۇلتۇزۇڭنى سېغىندىم.

چۆلتاغ باغرى يولغۇنلۇققا كۆمۈلدى،
بۇنى كۆرۈپ يۈرەك - باغرىم مۇجۇلدى.
قەۋرىستاندا قويسا «زەھەر» چاچارمىش،
بۇنى ئاڭلاپ پاك جىسمىڭنى سېغىندىم.

ئۇزۇن ئۆتمەي ياتتى ئاغرىپ ئانامۇ،
چىرايىغا تەڭ كېلەلمەس سامانمۇ.
تۆت يىل ئۆتۈپ كەلدى يەنە مۇسىبەت،
زار - زار يىغلاپ، ھەر ئىككىڭنى سېغىندىم.

پاچاقلاندى تۆت چايانىڭ پەيكىرى،
كۈتكەن كۈنلەر يېتىپ كەلدى ئاخىرى.
جەسىتىڭمۇ كۆچۈپ كەلدى مازارغا،
سەۋر قىلىپ ياتقىنىڭنى سېغىندىم.

يوقلاپ كەلدى قەلەمداشلار قەۋرەڭنى،
سۆزلەپ بەردى تۆھپەڭ بىلەن غايەڭنى.
بىلدۈرگەندە ئۇلار ساڭا ئېھتىرام،
كۆمۈلمەس شان - شۆھرىتىڭنى سېغىندىم.

دەيتتىڭ: «بۇ كۈن بۇنداق ئۆتۈپ
كەتمەيدۇ،
شۇم نىيەتلەر مۇرادىغا يەتمەيدۇ؛
بار جاھاندا ھەربىر ئىشنىڭ ھېسابى»
دېگەن دانا ھېكمىتىڭنى سېغىندىم.

تىنچ ياتقىن، ئەزىز ئاتا قەۋرەڭدە،
ئۈمىد ئوتى ياندى قىزىڭ، نەۋرەڭدە،
ۋەتەن بېغى بولدى بۈگۈن لالىزار،
بۇ باغدىكى كۈيلىرىڭنى سېغىندىم.

ئىدرىس بارات

# ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشنىڭ ئالدى-كەينىدە

(ھېكايە)

ئىدارە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بارات ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ خېلى بىركەمگىچە بۈگۈنكى يىغىن توغرىسىدا ئويلاپ سەل ئارامسىزلاندى، بۇنىڭغا ئۇلىشىپ يېقىندىن بۇيانقى بىر قاتار ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر كادىرنى مۇھەمراق بىر ئورۇنغا ئۆستۈرۈشنىڭ نە قەدەر تەس ئىكەنلىكىنى مۇشۇ قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئادەتتە كادىرلار ۋە ئامما ياخشى ئۆتۈشكەندەك قىلىدۇ، لېكىن بىرەرسىنى ئۆستۈرۈش توغرىسىدا پىكىر ئېلىنىسىلا ئۇ كىشى توغرىسىدا گەپ-سۆز كۆپىيىدۇ، ھەرخىل سۆز-چۆچەكلەر تارقىلىدۇ، بۇ يۇقۇرىنىڭ بىر قارارغا كېلىشىگىمۇ توسالغۇ بولىدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر ھازىر ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ داۋاملىق شۇ ئورۇندا كونا ئۆتكۈزۈشگە رازى بولىدىكى، خىزمەتتە جۈرئەتلىكرەك، ياش-كادىرلارنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئانچە ئاسان قوبۇل قىلالمايدۇ. بۇ قېتىمقى رەھبەرلىك بەنزىنى تەكشۈرۈشتىن ئىلگىرى، ئاممىنىڭ رايىنى سىناش ئېلىپ بېرىلغاندا، بارات بۇ مەسىلىنى ئېنىق ھېس قىلدى، بولۇپمۇ ئىخلىم مەسىلىسىدە بۇ ئىدارىدىكى خېلى كىشىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ چۈشەندى. ئىخلىم بۇ ئىدارىدىكى كەسپى بۆلۈمنىڭ كادىرى بولۇپ، 60-يىللارنىڭ بېشىدا ئالىي تېخنىكومنى پۈتتۈرۈپ بۇ يەرگە تەقسىم قىلىنىپ كەلگەنىدى. ئۇ كەسپكە پىششىق ۋە قابىلىيەتلىك بولغاچقا كەسپكە ئائىت نۇرغۇن ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش كۆرۈلەتتى. بىراق، ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە كەلگەندە، ئۇنى ئىشلىتىشتە ئاكتىپ بولغانلار ئۇنى قوللاشتا ئاكتىپ بولالماي قالدى. ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان ئەيىب بىرلا: «ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدۇ». شۇجىنىڭ ئۇقۇشىچە، 70-يىللارنىڭ ئاخىردا، ئۇنى پارتىيىگە قوبۇل قىلىشتىمۇ بىر قىسىملار شۇنداق ئىللەت ئارتقان ئىكەن.

بۇ قېتىم رەھبەرلىك بەنزىنى «تۆتلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە تەكشۈرۈش ئالدىدا، كادىرلار بۆلۈمى بىر قاتار تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردى، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش چارىسى بىلەن ئاممىنىڭ رايىنى سىناش

سايلىمى ئېلىپ باردى. لېكىن، نەتىجىدە، كۆپرەك ئاۋازغا ئېرىشكەنلەر يەنىلا كونا بەنزىدە ئۇزۇن يىل ئىشلىگەن، ئادەتتە قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، ئەمما كىشىلەرنى رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر بولدى. بۇ ئەھۋال باراتنى ئويغا سالدى. «بۇ قانداق ئىش؟ مەن بۇ ئىدارىگە كەلگەن 4 يىلدىن بۇيان، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىرىم، ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانلىرىم ئەجەبا يالغانمىدۇ؟ ياق، بۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك، ئاممىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە. مەن قاراپ تۇرۇپ ياخشىنى يامان، ئاقنى قارا دېمەسلىكىم كېرەك. بىراق، نېمە ئۈچۈن قابىل كادىرلارنى ياقلايدىغانلار ئاز؟ ئادەتتە ماڭا ئىنكاس قىلىنغان ئەھۋال بىلەن بۇ قېتىمقى ئاممىنىڭ رايىنى سىناشنىڭ نەتىجىسى نېمىشقا ئوخشاش بولمايدۇ؟» شۇلارنى ئويلىغان بارات ئۆزى ئوتتۇرا قاتلام كادىرلىرى ۋە بىر قىسىم ئامما بىلەن بىۋاسىتە سۆزلىشىپ، ئەھۋالنى چوڭقۇرراق چۈشىنىش نىيىتىگە كەلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ھەر تەرەپلىمە كۆزىتىشىگە ئاساسەن، بۇ قېتىم ئىخلىمنى ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈشنى نىيەت قىلغانىدى. لېكىن، ئاممىنىڭ رايىنى سىناشتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن ئاۋاز سانى ئاز چىقتى. بۆلۈم دەرىجىلىك كادىرلاردىن يېرىمى دېگۈدەك ئۇنىڭغا قوشۇلمىدى، بىر قىسىملار «تەشكىل ئۆستۈرمەن دېسە، باشقا پىكرىمىز يوق» دەپ، «بىتەرەپ» بولىۋالدى. قوشۇلمايدىغانلارنىڭ پىكرى: «ئىخلىم ئادەم ياراتمايدۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئامما يوق، رەھبەرلىك يوق، ئۆزىلا بار» دېگەندىن ئىبارەت بولدى. بارات شۇ خىل پىكىردىكىلەردىنمۇ ئەھۋال ئىگىلەپ كۆردى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقتى، ئۇلار ياش جەھەتتىن چوڭ، ستاژى ئۇزۇن، قابىلىيىتى تۆۋەن، ئەمما ئاممىۋى مۇناسىۋەتتە ياخشى كادىرلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىخلىمنى ياقلىماسلىقتىكى غەرىزى ھەرخىل، بەزىلىرى، ئۆزىنىڭ ئۆستۈرۈلمەي قېلىپ، ئۆزىدىن ياشراق، ياكى ئۆز قول ئاستىدىكى بىرسىنىڭ ئۆزىدىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىشىغا قايىل بولماسلىقتىن ئىبارەت ئىدى، يەنە بەزىلىرى، باراتنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ: «سىز ئۇنى ئىدارە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈپ قويسىڭىز، ئەتە ئۆگۈن ئۇ سىزنىمۇ بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ» دېيىشتى. بارات بۇنىڭدىن شۇنى ھېس قىلدىكى، ئەگەر ھەممە كىشىدە خىزمەتنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى بولىغىنىدا، مەسىلە بۇنداق مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن بولاتتى. مۇبادا، ئاشۇ ياخشىچاقلاردىن بىرىنى تاللاپ ئىدارە باشلىقى قىلىپ قويسا، بۇ مەسىلە ئاسانلا ھەل بولاتتى، بىراق ئۇ قاراپ تۇرۇپ ئىدارە خىزمىتىنىڭ ئاقسىشىغا يول قويغۇسى كەلمىدى. باراتنىڭ ئىخلىمنى ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈش ئىرادىسى بارغانسېرى چىڭىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئىدارىدا 30 ئائىلىلىك ياتاق بىناسى پۈتكەن بولۇپ، ئۆيلەرنى تەقسىم قىلىش توغرىسىدا مەمۇرىيەت ئىككى خىل لايىھەنى ئوتتۇرىغا قويدى، بىرىنچى لايىھە، بۇ 30 ئائىلىلىك ئۆينى ھازىر ئۆي قىيىنچىلىقى بار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى رەتكە تۇرغۇزۇپ، نوپۇسىنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە، ستاژىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىغا قاراپ تەقسىم قىلىش؛ ئىككىنچى لايىھە، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، ۋەزىپە ۋە ئۇنۋان دەرىجىسىگە قاراپ تەق-

سىم قىلىش.

بۇ ئىككى لايىھە ئىدارە خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا كەسكىن غۇلغۇلا قوزغىدى. تېخنىكا ئۇنۋانى بارلار ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا ياشلىق زىيالىلار 2 - لايىھەنى ياقلاپ، ئۆيلەرنى شۇ پرىنسىپ بويىچە تەقسىم قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. كۆپ سانىدىكى خىزمەتچىلەر بولسا بىرىنچى لايىھەنى ياقلىدى. ئىخلىمنى ئۆستۈرۈشكە قوشۇلمىغان ئادىل قاتارلىق تۆت نەپەر بۆلۈم باشلىقى بولسا، بۇ پەيتتە ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا چىقسا ئاممىنىڭ كۆزىگە يامان كۆرۈنۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ (ئۇلار ئەزەلدىن مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئىشنى ئەپلەپ كەلگەنىدى)، ئىخلىمنى ئوتتۇرىغا چىقاردى: سېنىڭ بۇ قېتىم ئۆي ئېلىش تەلىپىڭ يوق، سەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىر ئۇچۇن گەپ قىلىپ قوي، دېيىشتى. بۇنداق چاغلاردا، ئىخلىم ئۆز پايدا - زىيىنى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيتتى. شۇ كۈنى ئىخلىم ئىشتىن چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىدا بارات شۇجىغا يولۇقۇپ قالدى - دە، ئۇنىڭدىن:

— بۇ قېتىمقى ئۆي تەقسىماتىدا سىز قايسى لايىھەنى ياقلايسىز؟ — دەپ توغرىدىن - توغرا سورىدى. شۇجى:

— ھازىر ئىدارىدا غۇلغۇلا كۆپىيىپ كېتىپتۇ، مېنىڭچە، ئۆينى كەڭ ئاممىنىڭ پىكرىنى نەزەرگە ئېلىپ، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ تەقسىم قىلىش كېرەك، مەن بىرىنچى لايىھەنى لايىق كۆردۈم، — دېدى.

— ئانداقتا، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىنى قانداق چۈشىنەدۇرسىز؟ — دەپ سورىدى ئىخلىم.

— يۇقىرىنىڭ سىياسىتىنىمۇ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىجرا قىلىشىمىز كېرەك، ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، — دېدى شۇجى.

بۇ چاغدا، ئىشتىن چۈشكەن بىر توپ ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ قالغانىدى. ئىخلىمنىڭ يۈز - خاتىرە قىلمايلا ئۆز كۆز قارىشىنى شەرھىيلەيدىغان كونا مىجەزى يەنە قوزغالدى.

— يۇقىرىنىڭ تۇرالغۇ جاي ئۆلچىمى توغرىسىدىكى ھۆججىتى — كادىرلارنىڭ ۋە ئاممىنىڭ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى كونكرېت بەلگىلىمە، ئۇنى ئۆز ئەينى ئىجرا قىلىش كېرەك، بولمىسا، ئىدارىدا ئۆي جوداسىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ، ھازىر سىز 60 كۋادرات مېترلىق ئۆيلەرنى ئادەتتىكى كادىرلارغا، ئىشچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، بۆلۈم دەرىجىلىك ۋە ئۇنۋانى بار زىيالىيلارنى 40 كۋادرات مېترلىق ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋەر، دېسىڭىز، يۇقىرىنىڭ سىياسەت، بەلگىلىمىسىگە ئۇيغۇن بولمايدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۆي مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا پاسسىپ ھالغا چۈشۈپ قالىسىز، — دېدى ئۇ شۇجىغا رەددىيە بېرىپ.

ئەتراپتا تۇرغان بۆلۈم باشلىقلىرىدىن بىر نەچچىسى ئاستىرتىن ئىخلىمنى كۈشكۈرتكەن بولسىمۇ، بۇ ئاشكارا مەيداندا ئۇنى قوللاپ چىقمىدى. ئەتراپتىكى ئامما بولسا، ئىخلىمغا مەسخىرە گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتى:

— يۇقىرىنىڭ سىياسىتىدىمۇ يېڭى ئۆي بولسىلا باشلىقلار ئولتۇرسۇن، ئامما ئۇلارغا يارىمىغان كونا ئۆيلەردە ئولتۇرسۇن، دېيىلگەن بولغىيدى!

— ئەمەلدارلارغا خۇشامەت قىلىپ، ئاز - تولا ئەمەل تىلەپ ئالماقچى ئوخشايدۇ بۇ!

— شۇڭا، بىلىپ ئىشەككە مۈڭگۈز بەرمەپتىكەن، تىرىقچىلىق ئەمەل تەگمەي تۇرۇپ بۇنداق قىلىنۋاتىدۇ، راستىن كىچىككىنە ئەمەل تېگىپ قالسا، ئىش بار چېغى!

بۇ گەپلەر ئىخلىمىنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك سانچىلدى. ئۇلار خاپا ھالدا تارقىلىشتى. شۇجى گەرچە ئامما ئالدىدا ھېلىقىدەك ئىپادە بىلدۈرگەن، ئامما ئۆزىنى ياقلاپ، ئىخلىمنى سۆككەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيلەر قانداق تەقسىم قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ، دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ قالدى. ئۇ تاماقمۇ يېمەستىن، ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى باشقىدىن كۆرۈپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۆيگە 8، 10 كىشى كىرىپ كەلدى، ئۇلارمۇ ئۆي داۋاسى قىلىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار دەسلەپتە، يېڭى پۈتكەن 30 ئائىلىلىك ئۆي بۆلۈم دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارغا تەقسىم قىلىنىغۇدەك دەپ ئاڭلاپ، جودا قىلالماي يۈرگەنلەر ئىدى، مانا ئەمدى شۇجىنىڭ بىرىنچى لايىھىنى قوللايدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلار بۇنىڭدىن 2 يىل بۇرۇن پۈتكەن، ئەمما ئىشلىتىش كۆلىمى 30 كۋادرات مېترغا يەتمەيدىغان 2 ئېغىزلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىۋاتقان نوپۇسى 5، 6 جان، قىز-ئوغۇللىرى بويىغا يېتىپ قالغان خىزمەتچىلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئېغىزى بېسىلسا بىرىنىڭ ئېچىلاتتى، ئۇلار ھەدەپ بۇ شۇجىنىڭ ئاممىنىڭ مەنپەئەتىنى ئويلايدىغانلىقىنى ماختايتتى ھەم ئۆزلىرىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. تېخى ئۇلارنىڭ گېپى تۈگىمەيلا، يەنە بىر تۈركۈم كادىرلار كىرىپ كېلىشتى، ئۇلار گەرچە 30، 40 كۋادرات مېترلىق ئۆيلەردە ئولتۇرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆيلىرىنىڭ پارۋىيى يوق، تام مەش بىلەن ئىسسىيدىغان ئۆيلەر ئىكەنلىكىنى، سۇ ئەكىرىش، ئوت قالاشلاردا قىيىنلىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارمۇ شۇجىنىڭ ئامما پەرەسلىكىنى ئاڭلاپ كەلگەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى.

شۇجى ئۇلارنى «مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى» دەپ ئاران يولغا سالدى-دە، شۇ ئاخشىملا خوجىلىق بۆلۈم باشلىقىنى چاقىرتىپ، ئىدارە بويىچە ئۆي تەلەپ قىلغانلارنى ۋە ئۇلار ئولتۇرىۋاتقان ئۆي كۆلىمىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ بېرىشنى تاپىلىدى.

خوجىلىق بۆلۈمى ئەتىسىلا جەدۋەلنى تەييار قىلدى. شۇجى جەدۋەلنى كۆرۈپ، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ئەگەر 1-لايىھە بويىچە ئۆي تەقسىم قىلغاندا، يەنە ئاشۇنداق 30 ئائىلىلىك ئۆيدىن 2، 3 كورپۇس سالغاندىمۇ، كۆپچىلىكنىڭ ئۆي تەلىپىنى قاندۇرغىلى بولمايدىكەن. ھالبۇكى، ئەمدى ئۇنچىۋالا كۆپ ئۆي سېلىشقا يەرمۇ، خىراجەتمۇ يوق ئىدى. ئۇ شۇ چاغدىلا، ئۆزىنىڭ ھۆججەت بەلگىلىمىسىنى ياخشى ئۆگەنمەي، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي، يېڭىلىك بىلەن ئىپادە بىلدۈرۈپ قويۇش نەتىجىسىدە، ئامما ئارىسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ، كۆڭلىدە ئىخلىمغا قايىل بولدى. بولۇپمۇ ئىخلىمىنىڭ شۇنچە كۆپ ئامما ئالدىدا يامان ئاتىلىپ بولۇپ قېلىشتىن قورقماي، تاپا-تەنىلەرگە پىسەنت قىلماي، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىنى شەرھىيلەپ چىققانلىقى — ئەمەلىيەتتە بىر خىل پىرىنسىپال مەيدان ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ گەرچە بىر قىسىم ئاممىنىڭ «ھىمايە»سىگە، «ماختاش»لىرىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە، خىزمەتكە كاشىلا تۇغ-

دۇرۇپ قويغانلىقىنى تونۇدى. ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، 1 - لايىھە بويىچە ئۆي تەقسىم قىلىش ئىنتايىن قېيىن ئىدى. پەقەت 2 - لايىھە بويىچە تەقسىم قىلغاندا، يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىسىنىڭ ئىناۋىتى بىلەن كۆپچىلىكنى قايىل قىلىپ، ئاممىنى تۇراقلاشتۇرغىلى بولاتتى.

*  *

شۇجى بىلەن ئىنخېلىمىنىڭ ئاشكارا گەپ تەگەشكەنلىكىنى كۆرگەن، ئاڭلىغانلاردىن ئىنخېلىمىنى ياقلىغۇچىلار ئۇنىڭ تولىمۇ يېنىكلىك قىلغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىشتى؛ ئۇنىڭ ئۆستۈرۈلۈشكە قارشى پىكىر بەرگەنلەر بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئالدىن كۆرەرلىكى، دانالىقىنىڭ «ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغانلىقى»غا خۇشال بولۇشۇپ، «ئىنخېلىمىنىڭ بېشىمىزغا چىقمەن دېيىشى — ئۇخلاپ چۈشى» دېيىشىپ، خېلى جانلىنىپ قېلىشتى.

بىراق، دەل شۇ پەيتتە ئىدارە پارتگۇرۇپپىسى شۇجىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىنخېلىمىنى ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈش توغرىسىدا شەھەرلىك پارتكومغا دوكلات يوللىغانىدى.

بارات شۇجى نەچچە كۈن ئۆتۈپ ئۆزى شەھەرلىك پارتكومغا باردى. ئۇ تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى بىلەن كونا تونۇشلاردىن ئىدى. تەشكىلات بۆلۈم باشلىقى ئاۋۋال گەپ باشلىدى:

— يولداش ئىنخېلىمىنى ئىدارە باشلىقى قىلىپ ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى دوكلاتىڭلارنى مۇزاكىرە قىلدۇق، رەسمىي تەستىقلاشتىن ئىلگىرى، يەنە بىر قېتىم سىزنىڭ پىكرىڭىزنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلاپ باقماقچىمەن،— بۇجاڭ «يەنە بىر قېتىم»، «ئۆز قۇلىقىم بىلەن» دېگەن سۆزلەرنى ئالاھىدە ئۇرغۇلۇق تەلەپپۇزدا دېدى، بۇ «كېيىن سەن پۇشايمان قىلىپ، داۋا قىلساڭ مەن مەسئۇل ئەمەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

بارات شۇجى بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن بۇجاڭغا قاراپ: — بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك مەسىلىسى يوق ئىدىغۇ، سىزنىڭ «يەنە بىر قېتىم»، «ئۆز قۇلىقىم بىلەن» دېگەن سۆزلىرىڭىزدىن باشقىچە پۇراقنى سېزىۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز گەپنى شەخسىي مۇناسىۋەتكە تارتماڭ، بىز ھازىر خىزمەت ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتىمىز. سىز ئاۋۋال ئۆزىڭىزنىڭ ئىنخېلىم ھەققىدىكى كۆز قارىشىڭىزنى بىلدۈرۈڭ، ئاندىن مەن سىزنىڭ بايىقى سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىمەن.

شۇجى ئىنخېلىمىنى ئۆستۈرۈش ئىشىغا بىر يەردىن چېچەك چىققانلىقىنى ئەمدى تۇيدى - دە، ھەيرانلىق بىلەن:

— پارتگۇرۇپپىنىڭ قارارى مېنىڭ تەكلىپىم بىلەن ماقۇللانغان، بۇ مەسىلىدە، مېنى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرماپسىز، دەپ تەنقىدلىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن، مەن خىزمەت ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ شۇنداق قىلدىم. ئەمەلىيەت مېنىڭ كۆز قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىشى مۇمكىن.

— سىز يەنىلا ئۇنى ئۆستۈرۈش پىكرىدە چىڭ تۇرامسىز؟

بۇ سۆز شۇجىنى بىر ئاز ئاڭگىرىتىپ قويدى؟

— ئەلۋەتتە، بىراق، تەشكىل ئۇنىڭ بىرەر مەسىلىسى بارلىقىنى سەزگەن بولسا ...

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، بۇجاڭ بارات شۇجىغا پاپىروس تۇتتى ۋە پاپىروسنى

تۇتاشتۇرۇپ بولۇپ ئالدىرىماستىن دېدى:

— ئاغىنە، بىزنىڭ خىزمەت توغرىسىدىكى پارىڭىمىز مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.

— ھوي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، گەپنىڭ ئايىغى چىقمايلا تۈگىدى، دەيسىزغۇ، مەنمۇ بىر پارتىيە ئەزاسى، تېخى پارتگۇرۇپپىنىڭ شۇجىسى، ئەجەبا، ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ ...

بۇجاڭ سىرلىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، تارتمىسىدىن بىر ماتېرىيالنى چىقاردى.

— شۇنداق، بىزنىڭ خىزمەت توغرىسىدىكى سۆھبىتىمىز تۈگىدى، ئەمدى، ئاغىنىدارچىلىق يۈزىسىدىن، مۇنۇ ماتېرىيالنى كۆرسىتىمەن، ئەمما شەرت: بىرىنچىدىن، بايىقى گەپلىرىڭىزدىن يالتىيىۋالمايسىز؛ ئىككىنچىدىن، ھېچكىمگە تىنمايسىز، بولمىسا، مېنى پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇسىز، جۇمۇ ...

— ماڭا ئىشىنىڭ، يولداش بۇجاڭ، — دېدى شۇجى، ئۇنىڭ بۇ كونا ئاغىنىسىنى «بۇجاڭ» دەپ رەسمىي ئەمەلى بىلەن ئاتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

شۇجى ئارىنى سۇر باستۇرىۋاتقان بۇ سىرلىق ماتېرىيالغا ئىنتىلىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى، كەيپىياتى بىراقلا يېنىكلەپ جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرى سەل-پەل بوشىدى، ئۇ ماتېرىيالنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى-دە، مىيىقىدا كۈلۈپ، باش چايقىدى، ئاندىن ئۇ ماتېرىيالنى پۈرلەپ ئىشىك تۈۋىدىكى ئەسكى قەغەزلەر تاشلانغان يەشىككە چۆرۈۋەتتى. شۇجىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىگە دىققەت قىلىپ تۇرغان بۇجاڭ ئۇنىڭ بۇ ماتېرىيال ئۈستىدە «باھا» ئېلان قىلىشىغا تەقەززا ئىدى.

بۇ ماتېرىيال — ھېلىقى ئۆي تەقسىم قىلىشتىكى ئىككى لايىھە توغرۇلۇق شۇجى بىلەن ئىخلىم ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرە «پاكىت» قىلىنىپ، ئىخلىمنىڭ «پېشقەدەم كادىرلارغا ھۆرمەت قىلمىغانلىق»، «ئاممىدىن ئايرىلىپ يېتىم قالغانلىق»، «جىنايىتى» پاش قىلىنغان ئەرز بولۇپ، ئۇ ماتېرىيالنىڭ ئاخىرىغا ئادىل قاتارلىق تۆت نەپەر بۆلۈم باشلىقىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغانىدى.

— تېتىقسىزلىق! — دەپ قول شىلتىدى شۇجى خۇددى ئۆزىگە يېپىشىۋالغان بىرەر بىزەڭنى نېرى كېتىشكە بۇيرۇغاندەك ئىشارەت بىلەن، — سىز ئاشۇ ماتېرىيالغا ئىشەندىڭىزمۇ؟

بۇ چاغدا بۇجاڭنىڭ چىرايىنى رازىمەنلىك، ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستىغا تېخىمۇ ئىشىنىش تۇيغۇسىدىن ئۇرغىغان تەبەسسۇم قاپلىغانىدى.

— ئەگەر مەن ئۇ ماتېرىيالغا ئىشەنگەن بولسام، ئۇنى سىزگە كۆرسىتىشىم مۇمكىنمىدى؟ ئۇ ھالدا مەن تەشكىلىي پرىنسىپقا خىلاپلىق قىلىپ، بولمىغۇر ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغان بولمامدىم؟

— بۇنى ياخشى قىلدىڭىز، قەدىناس دوستۇم. بۇ ئارقىلىق، بىز يەنە بەزى ئادەملەرنى بىلىۋالدۇق، تېخىمۇ مۇھىمى، رەھبەرلىك بەنزىسىگە ئىقتىدارلىق ياش كادىرلارنى قويۇشنىڭ ئاسان ئىش ئەمەسلىكىنى چۈشىنىۋالدۇق، — شۇجى ئورنىدىن تۇرۇپ، قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۇيان-بۇيان ماڭغىنىچە سۆزلەشكە باشلىدى، — ياخشى چاقلارنى، ئاممىۋى مۇناسىۋىتى ياخشىلارنى رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە قويۇش ئەڭ ئاسانغا توختايدىغان ئىش، پىكىر چىقمايدۇ، ئاسان تەستىقلىنىدۇ، ئويلاپ بېقىڭ، بىزدە نېمىشقا ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن؟ نېمىشقا كىچىككىنە بىر مەسىلىنى نەچچە سائەت، نەچچە كۈن، ھەتتا نەچچە ئاي مۇزاكىرە قىلىشقا، تالاش-تارتىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ بىزنىڭ خېلى چوڭ بىر قىسىم كادىرلىرىمىز يۇقىرىغا مەجلىسكە بېرىشتا، «ياردەمچى»

دىن ئايرىلالمايدۇ، قايتىپ كېلىپ يەتكۈزۈش - ئىزچىللاشتۇرۇشتا، كاتىپ، تەرجىماندىن ئايرىلالمايدۇ، يوليورۇق سورىسىڭىز، «مۇزاكىرە قىلىپ باقايلى، ئويلىشىپ باقايلى» دىن باشقىنى بىلمەيدۇ، نەتىجىدە، بىر سائەتتە پۈتىدىغان ئىش بىر نەچچە كۈنگە سوزۇلىدۇ. خوش، بىز ئەنە شۇنداق «پەخرى» باشلىقلارنى ئۆزلىرىنىڭ قۇربى يەتكۈدەك ئىشقا ياكى ئارام ئېلىشقا قويۇپ، ھېلىقىدەك ئۆزى بىۋاسىتە ئىشلىيەلەيدىغانلارنى ئىشقا قويساق بولمامدىكەن؟! قاراڭ، مەن نېمىلەرنى دەپ كەتتىم - ھە، مانا مۇشۇ ئىخلىمنى ئالايلى، قابىل كادىر ئىكەن، كاللىنى ئىشلىتەلەيدىكەن، ھەر بىر ئىشتا ئۆزىنىڭ پىكىر - تەشەببۇسىنى ئاساسلاپ ئوتتۇرىغا قويىدىكەن، چارە - تەدبىرلىك ئىكەن، لېكىن خەقنى ئاسان رەنجىتىپ قويىدىكەن، مېنىڭمۇ چىشىمغا تەگدى، لېكىن بۇنىڭ نېمە كارايىتى بار؟ ئەجەبا، بىز ھېچكىم شەك كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئەۋلىيامىدۇق؟ ھەر جەھەتتىن تاكامۇللاشقان نۇقسانسىز ئادەم يوق! بىزدە نۇرغۇن ئادەملەر جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالغان، تەپسە تەۋرىمەس بولىۋالغان، بىز ئۇلارنىڭ رايى بويىچە ئىش قىلساق ئىسلاھات قىلىمەن، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمەن دېگەنلىرىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالمامدۇ؟

بۇجاڭ شۇجىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزلۈكسىز باش لىڭشىتىش بىلەن ماقۇللاپ ئولتۇردى.

— بۇ نۇقتىدا بىزنىڭ پىكرىمىز ئوخشاش، — دېدى بۇجاڭ، — ھازىرقى ۋەزىيەتنىڭ كادىرلارنى تاللاشقا قويغان تەلىپى مۇشۇ، بىراق سىزگە ئوخشاش پارتكوم شۇجىسى بولغاندىلا، ئاندىن ئىخلىمغا ئوخشاش قابىل كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرگىلى بولىدۇ، شۇغىنىسى، ھازىر بىزدە ...

— قابىل كادىرلارنى تاللاش ئۈچۈن، ياخشى پارتكوم شۇجىسى بولۇشى كېرەك دېمەكچىمۇسىز؟ پارتكوم شۇجىلىرىنى تاللاش بولسا، سىزنىڭ ئىشىڭىز، قەدىناس دوستۇم.

— كوللېكتىپ بېكىتىدۇ - دە، — دېدى بۇجاڭ.

— ئەلۋەتتە شۇنداق، بىراق، تەشكىلات بۆلۈم باشلىقىنىڭ رولى مۇھىم بولىدۇ.

— ئاچقۇچ شۇجىدا، — دېدى بۇجاڭ گەپنى شۇجىغا ياندۇرۇپ بېرىپ، — مەسىلەن، ئالايلۇق، ئەگەر سىز قوشۇلمىسىڭىز، بىز ئىخلىمنى تەستىقلىماسلىقىمىز مۇمكىن ئىدى.

*  *

ئاخىرى، ئىخلىم ئىدارە باشلىقلىقىغا تەستىقلاندى، خۇددى شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۇزاق ئۆتمەي، شۇجىنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالدى. بۇ ھەقتىمۇ ھەر خىل گەپ-سۆزلەر تارقالدى، بەزىلەر، ئىخلىمنىڭ باشلىق بولۇشى ئۇنىڭ يۇقىرىدا ئارقا تىرىكى بولغانلىقىدىن، دېسە بەزىلەر، شۇجى ئىخلىمنىڭ باشلىق بولغانلىقىغا نارازى بولۇپ، كېسەل بولۇپ يېتىۋالدى، دېيىشتى. ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر ئىخلىمنى چىن دىلىدىن ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى، قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. بۇنداق ھىمايە قىلىش، قوللاشلارنىڭ ئەڭ مەزمۇنلۇق، ئەڭ ئەھمىيەتلىك شەكلى، ئالدى بىلەن بۆلۈم باشلىقى ئادىلنىڭ ئۆيىدە ئىخلىمنىڭ شەرىپىگە قوي سويۇپ ئۆتكۈزۈلگەن مېھماندارچىلىقتىن باشلاندى ... ھەي! ... بۇ ئادەملەرنى نېمە دېسە بولار؟! ئۇلار نېمە دېگەن تېز ئۆزگىرىپ، ۋەزىيەتكە ماسلىشالايدۇ - ھە؟!

ئابدۇللا ئىبراھىم

# ئۇ قاچىدى...

(ھېكايە)



سېنتەبر ئېيى باشلانغان بولسىمۇ، جىلغ بازىرىنىڭ ئەتراپىدىكى قارا ياغاچلىق ۋە قوموشلۇقلار قۇياشنىڭ تەپتىدىن تونۇر-دەك دىمىق ئىدى.

تەردىن كىيىملىرى سۇدىن سۇزۇ-ۋالغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەن بىر يىگىت بەشئاتار مىلتىقىنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە قېلىن قوموشلۇقلار ئارىسىدىن يۈگۈرۈپ كېلەتتى. ئۇ بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى، لېكىن قانچە ئالدىرىغانسېرى ھېلىدىن-ھېلى قوموش تۈپچەكلىرىگە پۇتلىشىپ يىقىلاتتى، گاھى ئويمان-چوڭقۇرلارغا چۈشۈپ كېتەت-تى، ئۈستەك بويىدىكى يالغۇز سۆگەت تۈ-ۋىگە ئاپىرىدىغان بۇ كىچىككىنە چىغىر يول بۈگۈن ئۇنىڭغا تولىمۇ ئۇزۇن، باش-ئايىقى يوقتەك بىلىنىپ كەتتى.

قوموشلۇقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن «تاڭ!» قىلغان بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاپلا! — يىگىت چۆچۈپ كەتتى، — بۇ مائۇزىرنىڭ ئاۋازىغۇ، بىرەر ۋەقە چىق-تىمۇ نېمە؟!

يىگىت قوموشلۇقتىن ئۆتۈپ ئۆزى قاراۋۇللۇققا بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يېتىپ كەلگىنىدە، ئۇ يەردە كاپىتان بىلەن ئىككى جەڭچىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. كاپىتان بۈگۈن پولكنىڭ باش دىژۇرنىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتاتتى.

يىگىت شىپىر بېكىتىلگەن بەتىنكىلىرى-نىڭ ئۆكچىلىرىنى بىر-بىرىگە «تاق!» قىلىپ ئۇرۇپ ئورنىدا تىك تۇردى-دە،

قولنى چېكىسىگە ئاپىرىپ ھەربىيچە سالام بەردى:

— يولداش كاپىتان!...

يىگىت كاپىتاننىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە نەيزىدەك تىكىلىپ قارىشىنى كۆرۈپ، كېيىنىڭ ئايىقىنى تاپالماي قالدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئوت ئالغاندەك قىزاردى-دە، كۆزلىرىنى يەرگە تىكتى.

— رۇستەم، قورالنى تاپشۇر!

— يولداش كاپىتان مەن... مەن...

يىگىتنىڭ ئاق پوسماق چىرايى بىردىنلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ئۇ كاپىتاننىڭ كەچۈرۈشىنى ئۈمىد قىلغاندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قارىدى.

— رۇستەم، مەن ساڭا قورالنى تاپشۇر دەۋاتىمەن! — رۇستەمنىڭ بۇيرۇققا بويسۇنمايۋاتقانلىقىدىن جەھلى قاتقان كاپىتان قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى:

— قورالنى تاپشۇر!...

جەڭچىلەردىن بىرسى كېلىپ رۇستەمنىڭ مىلتىقىنى ئالدى.

— ئۇ قاراۋۇللۇق ئورنىنى تاشلاپ قاچقانلىقى ئۈچۈن قاماپ قويۇلسۇن! — دېدى كاپىتان بۇيرۇق ئاھاڭدا.

— يولداش كاپىتان، مەن... مەن قاچمىدىم...

* *

جىڭ بازىرى بىلەن تەڭرىتاغ باغرىدىكى ئېدىرلار ئارىسىغا جايلاشقان «تېرەكتى» يېزىسىدا ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيەسىنىڭ تېكەس ئاتلىق پولكى ئورۇنلاشقىنىغا بىر ئايچە بولۇپ قالغانىدى.

26 - ئاۋغۇست كۈنى پولك شتابى ئالىي قوماندانلىقنىڭ «6 - سېنتەبىر ئەتىگەن سائەت 4 تە جىڭغا ھۇجۇم قىلىپ، سائەت 6 گىچە ئېلىنسۇن» دېگەن مەخپىي بۇيرۇقنى تاپشۇرۇۋالدى. پولك كوماندىرى بىلەن شتاب باشلىقى بىرلىكتە ھۇجۇم پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 6 - سېنتەبىر قۇربان ھېيت ئىدى. ئىككى رەھبەر بۇ قۇتلۇق كۈننى جىڭدا ئۆتكۈزۈشنى قارار قىلىشتى. بىراق پولكوۋنىك يەنە نېمە ئۈچۈندۇر خامۇش كۆرۈنەتتى. ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقىنى جىڭ بازىرىنى جان تالىشىپ قوغداۋاتقان گومىنداڭنىڭ 85 مىڭ كىشىلىك ئارمىيىسى ۋە بۇ كۈچكە تاقابىل تۇرىدىغان مىللىي ئارمىيە ھەربىي كۈچىنىڭ ئازلىقى ئەمەس، بەلكى جەڭچىلەرنىڭ كەيپىياتى مەسىلىسى ئىدى. جەڭچىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھىي ئۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بىردىن - بىر ئامىل. پولكوۋنىك بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە دىققەت قىلاتتى. دەل مۇشۇ مەسىلىدە پولكوۋنىكنى ئويلاندۇرۇپ قويغىنى كاپىتاننىڭ «رۇستەم قاراۋۇللۇقتىن قېچىپتۇ» دېگەن دوكلاتى بولدى.

«رۇستەم راستىنلا... ياق! بولمىغان گەپ... ئەمما ئۇ...»

پولكوۋنىك چىگىش خىياللار ئىچىدە ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە ھارغىنلىق بىلەن ئۆزىنى تاشلىدى...

ئىنقىلاب باشلانغاندىن بېرى رازۋېتچىكلىك خىزمىتىدە «قۇرغۇي» دەپ نام ئالغان رۇستەم ھەر قېتىمقى جەڭلەردە قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتاتتى. تېخى يېقىندىلا بولغان بىر قېتىملىق جەڭدە مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان ئوققا قارىماي، يارىلانغان پىلىموتچىكنىڭ ئورنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ يالغۇز ئۆزى پىلىموت بىلەن دۈشمەننىڭ ئۆتتۈش يولىنى توسىۋالغانىدى. بىراق يېقىندىن بۇيان، بولۇپمۇ تېرەكتىدە بۇيرۇق كۈتۈپ يېتىپ قالغان بۇ بىر ئاي

ئىچىدە ئۇنىڭ مىجەزىدە ئانچە - مۇنچە ئۆز-گىرىش كۆرۈلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ئىلگى-رىدىكىدەك كۈلكە - چاقچاق ۋە ئويۇن - تاما-شىغىمۇ ئانچە ئارىلاشمايتتى. پەقەت پات - پاتلا رەھبەرلىككە: «نېمىشقا ھۇجۇم قىل-مايمىز»، «بىچارە ئانام، تىكەندەك يالغۇزلا قالغاندى» دەپ قوياتتى. ئۇنداقتا، ئۇ ئا-نىسىنى سېغىنىپ قاچتىمۇ - يا؟! ياق، بۇن-داق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

پولكوۋنىك شۇ خىياللار بىلەن شتاب باشلىقىنىڭ قاچانلاردا كىرگەنلىكىنى تۇي-ماي قالدى. شتاب باشلىقىمۇ پولكوۋنىكنىڭ دىققىتىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئىنچىكە قارا بۇرۇتىنى ھىمىرىپ قويدى.

— جەڭچىلەردە، — دېدى پولكوۋنىك ئۆچۈپ قالغان غاڭزىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېلىپ، — زېرىكىپ قالدىغان ئەھۋال مەۋجۇتمۇ قان-داق؟

— ئۇنداق ئەھۋال يوق، يولداش پولكوۋنىك، شتاب تەرەپتىن جەڭچىلەرگە كۈندە ئىككى سائەت ھەربىي ساۋات ۋە پەننىي بىلىملەردىن دەرس ئۆتۈلۈۋاتىدۇ، ھەمدە «دۆڭلۈككە ھۇجۇم»، «قورغانغا ھۇ-جۇم» دېگەندەك مەزمۇنلاردا ئەمەلىي مانې-ۋىر ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ، جەڭچىلەرنىڭ قىز-غىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى. يېقىندا يەنە ئىلىدىن مۇئەللىم ۋە پەلتورىكلەر ① تەكلىپ قىلىندى.

— رۇستەم ئۆگىنىشلەردە قانداقراق؟

— رۇستەم ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئۆگىنىشىدە چاتاق يوق.

— ئەمىسە، — دېدى پولكوۋنىك ئۆچ-كەن غاڭزىسىنى پاشنىسىغا ئۇرۇپ، — رۇس-تەمنىڭ بۇ نېمە قىلغىنى؟ ئۇ قاراۋۇللۇق ئورنىنى ياخشى ساقلاشنىڭ قانچىلىك مۇھىملىقىنى بىلمەمدۇ؟

— شۇنداق، — دېدى شتاب باشلىقى بۇ-رۇتىنى ھىمىرىپ قويۇپ، بۇ كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر ئىش. ئۇ ئىككى قېتىم سوراق قىلىندى، لېكىن «مەن قاچمىدىم» دەپلا تۇرىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، بارغان يېرىنى ئېيتىشقا زادى ئۇنىمايدۇ. ئۇنىڭ كاجلىقىغا مەنمۇ ھەيران.

— يېقىن ئەتراپتىكىلەر بىلەن غەيرىي مۇناسىۋىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— بۇنى بىلمىدىم، لېكىن روتا كو-ماندىرىنىڭ دوكلات قىلىشىچە، رۇستەم پات-پاتلا نەگىدۇر يوقاپ كېتىدىكەن.

— ھە؟ نەگە يوقاپ كېتىدىكەن؟

— ھېچكىم بىلمەيدۇ...

شتاب باشلىقىنىڭ سۆزلىرى پولكوۋ-نىكنىڭ پىكىرلىرىنى تېخىمۇ چىگىشلەشتۈ-رۈپ، ئۆتكەنكى بىر ئىشنى ئېسىگە سالدى.

پولك ئاچالدىن جەڭگە يۆتكىلىپ كەلگەندە رۇستەم چارلىغۇچى ئىزۋوت بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى رازۋېتكا قىلىشقا ئەۋە-تىلگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇلار كېچىدە تۇيۇق-سىزلا دۈشمەننىڭ قاتتىق مۇھاسىرىسىگە چۈ-شۈپ قېلىپ، بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئې-لىشقان بولسىمۇ، مۇھاسىرىنى يېرىپ چىقال-مىغان، لېكىن رۇستەم تۇيۇقسىزلا دۈشمەنگە ئات سالدۇرۇپ يالغۇز ھۇجۇم قىلىپ، مۇھا-سىرىنى يېرىپ چىقىپ كەتكەن ھەمدە كېچە قاراڭغۇلۇقىدا دۈشمەننىڭ كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، دۈشمەن مۇھاسىرە سېپىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن، ئىزۋوت پۇرسەت-تىن پايدىلىنىپ مۇھاسىرىنى بۇزۇپ چىقىپ، ساق - سالامەت قايتىپ كەلگەندى. دۈشمەن

① پەلتورىك - سىياسىي لېكتور.

ئەسكەرلىرى بولسا، رۇستەمنىڭ كەينىدىن قوغلاپ جىڭ تەرەپكە كەتكەن. رۇستەم ئەتىسى كەچ بولغاندىلا قىسمىغا قايتىپ كەلگەنىدى.

پولكوۋنىكنىڭ كۆڭلىدە رۇستەم توغرۇلۇق غەلىتە قارا كۆلەڭگۈ ئەلەڭلەشكە باشلىدى:

شۇ كېچىدە رۇستەم قەيەرلەردە يۈردى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ نېمە ئۈچۈن پات-پاتلا يوقاپ كېتىدۇ؟

ئىشىكنىڭ چېكىلىشى پولكوۋنىكنىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

— رۇخسەت، — دېدى شتاب باشلىقى پولكوۋنىكنىڭ باش لىڭشىتىشىدىن كېيىن.

— ستارشى لېيتېنانت ھۆسەيىن دوكلات قىلىدۇ! — دېدى قويۇق ساقىلىنى پاكىزە چۈشۈرگەن دوغىلاق يىگىت ھۆرمەت سالىمى بىلەن.

— دوكلات قىل.

— 24 - قاراۋۇل دۈشمەننىڭ بىر پايلاقچىسىنى قولغا چۈشەردى.

— دەرھال شتابقا ئېلىپ كەل، — دېدى شتاب باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ.

ستارشى لېيتېنانت ھايال ئۆتمەي ئەسىرنى ھەيدەپ كىردى. «دۈشمەن پايلاقچىسى» دېيىلگەن بۇ ئەسىر ئەمدىلا 17، 18 ياشلارغا كىرگەن قىز بولۇپ، بېشىغا ئۆڭۈپ كەتكەن كونا ياغلىقىنى يېزا قىزلىرىچە چىرايلىق تېڭىۋالغانىدى. قىز لېيتېنانتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارىسىدىكى بۇلاقتەك قارا كۆزلىرى، ئەيمىنىپ چۆچۈپ قاراشلىرى گويا ئەسىرگە چۈشكەن كىيىك بالىسىنى ئەسلىتەتتى. قىز نېمە ئۈچۈندۇر قولياغلىقىقا يۆگەكلىك بىر نەرسىنى خۇددى بىركىم تارتىۋالىدىغاندەك ئىككى قولى بىلەن مەيدىسىگە چىڭ بېسىۋالغانىدى.

پولكوۋنىك بىلەن شتاب باشلىقى بىر-بىرىسىگە ھەيرانلىق بىلەن قارىشىپ قويدى.

— قاراۋۇلنىڭ كۆزىتىشىچە، — دېدى لېيتېنانت دوكلات قىلىپ، — بۇ قىز شتاب ئەتراپىنى بىر سائەتتىن ئارتۇق ئايلىنىپ يۈرگەن ھەمدە قاراۋۇلدىن يوشۇرۇن ھالدا شتاب ئىچىگە كىرمەكچى بولغاندا قولغا چۈشكەن. قاراۋۇل قول كۆتۈرۈپ تەسلىم بولۇشقا بۇيرۇق قىلسا بويسۇنمىغان، قولىدىكى ماتېرىيالنى تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتكەن.

ستارشى لېيتېنانت سۆزلەۋاتقاندا ئۇنىڭ ئاغزىدىن قاراپ تۇرغان قىز «ماتېرىيال» دېگەن سۆز چىقىشى بىلەن دەرھال قولىدىكى نەرسىنى بالىلارچە كەينىگە يوشۇرۇپ باشلىقلارغا ئەنسىز قارىدى.

— ئولتۇرۇڭ، سىڭلىم، — دېدى شتاب باشلىقى لېيتېنانت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، — قېنى، ئولتۇرۇڭ.

قىز ئورۇندۇققا قاراپ قويۇپ قورققاندەك سەل نېرى سۈرۈلۈپ ئۆرە تۇرۇۋالدى.

— قىزىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى پولكوۋنىك مۇلايىملىق بىلەن.

— جۆ ... جۆھەر ...

— جۆھەر ... ياخشى، ناھايىتى چىرايلىق ئىسىم. ئولتۇرۇڭ، قېنى، ئولتۇرۇپ سۆزلەڭ، پۇتىڭىز تېلىپ قالىدۇ، ئۆيىڭىز نەدە؟

— جىڭدا.

پولكوۋنىك تەئەججۈپ بىلەن شتاب باشلىقىغا قارىدى، چۈنكى جىڭ گومىنداڭ قىسىملىرى تەرىپىدىن تۆمۈر قەپەزدەك قات-

تىق مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا بۇ قىزنىڭ مىللىي ئارمىيە قاراۋۇلخانىسىدا پەيدا بولۇشى ئەلۋەتتە ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئىدى.

— بۇ يەرگە قانداق كەلدىڭىز؟

— ...

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟

— ...

بۇنداق ئەسىر بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئىچكى سىرلىرىنى ئېلىش دەرۋەقە قىيىن ئىدى. شتاب باشلىقى شىرەنىڭ تارتمىسىدىن ئىككى چاقماق قەنتنى ئېلىپ، ئاليۇمىن چاشكىغا سېلىپ ئۈستىگە چاي قۇيدى - دە، جۆھەرگە سۇندى.

— سىڭلىم، چاي ئىچىڭ.

— رەھمەت، ئىچمەيمەن.

— قىزىم، قورقماڭ، بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن بولسىڭىز تارتىنماي ئېيتىۋېرىڭ، — دېدى پولكوۋنىك سەممىمىي كۈلۈمسىرەپ، — ياكى بىرسىنى ئىزلەپ كەلگەنمىدىڭىز؟

جۆھەر پولكوۋنىكقا لەپ قىلىپ قاراپ قويدى.

— قىزىم، ئەگەر بىرسىنى ئىزلەپ كەلگەن بولسىڭىز بىزگە ئېيتىڭ، چاقىرىپ بېرەيلى.

— راستىما؟ — دېدى جۆھەر ئۇلارغا گۇمانلانغان قىياپەتتە قاراپ.

— راست، بىز ھەرگىز يالغان ئېيتمايمىز.

— سىلەر ... سىلەر ئۇنى ... — جۆھەرنىڭ چىرايى بىردىنلا قىزىرىپ كېيىنى يۇتىۋەتتى.

— ھە، كىمنى دەيسىز؟

— سىلەر ئۇنى قاماپ قويۇپسىلەرغۇ...

— بىز ھېچكىمنى قاماپ قويمىدۇققۇ، — دېدى شتاب باشلىقى ھەيران بولۇپ.

— يالغانچىلار، رۇستەمنىچۇ!...

— رۇستەم!!... — بۇ سۆز پولكوۋنىك بىلەن شتاب باشلىقىنىڭ ئاغزىدىن تەڭلا چىقىپ كەتتى.

— سىز ئۇنى قانداق تونۇيسىز؟ — دېدى پولكوۋنىك قىزنى ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلىپ.

— ئۇ مېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان تۇرسا، نېمىشقا تونۇمايدىكەنمەن ...

*        *

جىمىڭ ئاسماننى قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى. قوراللىق گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئۆيمۇ - ئۆي كىرىپ، پۇقرالارنىڭ ئوزۇق - تۈلۈك، قوي - كاللىلىرىنى بۇلىماقتا ئىدى. ئۇلار يېڭىلىپ - يالۋۇرغان كىشىلەرگە «ئالتە ئوغرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئەسكەرلەر يەيدۇ. ئەگەر ئالتە ئوغرى كېلىدىغان بولسا، جېنىڭمۇ ئامان قالمايدۇ» دەپ ھەيۋە قىلىشاتتى، قارشىلىق قىلغانلار قىلىچ ئاستىدا قانغا بويىلاتتى. بولۇپمۇ ئەرلەر ھەر كۈنى لەخمە كولاش، پوتەي سېلىش مەجبۇرىيىتىدىن جاق تويسا، بويىغا يەتكەن قىزلىرى، ياش چوكانلىرى بار ئائىلىلەر تېخىمۇ بەتەر ئەندىشىدە قالغانىدى. ئۇلار قىزلىرىنى ئاشلىق ئورىلىرى، سامان دۆۋىلىرى ئىچىدە ساقلاشقا مەجبۇر بولۇشاتتى. ھەر كۈنى مەسچىتكە كەلگەن جامائەت ئىچىدە «پالانچىنىڭ ئايالىنى»، «پوكۇنچىنىڭ قىزىنى...» دېگەندەك ۋەھىمىلىك خەۋەرلەر تارقىلاتتى. بۇنداق خەۋەرلەر مەھەللىنىڭ چېتىدە يالغۇز قىزى بىلەن تۈگمەن باقىدىغان ھاشىم تۈگمەنچىنى ئەنسىرىتىپ قويدى. ئۇ بىر ئەتىگىنى بامدات نامىزىدىغا كېتىۋېتىپ نو بېشىغا كەلگەندە بىر مۇنچە كىشىنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆردى - دە، توپ ئارىسىغا قىستىلىپ كىردى، ھاشىم تۈگمەنچى يەردىنلا يېرىم يالىڭاچ قانغا

مىلىنىپ ياتقان بىر قىزنى كۆرۈپ، پۈتـۈن
بەدىنى تىكەنلەشكەن هالدا كەينىگە داجـىـ
دى. ئۇ بامدات نامىزىـنىمۇ ئۇنـتۇپ تۆگـ
ـمەنگە قايتتى، هاشىم يولبويى ئانىسىدىن كـ
ـچىك قىلىپ، ئۆز قوينىدا چوڭ بولغان قىـ
ـزى جۆهەرنى ئويلايتتى. ئۇ قىزنى خۇددى
قۇش بالىسىنى باققاندەك ئەتىۋارلاپ باقتى.
هالا بۈگۈنگىچە قىزىنىڭ كۆزىدىن بىر تامـ
ـچە ياش تامدۇرمىدى، شۇنداق قىلىـپ ئاـ
ـنىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەي 18 ياشـقا
كىرگۈزدى. هازىر جۆهەر هۆسىنـگە تـولۇپ
يېتىشكەن قىز بولغانىدى.

ـــ قىزىم، ـــ دېـدى هـاشـىم ئۇزۇن
چاچلىرىغا يىلىم چېپىپ ئۆرۈۋاتقان جۆهەرـ
ـگە ئاتـىـلىق مېـهرى بىلەن قاراپ، ـــ بىزـ
ـنىڭكىلەر يېقىنلا يەرگە كېلـىپ قاپتـۇ. بۈـ
ـگۈن كېچە بىر ئاماللاپ ئۆتۈپ كېتەيلى.

ئەل ئايىقى بېسىلىشى بىلەن بېـلىـگە
ئارقان ۋە پالتىنى قىستـۇرۇۋالـغان هاشـىم
تۆگمەنچى بوپا قولـتۇقلىغان جۆهەرنى يېـ
ـتىلەپ يولغا چىقتى. تـۈن قاراڭـغۇسى ناـ
ـگان ـ ناگانـدا «تاڭ ـ تۇڭ» قىلـغان ئوق
ئاۋازى، يىراقتىكى ئىتلارنىڭ ئەنـسىز هۇۋـ
ـلاشلىرى بىلەن تېخىمۇ سۈرلۈك بىلىنەتـتى.
ئۇلار سوقما تاملار، يىنهان چـىغىر يولـلار
بىلەن جىگىنىڭ سىرتىدىكى قومۇشـلۇققا يېـ
ـتىپ بارغاندا، تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى.

ـــ قىزىم، ـــ دېدى هاشىم ئاستا شىـ
ـۋىرلاپ، ـــ ئاشۇ دەريا ياقىـسىـدىـكى قارا
ياغاچلىققا يېتىۋالساقلا قۇتۇلىمىز.

ـــ بىزنىڭكىلەر ئەشەدىما؟

ـــ ياق، ئۇ يەردىن تېرەكـتى كۆرۈـ
ـنۈپلا تۇرىدۇ. ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن ئەمدىلا
يالاڭـلىـققا چىقىشى بىلەن، ئالدىـدىن توـ
ـلۇق قوراللانغان ئۈچ چېرىك چىقىـپ كەلـ
ـدى. ئۇلارنىڭ ئالاقـزادە ئەلپازىـدىن كىمـ
ـنىدۇر ئىزلەپ يۈرگەنلىكى ئېنىق ئىدى.

ـــ توختا! ـــ دېدى شادا پاچاق بىرـ
ـسى قولىدىكى تاپانچىنى هاشىمغا تەڭلەپ، ـــ
هەي قـېـرى، ئاتلىق قاچقان بىر ئوغرىنى
كۆردۈڭمۇ؟

ـــ يوقسۇ جاڭگۈەن، يوقسۇ...

ـــ هازىرلا مۇشۇ قومۇشـلۇققا كىـرىپ
كەتكەن تۇرسا، نېمىشقا كۆرمەيسەن؟!

ـــ يوقسۇ، ئىللا ـ بىللا كۆرمەپتىمىز...

ـــ ئۇنداقتا، سەنلەر نەگە مېڭىشتىڭ؟
ئېيتە!

ـــ جاڭگۈەن بىز... بىز ئوتۇنغا ماڭغان
... ـــ هاشىم بېلىدىكى پالـتا بىلەن ئاغامـ
ـچىنى تۇتۇپ قويدى.

ـــ ئوتۇنغا ماڭغان ئادەم بوپىسىنى قولـ
ـتۇقلاپ ماڭامدىكەن، هى... هى... هى... ـــ
شاداپاچاق ئىـغاڭـلاپ كېـلىپ جـۆهەرنىڭ
ئىڭىكىنى كۆتەردى، ـــ نېمىدېگەن چىـرايـ
ـلىق قىزچاق، مۇنۇ قومۇشلۇقتا توشـقان باـ
ـلىسى باردىكەن، سىزگە تۇتۇپ بېرەيمۇ؟

شاداپاچاقنىڭ كۆز ئىـشارىـسى بىلەن
ئىككى چېرىك جـۆهەرگە ياماشتى. جۆهەرمۇ
ۋارقىراپ ـ چىقىراپ بوش كەلمىدى. هاشـىم
شاداپاچاقنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇرىۋىدى،
ئۇ تاپانچىسىنىڭ پاينىكى بىلەن هاشىمنىڭ
پېشانىسىگە بىرلا ئۇرۇپ يىرىۋەتتى.

ـــ دادا ... دادا ...

قومۇشلۇق ئىچىدە سۆرۈلۈپ كېتىۋاتـ
ـقان قىزىنىڭ نالىسىنى ئاڭلـىغان هاشـىم
پېشانىسىدىكى قاننىمۇ سۈرتمەي بېلىـدىـكى
پالتىسىنى قولىغا ئالدى ـ دە، قـومۇشـلۇقـقا
ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ، قانداقلارچە قومۇشلۇقـقا
كىرگىنىنى، قىزىنى قۇچاقلىۋالـغان چېـرىكـ
ـنىڭ بېشىغا پالتا ئۇرغىنىنى تۇيـمايـلا قالـ

دى. قانغا بويالغان چىرىك يەردە تىپىر-
لاپ خاقىرىماقتا ئىدى. شۇ ئەسنادا يەنە
بىر قارامۇتۇق پاناق چىرىك ئۇنىڭ قورسى-
قىغا مىلتىقىنىڭ سىداۋىسىنى تىقۋەتتى. ئارقىدىنلا
شاداپاچاقمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى...
— دادا ... جېنىم دادا! ...
قارامۇتۇق بىلەن شاداپاچاق جەسەتنىڭ
ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، قومۇشلۇقىنى زىلى-
زىلىگە سېلىپ يىغلاۋاتقان جۆھەرنى سۆرى-
گىنىچە قومۇشلۇققا ئېلىپ ماڭدى. دەل شۇ
چاغدا قومۇشلۇق ئىچىدىن قىلىچىنى پۇ-
لاڭلاتقىنىچە بىر ئاتلىق كىشى چىقىپ كەل-
دى - دە، قارامۇتۇق چېرىكىنىڭ بويىنىغا
قىلىچ ئۇردى. بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن ئى-
سەنكىرەپ قالغان شاداپاچاق ئۇتتۇر كەل-
گەن تەرەپكە قاچتى. ئاتلىق يىگىت ئۇلانى
قوغلاپ قومۇشلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
بىر پەستىن كېيىن «ئا!...» دېگەن غەي-
رىي بىر ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ھايال ئۆتمەي
ھېلىقى ئاتلىق يىگىت قايتىپ كەلدى.
— قىزچاق تېز كېتەيلى، — دېدى
يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، — بۇ ئەب-
لەخلەر ئوق چىقىرىپ قويدى. دۈشمەنلەر
ھېلىلا قارا چېكەتكىدەك يېتىپ كېلىشىدۇ.
يىگىت ھاشمنى قومۇشلار بىلەن يۆ-
گەپ قويغاندىن كېيىن، جۆھەرنى ئاتنىڭ
كەينىگە مىندۈرۈپ دەريا تەرەپكە قاراپ
چېپىپ كەتتى. جۆھەر ئۈن سېلىپ يىغلى-
غىنىچە ئارقىغا قارايتتى. ئۇلار قارا ياغاچ-
لىقتىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئاتنى ئۆز يور-
غىسىغا قويۇپ بەردى.
— قىزچاق، سىزنىڭ بۇ تەرەپلەردە
بىرەر تۇغقانلىرىڭىز بارمۇ؟
— دادامنىڭ تونۇشلىرى بار ئىدى،
لېكىن مەن بىلمەيمەن.
يىگىتنىڭ كۆڭلىگە غەم چۈشتى. بۇ قىزنى
قانداق قىلىش كېرەك؟ «پولكقا ئاپىرىش
كېرەكمۇ؟ ياق، بۇ مۇمكىن ئەمەس. باش-
قىلار نېمە دەپ ئويلاپ قالار. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، ئۇ رازۋېتكا ئەترەتتىن ئايرىلىپ بىر
كۈن قومۇشلۇقلار ئىچىدە قېچىپ يۈردى.
ئارمىيىنىڭ ئىنتىزام، تۈزۈملىرىگە خىلاپلىق
قىلىشقا بولمايدۇ».



— ھوي ئاكا، — دېدى قىز ئېسەدەپ
تۇرۇپ، — سىز مېنى ئەسكەرلەرنىڭ ئۆ-
يىگە ئاپىرامسىز؟

— ياق، مېنىڭ بىر قازاق ئانام بار،
شۇنىڭ ئۆيىگە بارىمىز. قانداق، ئەنسىرەۋا-
تامسىز؟ — دېدى يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ
ۋە قىزنىڭ ئىسمىنى سورىدى.

— قورقماڭ، جۆھەر. سىز ئۇ يەردە
ئۆز ئۆيىڭىزدىكىدەك تۇرىسىز، مەنمۇ سىزنى
يوقلاپ تۇرىمەن.

ئۇلار مەكەننىڭ قارا ئۆيىگە يېقىنلى-
شىشى بىلەن يىراقتىنلا پاخماق قارا ئىت
ھاۋشۇپ كەلدى. ئىتنىڭ شەپە بېرىشى
بىلەن مەكەنمۇ ئىشىك ئالدىدا پەيدا
بولدى.

— ئاپا، مېھمان كەلدى، مېھمان. —
دېدى رۇستەم يىراقتىن.

— مېھمان ئامان بولسۇن، رۇستەمغۇ
بۇ، كەل، كەل. ماۋۇ كىم؟

— سىزگە بىر قىز ئېلىپ كەلدىم،
قانداق، باقامسىز؟

— يالغان ئېيتما.

— راست، يالغان ئېيتمىدىم.

رۇستەم جۆھەر توغرۇلۇق بىر ھازا
چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، قازاق ئايال جۆ-
ھەرنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىيلاپ پېشانىسى-
گە سۆيۈپ قويدى.

— ۋاي بىچارە، نېمىدېگەن چىراي-
لىق قىز بۇ... — دېدى مەكەن قىزنىڭ
قولىدىن يېتىلەپ، — رۇستەم، بولدى، خا-
تىرجەم بول، ھە، راست، قىسمىڭدىكىلەر
سېنى ئىزدەپ يۈرىدۇ دەپ ئاڭلايمەن،
تېز بارغىن.

— رۇستەم ئاكا، — دېدى قىز ئاتقا
مىنىۋاتقان يىگىتكە تەلمۈرۈپ، — سىز...
سىز يەنە كېلەمسىز؟

— كېلىمەن، چوقۇم كېلىمەن.

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن رۇستەم كەل-
دى. ئۇ ياغلىقىغا ئوراپ كەلگەن يۇمشاق
نان بىلەن بىر پارچە پىششىق گۆشنى مە-
كەنگە بەرگەندىن كېيىن، جۆھەر بىلەن
ئۆستەڭ بويىدىكى يالغۇز سۆگەت تۈۋىدىگە
كەلدى. ئۇلار تاش ئۈستىدە يانمۇ - يان
ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، رۇستەم قىزنىڭ
ئۆزىگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئۇياتچان
كۆزلىرىگە، ئالمىدەك قىزىل مەڭزىلىرىگە،
قاپقارا تولغۇما چاچلىرىغا تونجى قېتىم
سەپسالدى. ئۇلار بۇ قېتىم ئەرزىمەس
گەپلەر بىلەن چەكلىنىپ، ئۈن - تىنسىز
ئۆستەڭ بويلىرىنى ئايلاندى.

— جۆھەر، — دېدى رۇستەم ئىككىن-
چى قېتىملىق ئۇچراشقىنىدا، — مەكەن
ئاپام بىلەن چىقىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ گەپ
قىلمايسىزغۇ.

— چىقىشىپ قالدىم، بەك ياخشى ئا-
يالكەن، ئۇ ... ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سىلەر-
نى پات ئارىدا كېتىدۇ، دەيدىغۇ؟

— راست، — دېدى رۇستەم يىراق-
لارغا كۆز تىكىپ، — يېقىندا جەڭگە ھۇ-
جۇم قىلىمىز.

— ئاندىنچۇ؟....

— شىخو، ماناس تەرەپلەرگە يۈرۈش
قىلىمىز...

— ئۇنداقتا... — قىز ئۇلۇق - كىچىك
تىنىپ قويدى.

— نېمە بولدىڭىز جۆھەر؟

— مەن ... مەن... ۋاي، ياق، ئۆزەم-
چە...— قىز قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى.

— بىر خەت ئارقىلىق دىدار كۆرۈ-
شۈپ تۇرىمىز، — دېدى رۇستەم قىزنىڭ
كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ.

— مەن... مەن... خەت بىلمەيمەن...

— ھە، مۇنداق دەڭ، — دېدى رۇستەم قىزنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، — بۇ بولماپتۇ، سىز ئۆگىنىڭ ئەمىسە.

— سىز ئۆگىتىپ قويامسىز؟!

رۇستەم ئەتىسىدىن باشلاپ قىزغا ئېلىپبە، قېرىنداش، دەپتەر قاتارلىقلارنى ئەكىلىپ خەت ئۆگىتىشكە باشلىدى. رۇستەم پولكتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەربىي مەشق ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىدىن چۈشۈپلا ئۆستەڭ بويىدىكى يالغۇز سۆگەت تۈۋىگە يۈگۈرەيتتى. جۆھەرگە يېڭى سۆز - جۈملىلەرنى يېزىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى تەكشۈرەيتتى. بىر كۈنى قىز رۇستەمگە تاپشۇرۇق دەپتىرىنى كۆرسەتكىلى ئۇنىمىدى. رۇستەم زومۇ - زو دەپتەرنى ئېچىپ كۆرۈۋەدى، پۈتۈن بىر بەتنىڭ «رۇستەم»، «رۇستەم مۇئەللىم»، «رۇستەم ئاكا ...» دېگەن خەت بىلەن توشۇپ كەتكىنىنى كۆردى.

— ئۆگىنىشىڭىز ناھايىتى ياخشى، جۆھەر، — دېدى يىگىت ھاياجىنىنى يوشۇرۇپ ۋە قىزنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزۇپ، — ئوقۇمىغان ئادەم كۆزى ئوچۇق قارىغۇغا ئوخشايدۇ ... نادانلىق بىر مىللەتنىڭ مەڭگۇ قەد كۆتۈرەلمەسلىكىنىڭ زەنجىرى...

.............

پولكوۋنىك بىلەن شتاب باشلىقى ھاياجان ئىلكىدە قىزنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىدى. ئۇلار جاھاننى ئىس - تۈتەك قاپلاپ، ئادەم بۇرنىغا قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان دەھشەتلىك ئۇرۇش مەزگىللىدىمۇ ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر مىللىي ئارمىيە جەڭچىسىنىڭ ئېسىل خىسلەت، پاك پەزىلىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەنىدى.

— ئۇ كۈنى، — دېدى قىز يىغلامسىراپ، — ئۇنىڭ دەرس ئۆتىدىغان ۋاقتى ئىدى. لېكىن ئۇ يىراقتىنلا «مەن ھازىر ۋەزىپە ئۆتەيدىغان بولۇپ قالدىم» دەپلا يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى.

— بۇ قانداق گەپ بولدى، — دېدى پولكوۋنىك شتاب باشلىقىغا، — ئۇ، ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى بىلمەمدۇ؟

— شۇنداق، ئۇ كۈنكى ۋەزىپە ئەسلى ئورازغەلىنىڭ ئىكەن. لېكىن ئۇ كېسەل بولۇپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىزۋوت كاماندىرى رۇستەمنى بەلگىلىگەن.

— مەن... مەن بىر نەچچە كۈنلۈك دەرستىن قالدىم، — دېدى جۆھەر يىغلامسىراپ، — باشلىق، ئۇنى قويۇپ بەرسىڭىزچۇ ... مانا قاراڭ، ئۇ تاپشۇرۇقلىرىمنى تەكشۈرمەكچى ئىدى.

جۆھەر ياغلىقتا ئورالغان دەپتەرلىرىنى ئاچتى. پولكوۋنىك قىسمدىكى ساۋاتسىزلارغا تارقىتىپ بېرىلگەن ئېلىپبەنى كۆرۈپلا تونۇدى ۋە دەپتەردىكى ئەگرى - بۈگرى، قىڭغىر - قىيسىق يېزىلغان خەتلەرنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«رۇستەم ئاكا: مېنىڭ ئۈچۈن، دادام ئۈچۈن، ھەممە ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى كۆپ يوقىتىڭ...»، «قەدىرلىك رۇستەم ئاكا، مېنىڭ ئۈچۈن ئامان بولۇڭ...»، «رۇستەم ئاكا، سىز مېنىڭ دىلىمنى يورۇتقان تۇنجى ئۇستازىم...»، «رۇستەم ئاكا، خۇدا سىزنى ھەرجايدا ئامان ساقلىغاي...».

— يارايسىز قىزىم، ئوبدان ئۆگىنىپسىز، بۇندىن كېيىن تېخىمۇ تىرىشىڭ. بۇ نەرسىلىرىڭىز مەندە قالسۇن، ھەممىسىنى كۆرۈپ چىقاي، ماقۇلمۇ؟

— ماقۇل...

*    *

كاپىتان شتابقا رۇستەم بىلەن ئابلىزنى باشلاپ كىرگەندە شتاب باشلىقى كىرسىن لامپىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا پۈتۈن زىمىنى بىلەن خەرىتىگە قاراپ تۇراتتى. پولكوۋنىك بولسا، نېمىلەرنىدۇر يېزىۋاتاتتى. كىرگۈچىلەر قوللىرىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشتى.

— بۇيرۇققا بىنائەن رۇستەم بىلەن ئابلىز كەلدى، — دېدى كاپىتان.

ئۆزلىرىنى نېمە ۋەجىدىن چاقىرغانلىقىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان رۇستەم خىيالىدا «مېنىڭغۇ چوقۇم جازالايدۇ، ئابلىز بىچارىگە نېمە ئىش بولغاندۇ؟» دەپ ئويلايتتى.

— ئىككىڭلار قەيسەر جەڭچىلەر، — دېدى پولكوۋنىك ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — رۇستەمنىڭ قاراۋۇللۇقنى تاشلاپ قاچقانلىقى ئۈچۈن دالا سوتىغا تاپشۇرۇش كېرەك ئىدى...

— يولداش پولكوۋنىك، مېنى قاچتى دېمىسىڭىز...

— قاراۋۇللۇق ئورنىدىن ئايرىلىش كەچۈرگۈسىز جىنايەت، — دېدى پولكوۋنىك جىددىي قىياپەتتە، — هازىر سىلەرگە مۇھىم ۋەزىپە تاپشۇرۇلىدۇ. ۋەزىپىنى چوقۇم ئورۇنلاپ، ئۆز گۇناھىڭنى يۇيۇشۇڭ كېرەك. ئابلىز سەن بىلەن بىرگە بارىدۇ!

— ۋەزىپىنى قەتئىي ئورۇنلايمىز!...

— هازىر بىزنىڭ جەڭگە هۇجۇم قىلىش يولىمىزنى دۈشمەننىڭ 65 - نومۇرلۇق پوتىيى توساپ تۇرىدۇ. بۇنى يوقاتماي تۇرۇپ، بىزنىڭ ئىلگىرىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. تەپسىلى ئەھۋالنى شتاب باشلىقى تونۇشتۇرىدۇ.

- شتاب باشلىقى ئىككى جەڭچىگە خەرىتىدىن پوتەينىڭ ئورۇنلىشىش ئەھۋالى ۋە مېڭىش يوللىرىنى تەپسىلى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن، ئۇلارغا جىكىلەپ:

— بىز سائەت 4 تە هۇجۇم باشلايمىز، سىلەر شۇ ۋاقىتقىچە پوتەينىڭ ئىشىنى تۈگىتىپ، بىزنىڭ هۇجۇمىمىزغا يول ئېچىشىڭلار كېرەك، — دېدى.

— رۇستەم، — دېدى پولكوۋنىك ئاخىرىدا ئېلىپبە بىلەن دەپتەرنى ئېلىپ، — بۇلارنى ئېلىۋال، قايتىپ كەلگەندە ئۆزۈڭ تاپشۇرۇپ بېرەرسەن!

رۇستەم ئېلىپبە بىلەن دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ هەيرانلىقتىن پولكوۋنىكقا لەپ قىلىپ قارىدى ۋە پولكوۋنىكنىڭ كۈلۈپ تۇرغان چىرايىدىن هەممە ئىشنى چۈشىنىپ، ئىزا تارتقىنىدىن ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى ...

..............................

ئۇلار يولغا چىققاندا تۈن نىسبى بولغانىدى. ئاسماننى قويۇق قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە، بىر قەدەم ئارىلىقتىكى نەرسىنى پەرق ئەتمەك تەس ئىدى. غەربتىن ئۇرۇۋاتقان شامال قومۇشلارنى ئەنسىز شالدىرلاتاتتى. ئارىلاپ يىراقتىكى دۈشمەن پوتەيلىرىدىن ئۈزۈپ - ئۈزۈپ ئېتىلغان پىلىمەوت ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

رۇستەم بىلەن ئابلىز قومۇشلۇقلار ئارىسى بىلەن خېلى ئۇزۇن مېڭىپ قىرغا تاقاشتى. ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى سۇ ئاقمىغان كۆتەمە ئېرىق ئىچى بىلەن ئىلگىرىلەپ كەتتى. رۇستەم ئارىلاپ قولىنى سوزۇپ سىيلاشتۇرۇپ نېمىنىدۇر ئىزدىگەندەك توختايتتى. دۈشمەن پوتەيلىرىنىڭ بىرسىدىن پىلىمەوت ئېتىلسا، قالغان ئوت توچكىلىرىمۇ «بىزمۇ ئويغاق» دېگەندەك ئوق چىقىرىپ قوياتتى.

نىشانسىز ئېتىلغان ئوقلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا قىپ - قىزىل ئىز قالدۇرۇپ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كېتىشەتتى.

— قىش يۇلغۇن، — دەپ پىچىرلىدى رۇستەم مېڭىشنى توختىتىپ.

ئۇلار خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن ئىككى تۇپ بەلگە يۇلغۇننىڭ ئېنىق مۇشۇ ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەندىن كېيىن، دۈشمەن تەرەپنى كۆزەتتى. يېقىنلا يەردىن پىلىموت ئېتىلىپ ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدىن ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇلار ئوق چىققان پوتەي تەرەپكە ئۆمۈلەپ مېڭىپ، پوتەيگە ئاز قالغاندا، سۇ تىۋلدۇرۇلغان خەندەككە تاقاشتى. بۇ گومىنداڭنىڭ مۇداپىئە خەندىكى بولۇپ، تۆت مېتىر كەڭلىكتە ئىدى. خەندەككە تىۋلدۇرۇلغان سۇ ئۇزۇندىن بېرى ئاقمىغاچقا سېسىپ بەدبۇي پۇراق چىقىرىپ تۇراتتى.

رۇستەم خەندەك ياقىلاپ ئۆمۈلەپ خېرىتىدە كۆرسىتىلگەن ئىككى تال ياغاچ قويۇلغان كۆۋرۈكنى ئىزدەشكە باشلىدى.

شامال قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار ئاندا - مۇندا جىمىرلاشقا باشلىدى. تاڭ يورۇشقا ئاز قالغانىدى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن رۇستەم گىراناتلار ۋە ئاپتوماتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەندەكتىكى سۇغا سېرىلىپ چۈشتى. ئۇ ئۆتۈپ بولۇپ ئابلىزغا شەپە بەردى.

رۇستەم بىلەن ئابلىز قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن، تېزلا ئېلىنغان ئويمانغا چۈشۈپ ئەتراپنى ئىنچىكىلەپ كۆزەتتى ۋە پوتەيدىكى كۆزەت قىلىۋاتقان دۈشمەن قاراۋۇلنىڭ ئېھمىلەرىندۇ چۈشىنىكسىز غىڭشىپ پوتەينىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار گىراناتقا شەپكىسىنىڭ قىرىغا قىستۇرۇۋالغان قەلەمچە شەكىللىك كاپسۇللىرىنى بېكىتىشتى، بىرنەچچە گىراناتنى جۈپلەپ باغلاپ، تېزلىك بىلەن پوتەي قېشىغا كەلدى-دە، ئىككىسى تەڭلا گىراناتلىرىنى پوتەيگە تاشلىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئارانلا ئويمانغا تاشلاشقا ئۈلگۈردى. «گۈم ... گۈم ...» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پوتەينىڭ بىر تەرىپى بۆسۈلۈپ چۈشتى. ئۇلار چەبدەسلىك بىلەن ئۆرۈلگەن يەردىن ھۇجۇم قىلىپ، گاڭگىراپ قالغان بەش دۈشمەننى ئاپتومات بىلەن يەر چىشلەتتى ...

ئەتراپتىكى پوتەي ۋە ئوت تىزچەكلىرىدىن توختىماي ئوق ئېتىلىشقا باشلىدى. ۋارقىرىغان ئاۋازلار، پۇشتەكلەرنىڭ چىقىراشلىرى، ئوق ئاۋازلىرى قوشۇلۇپ كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى.

رۇستەم بىلەن ئابلىز پوتەي ئىچىگە سەكرەپ چۈشۈپ قىڭغىيىپ ياتقان پىلىموتنى سۆرەپ سىرتقا ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، دۈشمەن تەرەپكە توغرىلاپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. باشلىقلىرىنىڭ ھەيۋە قىلىشى بىلەن پوتەي تەرەپكە قالايمىقان ئوق ئېتىپ يوگۈرۈپ كېلىۋاتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى پوتەيگە يېقىنلاشقاندا، رۇستەم پىلىموتتىن مۆلدۈردەك ئوق ياغدۇردى. پىلىموتقا ئوق سېلىپ بېرىۋاتقان ئابلىز پوتەي ئىچىدىن يىغىۋالغان گىراناتلارنى ئاردىلاپ دۈشمەنگە قارىتىپ ئاتاتتى.

شىددەت بىلەن سايراۋاتقان پىلىموت بىردىنلا توختىدى.

— رۇستەم! ...

پىلىموت رۇچكىلىرىنى چىڭ تۇتقان رۇستەم جاۋاب بەرمەي جىم تۇراتتى. ئۇنىڭ يارىلانغانلىقىنى بىلگەن ئابلىز رۇستەمنى يۆلىمەكچى بولىۋىدى، قولىغا ئىسسىق قان ئۇرۇلدى ...

— رۇستەم! ...

— پىلىموتنى ئال ... تېز... تېز بول....— رۇستەم ئاستا، ئەمما جىددىي ئاگاھلاندۇردى.

ئابلىز يېپىۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان دۈشمەنگە غەزەپ بىلەن ئوق ياغدۇردى. شۇ ئەسنادا گۈمبۈرلىگەن سىنارەدلەر كۆكنى يېرىپ پارتلاشقا باشلىدى. دۈشمەن پاتىپاراقلىشىپ تەرەپ - تەرەپكە قېچىشماقتا ئىدى.

— رۇستەم! ... رۇستەم، قارىغىنا، بىزنىڭكىلەر ھۇجۇم باشلىدى ...

رۇستەمنىڭ سول كۆكرىكىدىن قان سىرغىپ ئاقماقتا ئىدى. ئابلىز مايكىسىنى يىرتىپ ئۇنىڭ يارىسىنى ئەپلەپ تاڭدى.

— دۈشمەن قېچىۋاتىدۇ ... ئاڭلاۋاتامسەن، قارا «ھۇررا» ئاۋازى، — ئابلىز ھاياجان بىلەن توۋلىدى.

دەرۋەقە، جەڭچىلەرنىڭ «ھۇررا» ساداسى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— چولپان چىقىپتۇ ... — دېدى رۇستەم كۆك ئاسمانغا تىكىلىپ، — ئابلىز قارىغىنا، ئۇ جۆھەرنىڭ كۆزىگە ئوخشايدۇ - ھە؟... ئەنە ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈۋاتىدۇ ...

رۇستەمنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى ئاستىلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئابلىز يىغلىۋەتتى.

— بۇنى جۆھەرگە بېرىپ قوي، — دېدى رۇستەم قوينىدىن قىپ - قىزىل قان بىلەن بويالغان ئېلىپبەنى تەستە ئېلىپ، — ياخشى ئۆگەنسۇن! بىز خەق ئۆگىنەلمىگەنلىكىنىڭ زىيىنىنى كۆپ تارتتۇق ...

— رۇستەم بۇلارنى ئۆزۈڭ ئاپىرىپ بېرىسەن، غەيرەت قىلساڭچۇ!

— بولدى، كۆڭلۈمنى ئاۋۇتما، ئاڭلاۋاتامسەن، — دەيتتى رۇستەم سۆزىنى ئۈزۈپ - ئۈزۈپ، — بىزنىڭ زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەۋاتىدۇ ... ئابلىز ... بايرىقىمىزنى ئېگىز قاداڭلار ... مەن ... كۆرۈپ ... يا ... تاي ...

— رۇستەم! ... رۇستەم! ... — ئابلىزنىڭ ئەنسىز ۋارقىراشلىرىدىن رۇستەم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتقان قاپاقلىرىنى تەستە كۆتەردى:

— ئابلىز، — دېدى ئۇ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، — پولكوۋنىكقا دەپ قويغىن، مېنى قاچتى دېمىسۇن! مەن ... مەن ... بەكمۇ نومۇس قىلمەن !!!

ئىلھامجان ئابلىز

# كۆڭۈل چەشمىلىرى

ئىلھامجان ئابلىز 1967 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «ئۇكامغا نەسىھەت» 1983 - يىلى قەشقەر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان.

تەھرىردىن.

## پەرۋاز قىلىپ ئۇچقان بۈركۈتمەن

چوققىلار كۆك تىرەپ تۇرىدۇ مەغرۇر،
ئۇنىڭغا ئەسىر بوپ قادىلار كۆزۈم.
شاھلارمۇ سەزمىگەن بۇنچىلىك ھوزۇر،
شادلىقنىڭ تەختىدە تۇرىمەن ئۆزۈم.

چوققىلار قەلبىمدە يۈكسەك مۇئەككەل،
سۆيگۈم ئۇ، ئۇنىڭغا قىلىمەن تائەت.

سۆيگۈسىز دەقىقە ئۆمرۈمگە ئەجەل،
نەسلى مەن ئاشىقنىڭ، لەۋزىم ساداقەت.

چوققىلار، ئۈمىدىم ماۋزۇلىرى سەن،
بېرىسەن ئۆمرۈمگە كۈچ ۋە قۇت، ئارام.
پەرۋاز قىپ سەن تامان ئۇچقان بۈركۈتمەن،
سەندىكى مەغرۇرلۇق ياشاش لوگىكام.

## قىزارغان ياپراق

ئاي كۈلۈپ نۇر تۆكەر يۈزۈمگە تال - تال،
گۈل ھىدى قەلبىمدە قوچىدۇ شادلىق.
سۆيۈدۇ ناز بىلەن يۈزۈمنى شامال،
يار ۋىسال كېچىسى سۆيگەندەك تاتلىق.

ئىنتىزار بولغانچە چۆممەن ئويغا،
«گۈلۈمنىڭ ۋەدىسى كەتتىكىن قاياق؟»
سېغىنىش ھېسلىرىم بەرگەنمۇ شەپە،
تىترەيدۇ شاخلاردا ئۇياتچان ياپراق.

شاماللار چاقىرىپ قويدىمۇ يارنى،
ۋە ياكى سېغىنچىم يەتتىمۇ ئاڭا.

كېلىدۇ چىرايلىق شەھلا كۆزلىكىم،
كېلىدۇ كىيىكتەك ئېتىلىپ ماڭا.

يىگىتلىك ھېسلىرىم قوزغىغان كەلكۈن،
دولقۇنلار ئەۋجىدە. جانان نازلىنار.
دىل خانەم بۇ كېچە نۇرغا چۆمۈلۈپ،
سۆيگۈدىن يۈرىكىم تارى سازلىنار.

ئاھ، ئۇيۇق سوزۇلۇپ تاڭ ئاتتى ئاپئاق،
قىزىرار جىلۋىلىك ئۇياتچان ياپراق.

## قۇياش ھەسرىتى

ھەسرەتلىنىپ قىسمەتلىرىگە،
ئۆلۈق - كىچىك تىناركەن قۇياش،
يامغۇر بولۇپ تۆكۈلەر ئىمىش
تامچىلىسا كۆزلىرىدىن ياش.

ئۇ ئۆزىگە شۇنداق دەيدىكەن:
«بىر يولىلا كەتسەمچۇ تۈگەپ؛
چاچالمايمەن نۇرۇمنى زىنھار
قاراڭغۇ دىل قەينىغا ئەجەپ ...»

## بىر شاختىكى مېۋىلەر ئەجەب ...

باغ سەيلىسى قىلدىم مەن خۇشال،
مەي باغلىغان مېۋىگە قاراپ؛
ئۆزۈپ شاختىن بىر نەچچە ئۆرۈك،
ھەيران بولدۇم، شادلىقىم تاراپ.

بىرى غورا، بىرى بوپتۇ قاق،
بىرى سېسىپ قاپتۇ قۇرۇت يەپ.
بىر يىلتىزدىن ئوزۇق ئېلىپمۇ،
بىر خىل بولۇپ پىشماسكەن ئەجەب؟ ...

## ئۈمىد ئىشقى

بىلمەك بولۇپ قۇياش سىرىنى،
بىر دانىشمەن سورىدى شۇنداق:
«نۇر تۆكسەن، ئەي قۇياش، نىچۈن،
جىسمىڭ ئوتمۇ، خىسلىتىڭ قانداق؟»

«مەن ھېچ قانداق تىلسىمات ئەمەس، —
دېدى، — قۇياش قاقاقلاپ كۈلۈپ، —
نۇر چاچىمەن جاھانغا پەقەت
سۆيگۈ، ئۈمىد ئىشقىدا كۆيۈپ.»

## بۇ قانداق ھال

مەيىن شامال سۆيۈپ ئۆتتى گۈل شېخىنى،
نازۇك تىترەپ ئىغاڭلىدى گۈل ياپرىقى.
ئاھ! نائىلاج
ئۇچتى بۇلبۇل
ئوقۇپ سۆيگۈ قىسسەسىنى.
ئەنە كىردى گۈلزارلىققا
بىر غۇنچە لەۋ ساھىبجامال.
قۇچاق ئېچىپ كۈتتۈۋالدى
گۈلچى يىگىت بولۇپ، خۇشال.

شۇ چاغ
گۈلنىڭ كۆزلىرىدىن ئاقتى يېشى،
دىلدا ھىجران ۋەسۋەسىسى.
گۈلنى ئۈزدى ساپىقىدىن
قىز ئاشىقى كېلىپ دەرھال.
قىستى يارى چېكىسىگە،
سۆيگۈسىدىن تېپىپ ۋىسال.
بىراق كەتمەي گۈلزارلىقتىن
بۇلبۇل يىغلار.
بۇ قانداق ھال؟

## قونغىنى ئۈستۈڭگە خەلقىم رەھمىتى

تاڭ قىزى، ھەر سەھەر كۆرگەندە سېنى
قەلبىمدە ھۆرمىتىم ياسايدۇ دەريا.

قوندۇزدەك چېچىڭغا قونغان تۇزاڭلار
كۆرۈنەر كۆزۈمگە نۇر بولۇپ گويا.

سۈيۈرگەك ئۈينىسا يوللار ئۈستىدە،
ئازادە بىر مۆھىت ئاچار خۇش چىراي.
تالاي كۆز ھۆرمەتتە باقىدۇ ساڭا،
شۇ كۆزلەر قاتارى قارايمەن تويماي.

ئەي چېۋەر، غۇنچە لەۋ، مېھنەت ئاشىنىسى،
قەلبىمدە ئاشماقتا ھۆسنۈڭ قىممىتى.
قىزنىغىنى ئۈستۈڭگە چاڭ - توزاڭ ئەمەس،
گۈزەللىك يۇلتۇزى، خەلقىم رەھمىتى.

## بۇلاق سۆيگۈسى

چېچىپ ھەريان زۇمرەت چاچقۇلار
بۇلدۇقلايدۇ، ئۇقچۇيدۇ بۇلاق.
سۆيگۈ ئىزھار قىلىپ تولۇنئاي،
سۇ يۈزىدە كۈلىدۇ ئۇماق.

سۆيسە بۇلاق يۈزىنى شامال،
ئاي قاچىدۇ، كېتىدۇ ھەريان.
شامال تىنجىپ، كېلەر ھىلال ئاي،
بۇ سەپەرگە بولىمەن ھەيران.

بىر سۆيگۈنىڭ ئىلكىگە ئەسىر —
بولۇپ كۆڭلۈم يايرار ئاجايىپ.
سۈزۈك، شېرىن بۇلاق سۈيىدىن
لېۋىم تامشىپ ئىچىمەن قېنىپ.

•

ئاھ، كۈلىدۇ بۇلاق ۋىلىقلاپ،
كۈلگەن كەبى بۆشۈكتە بوۋاق.
ئاي نازلىنار بۇلۇتنى يېرىپ،
مەن قارايمەن بۇلاققا ئۇزاق.

## يۈرىكىڭگە ئاقاي نۇر بولۇپ

بەختىڭ تۇرلۇق بولسۇن، دەيسەن ئانا
ھەر چاغ،
ئېقىپ قەلبىڭ دالاسىدا نۇر دەرياسى.
قىران ئۆستۈم شاھتا ھەۋەس قوزغىنىدەك،
سەن چاچرىتىپ كۆزلىرىڭدىن قۇت جىلاسى.

ئاقاي نۇر بوپ يۈرىكىڭگە، ئەي ئانىجان،
ئالغىن ئۇنى كۆزلىرىڭگە گۆھەر قىلىپ.
قىلاي ساڭا مەن بىر ئۆمۈر خىزمەت ئانا،
كۆزلىرىڭدىن ياش ئەگىپتۇ، قاپسەن تېلىپ.

مۇختەر مەخسۇت

# شېئىرلار

## گۈزەللىك غالىپتۇر

گۈزەللىك ئىشقىدا يۈرىكىم ئاتەش،
چاڭقىغان ھېسلىرىم باشلايدۇ مېنى.
كېلىمەن ساھىلنى بويلاپ يىگانە،
خىيالىم دولقۇنغا تاشلايدۇ مېنى.

لەك ئۇرۇپ ئاقىدۇ دەريا تىنىمسىز،
بېتىدىن زۇمرەتتەك سۈزۈكلۈك ئايان.
ئېقىنىدا نۇرىنى چايقايدۇ قۇياش،
تەلمۈرۈپ ئەكسىنى كۆرەر ھەم ئاسمان.

چوققىدىن باشلانغان، ئەي دەريا، ساڭا
قوشۇلدى قانچىلاپ ئەگىزۇ - قىيان.
سۆيۈنگنى بولغىماق قەستىدە چۆشكەن
شۇ لاتقا، چاۋارلار كەتكەندۇ قايان؟

ھە مانا، ئالدىمدا ئەزىمەت دەريا،
ساھىلغا ئۇرۇلۇپ تىنماي شاقىرار.

قىرغاققا قىستىلىپ قاپتۇ خەس چۆپلەر،
ئېقىندىن پىنھاندا تورۇپتۇ ئۇلار.

بۇ قىزىق مۇئەمما، بۇ جەزىبىدىن
قىلدى پاك بىر تۇيغۇ روھىمدا جەۋلان.
كەلمەكتە دەريانىڭ شاقىرىشىدىن
«گۈزەللىك غالىپتۇر» دېگەن بىر چۇقان!

## تارتۇق قىلغۇم كەلدى ساڭا قۇياشنى

ئۆزىڭدۇ سېنى خاڭنىڭ ئاستىغا
ھەر دائىما تاڭ شەپىقى جۇلاسى.
سەن چىقسەن قوندۇرغاندا قۇياشنى
چوققىسىغا غەربىي تاغنىڭ قىياسى.

سۆيۈندۈرەر مېھنەت ئىشقى دىلىڭنى،
يەر قاتلىمى قارا ئالتۇن دۇنياسى.
تۈن ئىلكىدىن بىزگە ئاپتاپ يوللايسەن،
دېسەم ھەقلىق سېنى نۇرنىڭ خۇداسى.

بىلەلمەيمەن سەن ئۆمرۈڭدە قانچىلىك
ھوزۇرلاندىڭ ئەلۋەك قۇياش تەپتىدىن.
قۇياش سۆيگەن ئىزلىرىڭنى تاپالماي،
ئاختۇرىمەن يەنە يەرنىڭ تەكتىدىن.

ئەلگە ئاپتاپ، ئەلگە يالقۇن بەخش ئېتىپ،
راۋا كۆردۈڭ خاڭچى شۇنداق ياشاشنى.
قۇربىم يەتسە ئەجرىڭ ئۈچۈن مۇكاپات،
قىلار ئىدىم ساڭا نۇرلۇق قۇياشنى!

## مەن بۇلاقمەن

مەن بۇلاق بوپ قايىنىدىم، بىراق
تەنتەكلىكىم ئەمەس بۇ زىنھار.
شوخلۇق بىلەن بولدۇقلاپ تۇرسام،
شاللاقكەنسەن دەمسەن ئەي نىگار؟

قايناپ چىقتىم زېمىن تەكتىدىن،
سادالىرىم زېمىن ناۋاسى.
كۆيلىرىمدىن جانلىنار ھەرۋاق.
ئانا يۇرتنىڭ چەكسىز دالاسى.

ياقتۇرمايمەن تۇرغۇن سۇ بولۇپ،
كۆلچەكلەردە بىخسىپ يېتىشنى.

مەن سۆيىمەن شوخ كىيىك كەبى
قىيغىتىشنى، سەكرەپ چېپىشنى.

مەن بۇلاقمەن، ئۇرغۇپ ئاقىمەن،
ئېقىنلىرىم چاقنار زۇمرەتتەك.
چاڭقىغانغا شەربەتمەن گويا،
بەھرىم چۆلنى قىلىدۇ جەننەت.

بوستانلاردىن ۋىلىقلاپ ئۆتسەم،
مۆكۈلىرىنى ئېلىپ كېتىمەن.
جىمىپ قالسام، ئەيىب ئەتمەڭلەر،
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كېتىمەن.

داۋۇتجان سەيدىن

# ياشنىدى ياشلىق باھارىم

## قۇياش تۇغۇلدى

تاڭ سۈزۈلدى،
ئۈچتى يۇلتۇزلار،
ئايمۇ مۆكتى بۇلۇت كەينىگە.
كۆك گۈمبىزى ئېلىپ زەڭگەر رەڭ،
شەرقىي ئۇپۇق ئاقاردى ئەنە.

چوققىلارنى سۆيۈپ ئالتۇن تۇر،
بەردى يېڭى تاڭدىن خۇش خەۋەر.
كەزدى ھەريان ئەركە شوخ سابا،
قىن - قىنىغا پاتماي شۇ قەدەر.

دەل - دەرەخلەر تولغاپ بېلىنى،
پۇلاڭلىتىپ نازۇك قولىنى،
تەبرىكلىدى قىلىپ تەنتەنە،
يېڭى تاغنىڭ قۇياش ئوغلىنى.

قۇياش بىلەن باشلاندى شۇنداق،
شان - زەپەرگە تولغان يېڭى كۈن.
يىغىشتۇرۇپ ئېتەكلىرىنى
قاچتى ئاستا قاباھەتلىك تۈن.

## ئېقىنلار

ئېقىنلار!
ئانا يۇرت ئابى ھاياتى،
كۆز ئاچقان مەن گۈزەل قىرغاقلىرىڭدا.
سۆيۈنگەن تاشلىرىڭ، قەترەڭ، گۈللىرىڭ
بېرىپ رەڭ، جۇلالار بوۋاقلىقىمغا.

بەخش ئېتىپ كۈچ - قۇۋۋەت جىسمىمغا سۈيۈك،
تارتقانتى ئانامدەك ئىللىق قوينىغا.
گۆدەكلىك چاغلىرىم ئۆتكەن سەن بىلەن،
چىرمىشىپ ھەم گىرە سېلىپ بوينۇڭغا.

گۈللىدى، ياشنىدى ياشلىق باھارىم،
ئېقىنلار تېخىمۇ شەيدا مەن ساڭا.
ئېچىلغاچ بويۇڭدا سەر خىل گۈل - چېچەك،
مەس قىلدىڭ سوغا قىپ ئىپار ھىد ماڭا.

ئىپار ھىد لەززىتى مەستانىسى بوپ،
تۈنىدىم نەچچە كۈن چىمەنلەر ئارا.
شاۋقۇنۇڭ يېقىملىق ناخشا - كۈي بولۇپ،
كۆكتە ئاي - يۇلتۇزلار بولدى دوست ماڭا.

كەڭ بولغاچ مەن ئۈچۈن قۇچىقىڭ، مېھرىڭ،
بەختىمگە يول ئاچتىم، ۋىسالغا يەتتىم.
ئۆركەشلەپ توسقۇنسىز ئېقىشلىرىڭنى،
مۇھەببەت - سۆيگۈمگە چىن گۇۋاھ ئەتتىم.

ئېقىنلار — ئانا يۇرت ئابى ھاياتى،
ھەمراھمەن ئەزەلدىن دولقۇنلىرىڭغا.
بىللىق بوپ قوينۇڭدا ئۈزۈپ بىر ئۆمۈر،
جۆر بولغۇم كېلىدۇ شاۋقۇنلىرىڭغا.

## تەلەي ساڭا باققاندا

ئۇچراپ ساڭا ئەدەبلىك،
سالام قىلدىم ئېگىلىپ.
كۆرمىگەندەك ئۇن - تىنسىز،
ئۆتتۈڭ كەتتىڭ گىدىيىپ.
بولۇپ كۆڭلۈم بىر قىسما
قالدى سەندىن چىگىلىپ.

ئاداش ئىدۇق تۇنۇگۈن
تاغدا پادا باققاندا،
بولۇپ قاپسەن تونۇماس
ئەمەل تاجى تاققاندا.
ۋىجدان شۇنداق بولامدۇ،
«تەلەي» ساڭا باققاندا؟

## تاغ ئىشقى

نەقەدەر گۈزەل - ھە، تاغلار ئارىسى،
نەقەدەر شاۋقۇنلۇق دەريا ۋادىسى.
سېغىنار تاغلارنى، دەريا - ئېقىننى،
تاغلارنىڭ شەيداسى — تاغنىڭ بالىسى.

تاغلاردا رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلار،
شۇڭلاشقا شۇنچە ساپ خۇش بۇي ھاۋاسى.
تاغلاردا قۇشلار كۆپ، شۇڭا يېقىملىق
تاغلارنىڭ ناخشىسى — تاغلار ناۋاسى.

**مۇختەر سوپى**

# ئۈچ شېئىر

## قولۋاق ۋە پالاق

زۇمرەت كۆلنىڭ ئۈستىدە قولۋاق
ئۈزۈپ بارار ئاققۇ مىسالى.
سۇغا دەھشەت ئۇرۇلار پالاق،
چاچراندىلار چاچقۇ مىسالى.

تەپەككۇرۇم كۆزىدە باقتىم،
پالاق ئېلىپ ماڭغان قولۋاققا.

گۈزەل ھايات بەھرىدە ئاقتىم،
تاشتى دىلدىن سۆيگۈم پالاققا.

مەن بىر قولۋاق، ئىرادەم پالاق،
مەنزىلىمدۇر شۇ گۈلگۈن قىرغاق.
كۈچ بېغىشلار ئۈمىد، ئىرادەم،
يوللار قانچە بولسىمۇ يىراق.

## دەيمەن شۇڭا بىز قانداق ئىناق

كۆزلىرىڭدىن ئېتىلغان ئوقيا
يۈرىكىمنى قىلدىڭ شىكار.
بولغاچ بىزنىڭ قەلبىمىز تۇتاش،
سەن ياقىسەن ماڭا بەك، نىگار.

ياشلىقىمىز تاڭدا شەبنەمدەك،
كۈن نۇرىدا چاقنايدۇ ئوتقاش.
بىزگە بەخت قوشلاپ كەلگەندەك،
تىلەك ئوخشاش، ھېس - تۇيغۇ ئوخشاش.

سەن سۆيسەن مېنى، مەن سېنى،
سەن سۆيسەن پەننى، مەنمۇ ھەم.
مەن سۆيىمەن ئۇلۇغ ۋەتەننى،
مەن سۆيگەننى سۆيدۇڭ سەنمۇ ھەم.

دەيمەن شۇڭا، بىز قانداق ئىناق،
قەلبىمىزدۇر ھەمىشە ئويغاق.
بىزنى باغلاپ تۇرار بىر ئۈمىدە
بىزنى باغلاپ تۇرار ئىشتىياق.

## ۋەتەنگە

سايرامدىكەن بۇلبۇل سەھەردە،
گۈل ئىشقىدا كۆيمىسە ئەگەر؟
ئۇرامدىكەن پەرۋانە ئۆزىنى،
ئوتنى ياخشى كۆرمىسە ئەگەر؟

يېزا، ئورمان، تاغ، دەريالىرىڭ
بەردى ماڭا گۈزەل تۇيغۇلار.
ئۆركەشلىدى دىلىمدا ئارمان،
ئۆركەشلىدى ئۇلۇغ ئارزۇلار.

مەن تۇغۇلۇپ ئۆستۈم، ۋەتىنىم،
قۇچىقىڭدا قابىل ئەر بولۇپ.
مۇھەببىتىم باغلاندى ساڭا،
قەلبىم ئوتلۇق مېھرىڭگە تولۇپ.

شۇڭا دەيمەن: ئەي جان ۋەتىنىم،
كۆلەر سەندىن ئارزۇيۇم بەختىم.
ئىشقىڭدا مەن بوپقالدىم شائىر
يۈرەك كۈيۈم ساڭىلا تەقتىم.

ئالاھىدىن ئابدۇرىشت

## قۇياش ۋە مەن

ھوشقىتار شۇم بوران چىللاپ كېچىنى،
ئاپئاق باش چوققىلار كۆرۈنەر غۇۋا.
زېمىندا مىڭ پەرى يايغان چېچىنى،
نەدىدۇر شاقىراپ ئاقىدۇ دەريا.

كۈتىمەن قۇياشنى كۈتىمەن ھامان،
ھىجراندا زارىقىپ كەتمەيمەن ئانچە.
گۈكىرەپ ئالەمنى بىر ئالسا بوران،
كۈتىمەن، ئۇنىڭمۇ ھەيۋىسى قانچە؟!

قەلبىمدىن يۇلتۇزلار كۆچەر ساماغا،
تىنىقىم بوراننى سۈرۈپ بارىدۇ.
يۈرىكىم يامىشار گاھى قىياغا،
ۋە گاھى دەريادا ئۈزۈپ بارىدۇ.

خىيالىم بىپايان - چەكسىز كەڭلىكتە،
ئاھ قۇياش كېلىدۇ سامانى بويلاپ.
(كېلىدۇ گاھ كۈلۈپ، گاھى تەڭلىكتە)
سوقىدۇ يۈرىكىم شادلىقىم قايناپ.

تەلمۈرەر كۆزلىرىم ئۇپۇققا قاراپ،
ئەمەستۇر خىيالىم قەلبىمدەك سەبى.
مۇھەببەت ھېسلىرى جىسمىمغا تاراپ،
كۆيىدۇ يۈرىكىم ئوت ئالغان كەبى.

قۇياشنىڭ ھۆسنىدە جاھان زىننىتى،
دىلدىكى سۆيگۈمنى تاپقۇزار كامال.
يۈكسەكتۇر ئەقىدە - ۋاپا ھىممىتى،
سۆيدۇردى ماڭا بۇ قۇياشنى ۋىسال.

قۇياشنى قۇچاقلاپ ئۇپۇق قوينىدا
كېلىمەن، پەرۋانىمەن قۇياشقا كۆيگەن.
قوللىرىم قۇياشنىڭ ئاپئاق بويىندا،
مەنمۇ بىر قۇياشمەن ئالەمنى سۆيگەن.

باقىدۇ چېھرىمگە نۇرانە قۇياش،
يۈرەكتە، لەۋلەردە ۋىسال شادلىقى.
قويار ئۇ كۆكسۈمگە مىڭ ناز بىلەن باش،
يار ماڭا شۇ دەمدە ھايات تاتلىقى.

## ۋەتەن ئىشقىدا

ئېھ، ئانا ۋەتىنىم، كۆز ئاچتىم سەندە،
پاك سۆيگۈ تەپتىدە نەپەسىم يالقۇن.
ياشىدىم، ياشايمەن ئىشقىڭ جان - تەندە،
ئەسىرلەر بەھرىدە ئەقىدەم دولقۇن.

زېمىننى بەزىدە يالمايدۇ ئۇكيان،
تاغلارنى ئۇۋۇتار تەبىئەت تېخى.
دەريالار بەزىدە ياسايدۇ قىيان،
باغلارنى سولدۇرار پەسىل سىنىقى.

قۇياشقا ھارغىنلىق يەتكەچ، بەزى چاغ
بولۇتلار قوينىدا ئالىدۇ ئارام.
ئاينىڭمۇ يۈزىدە بارغۇ تاتۇق - داغ،
يۇلتۇزمۇ تۇمانغا بولار بەزەن رام.

بىر نېمە كېمەيمەس، ئۆزگەرمەس مەندە،
بەرگۈسى قانچىلاپ ئەسىرگە مەنە:
ۋەتىنىم، ياشايدۇ ئىشقىڭ جان تەندە،
سەن ئاتا قىلغاچ بۇ ھاياتنى ماڭا.

## نىگارىمغا

قاچانكى بولدى كۆڭلۈمدە يىگىتلىك ھېس، خىيال پەيدا،
نىگارا، بولدى سەندە بى رەھنىم، يىگانە ھال پەيدا.

خىيالىمدىن ئاشۇ ھالىڭ بىلەن غىل - پاللا بىر كەچسەڭ،
بولۇر كۆڭلۈمدە ئەقلىمنى قىلىپ لال مىڭ سوئال پەيدا.

يۈزۈڭگە ئوخشىتىپ گۈلگۈن شەپەققە، تەلمۈرۈپ باقتىم،
بولۇرمۇ دەپ جامالىڭنى كۆرۈشكە بىر ئامال پەيدا.

سەبى چاغلاردا بىز يۈرگەن گۈزەل باغلارنى سەيلى ئەتسەم،
ئۇچۇرغاي گۈل - چېچەكلەرنى بولۇپ بەڭباش شامال پەيدا.

سېھىر - جادۇ بىلەن قويغان چېغىڭ مىسكىننى بۇ ھالغا،
پىراق دەشتىدە ئاۋارە بولۇشقا بىر مىسال پەيدا.

ئۈمىدنى ئۈزمىگەي غەۋۋاس ھىجران ئوكيانىغا چۆكسە،
ئەجەبمەس بىر نىگاھ ئەتسەڭ بولۇپ بوندا خۇشال پەيدا.

ئابلىمىت سەمەت

# ئاق بېلىق

ئەي ئاق بېلىق، ئاپئاق بېلىق، سىرتى كۈمۈش قاسراق بېلىق،
بولدۇم ساڭا ئامراق بېلىق، ئەمما خۇيۇڭ قانداق، بېلىق؟

بويلاپ ئىشق دەرياسىنى كەلدىم، كۆرۈپ قالدىم سېنى،
مەپتۇن قىلىپ جىلۋەڭ مېنى، بولدۇم غۇلاچ ئاتماق، بېلىق.

ئېيتتىڭ كۈلۈپ: «يېنىمغا كەل» دەريادا ئۈزدۈم بىر مەھەل،
جانۇ - تېنىمنى قىپ بەدەل بولدۇم ۋىسال تاپماق، بېلىق.

قايىنامغا چۈشكەن ئالمىدەك لەيلەپ - چۆكۈپ بولدۇم ھەلەك،
بولسام ئاراندا يەتكۈدەك، بولدۇڭ يەنە قاچماق، بېلىق.

تولدى ئازابقا يۈرىكىم، ھەل بولمىغاچقا تىلىكىم،
قىرغاققا چىقتىم، ئۆلمىدىم، قىلدىڭ ئەجەب ئەخمەق، بېلىق.

تۇرسام قىلىپ مەن كۆز يېشى، كەلدى بۇياققا بىر كىشى،
بىلدىم: بېلىق تۇتماق ئىشى، تۇتقان ئىكەن قارماق، بېلىق.

قارماققا چوڭ يەمچۈك ئېلىپ، تۇرغانىدى سۇغا سېلىپ،
ئەقلىڭگە پەس نەپسىڭ مېنىپ بولدۇڭ ھوزۇر ئالماق، بېلىق.

بىردىنلا قارماق تارتىلىپ، چىقتىڭ سۇدىن سەن زارلىنىپ،
كۈلدى بېلىقچى شادلىنىپ، بىلدىڭ بۇنى چاقچاق، بېلىق.

باقتىڭ ئۇنىڭغا ناز قىلىپ، مېھرىڭنى ئىللىق ياز قىلىپ،
ئەمما سېۋەتكە تاشلىنىپ ياتتىڭ بولۇپ شالتاق، بېلىق.

باقتىڭ ماڭا ھەسرەت بىلەن، باقتىم ساڭا نەپرەت بىلەن،
سەندەك گۈزەل ھەم سەت بىلەن مەن خوشلىشاي پاتراق، بېلىق.

شۇنداق دېدىم، كەتتىم مېڭىپ، دىلدا ئەلەم شامى يېنىپ،
ئەمدى ساڭا بولماس نېسىپ دەريادا شاد ئاقماق، بېلىق.

هوشۇر روزى

## تارىم دەرياسى

هەر سەھەر قۇياشنى تۇغىدۇ ئۇپۇق،
سائادەت - بەختنى چاپا - مۇشەققەت.
ئاي بىلەن يۇلتۇزنى تۇغار قارا تۈن،
لېكىن ئۇ تۇغالماس ھاياتنى پەقەت.

ئۇندىاقتا ھاياتنىڭ ئانىسى قېنى؟
ئەجەبا، كىشىلەر ئۇنتۇغانمىدۇ؟
ياكى قۇم دېڭىزى ياسسا دولقۇن،
ئۇ گويا بىلىقتەك شۇڭغىغانمىدۇ؟

ياق، ئۇنى ئۇنتۇماس كىشىلەر ئاسان،
ئۇمۇ ھەم شۇڭغىماس قۇملار تەكتىگە.
ئۇ ياشار ياڭرىتىپ يېقىملىق بىر كۈي،
پاك، گۈزەل ئارزۇنى پۈكۈپ قەلبىگە.

ئۇ ياتار سوزۇلۇپ تەكلىماكاندا،
دەم ئالغان جەڭچىدەك جەڭگىۋار، ئۇماق.
بېشىنى قويۇپتۇ تەڭرى تېغىغا،
ئۇيقىغا چۆككەندەك ئۇزاقتىن - ئۇزاق.

ئويغاق ئۇ، ئەزەلدىن ئۇخلىغان ئەمەس،
ئېچىلغان چېچەكلەر، ئېچىلغان ئارزۇ.
ئوخشاتسام قەلبىمنى ساماۋى كۆلگە،
ئۇ گويا سۆيگۈگە چۆمۈلگەن ئاققۇ.

شۇڭا مەن سۆيۈنۈپ ئېيتىمەن ئاڭا:
سەن ئەسلى ھاياتنى تۇغقۇچى ئانە.
سەن ئانا يۇرتۇمنىڭ تومۇرىدا قان،
شاۋقۇنىڭ كۆڭۈلنىڭ ئاچقۇچى گويا.

چۈنكى سەن ياشناتتىڭ ھاياتنى گۈزەل،
سەن بەردىڭ يۇرتۇمغا ھاياتتىن مەنا.
كۈرەشچان خەلقنىڭ مىسالى ئۆزەڭ،
ئەي تارىم، سەن ماڭا ھاياتتىن ئەلا!

## ئۆزۈلمەس رىشتە

تۈنجى رەت كۆرگەندە ئىدىڭ سەن سەبى
ئۇچراشقان ئىككىمىز ئانا مەكتەپتە.
باراتتۇق ھەر سەھەر قول تۇتۇپ بىللە،
شۇنچە شاد، شۇنچە شوخ سادا ھەۋەستە.

ئاھ! ئۇ چاغ بالىلىق نىمانچە ئۇماق،
گاھىدا لاي قوچاق ئوينار ئىدۇق ھەم.
گاھ سەھنە تۈزەتتۇق ناخشىلار ئوقۇپ،
گويا بۇلبۇللار بولغان كەبى جەم.

بارمىدى ئۇزاققا سەبى بالىلىق،
بالىلىق ئويۇنلار بولدى يات قىلىق.
پاھ! مەكتەپ گويا بولدى بىر دېڭىز،
بىز بولدۇق ئۇنىڭغا شۇڭغىغان بېلىق.

زوق - ھەۋەس ئايرىدى كۆڭۈلنى ھەر ياق،
مەن رەسسام بولماقنى باغلىدىم نىيەت.
سەن قىلدىڭ پېداگوگ بولۇشنى ئارزۇ،
ياشلىقنى، پۇرسەتنى بىلىپ غەنىمەت.

ئېھ! ئاشۇ ياشلىقتا تۇغۇلدى غايە،
بىخ سۈردى ئۇندا ھەم سۆيگۈ - مۇھەببەت.
كۆزۈڭدە ئوتقاشتەك يالتىرىغان نۇر
قەلبىمنى كۆيدۈرگەن ئىدى تۈنجى رەت.

سەن بۈگۈن مەكتەپتە بىر مۇئەللىمە،
ياق، گويا مېۋىگە كىرگەن بىر كۆچەت.
ئالدىڭدا تەلەپكار، ئۈمىدلىك بوغۇن
ئالماقتا سېنىڭدىن بىلىم، كۈچ - قۇۋۋەت.

مەن سىزدىم تۇرمۇشتىن رەڭمۇ رەڭ رەسىم،
ئەپسۇسكى، تېخىچە سېنى سىزمىدىم.
بولغاچقا قەلبىمدە ئوبرازىڭ سېنىڭ ،
مەن سەندىن تېخىچە ئۈمىد ئۈزمىدىم.

ئابدۇغېنى ئىمىن

# مۇھەببەت لىرىكىلىرى

## بەختمۇ تىلىمە

بىر ئۆمۈرلۈك سۆيگۈمدە كۆيسەم،
سېنىڭ ئاتەش مېھرىڭگە، جانان،
لېكىن قىلغان كېيىنكى سۆزۈڭ
يۈرىكىڭنى قىلماقتا ئايان.

سۆيەلمەيمەن، دېدىڭ ئاخىرى،
زورلىمايمەن كۆيمىگەندىكىن.
يەنە تېخى تىلەيسەن بەخت،
نە پايدىسى سۆيمىگەندىكىن؟

## جېنىم

يۈرىكىڭدە تۇتۇنسىز ئوت كۆيگەندە،
چىندىيالماي دەيتتىڭ مېنى «ئاھ، جېنىم!»
چىن ئەقىدە مەشئىلىنى ياندۇرۇپ،
سۆيگەنىدىم مەنمۇ سېنى ئاي جېنىم.

دىل رىشتىمىز چېتىلغان شۇ كۈنلەردە،
ئىشقىڭ بىرلە دىلنى ئوۋلاپ ئالدىڭمۇ.
ھالا بۈگۈن مۇشكۈللۈككە يولۇقسام،
«جېنىم» ئەمەس، جېنىڭ بىلەن قالدىڭمۇ؟

## كىملەر يېتەر تىلەككە

جېنىمدىنمۇ ئارتۇق كۆيسەم بىرسىگە،
ئۇ كۆيۈپتۇ ئاتەشىدە ئۆزگىنىڭ.
ياقا چىشلەپ توۋا دېدىم ھەسرەتتە،
چۈشىنىكسىز ئويۇنغا سۆيگۈنىڭ.

مەن كۆيگۈنۈم كۆيسە مەندىن باشقىغا،
ئۇمۇ كۆيسە كۆيگىنىدىن بۆلەككە،
شۇ تەرىزدە ئۆتسە ھايات، دۇنيادا
زادى كىملەر يېتەر ئارزۇ - تىلەككە؟

## ئالما تۈۋىدە

ئالتۇن پەسىل، باغلار ئارا يۈرەتتىم،
كۆزۈم چۈشتى قان رەڭگىدەك ئالمىغا.
بىرسى كۆرۈپ قالمىغىيتتى دېگەندەك،
قىز تۇراتتى ئالما تۈۋى دالدىدا.

ئالمىلارغا قېتىلغۇسى كەلگەندەك،
ئۇ قارايتتى كۆز ئۈزمەستىن ئالمىغا.
ياكى ئالما سىزغا قىلغان يىگىتنى
ئالما بىلەن يەتكەنىمدۇ يادىغا؟

## قىز تامشىيدۇ تاتلىق ئۈيقۇدا

بىر تاتلىق تامشىيدۇ جانان ئۇيقۇدا،
ئېغىناپ مەجنۇنتال تەۋرىگىنىدەك.
بىر تۆۋەن - بىر يۇقىرى ئۆرلەيدۇ كۆكسى،
دېڭىزلار ئۆركىشى جەملەنگىنىدەك.

تولۇن ئاي چېھرىدە كۈلكە جىلۋىسى،
چۈشىدە يىگىتى كۆرۈشتىمىكىن؟
ھاياتلىق سۆيگۈسى تامدۇرۇپ لەۋلەر،
شېرىنلىك ئىزلىشىپ سۆيۈشتىمىكىن؟

## ئۇتماق

چالما ئېتىپ قويۇپ قاچىسەن،
مەن كەينىڭدىن قوغلاپ كېتىمەن.
سەن توختايسەن ھارغاندا، نىگار،
مەن ئاخىرى قوغلاپ يېتىمەن.

بىلسەڭ، سېنى قوغلىشىم، نىگار،
ئۇرۇش ئەمەس، پەقەتلا تۇتماق.
راستىن ئېيتسام، تۇتۇشمۇ ئەمەس،
پەقەت سېنىڭ كۆڭلۈڭنى ئۇتماق.



سەمەت دۇگايلى

# گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇسەندە

(پوۋېست)

«تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن تۆۋەنگە بېرىش» لازىملىقى مېنى بۇ ناھىيىگە تارتىپ كەلدى. مېۋە - چېۋىلىرىنىڭ سەرخىللىقى بىلەن داڭقى چىققان بۇ يۇرتنى خېلى يىللاردىن بۇيان كۆرگۈم بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا تېخنىكومدا بىللە ئوقۇغان بىرساۋاقدىشىمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى كامىل بولۇپ مەكتەپ پۈتتۈرۈش ئالدىدىلا مېنىڭ بىر ھېكايىلەر توپلىمىم ئۈچۈن قىستۇرما سۈرەت سىزىپ بەرگەن، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇنىڭمۇ نامى چىققانىدى. يېقىن تونۇش - بىلىشلىرىم بەزى چاغلاردا: «...سەن ھېلىمجان، خېلى تونۇلغان ھېكايىچى بولۇپ قالدىڭ دەپ ئويلىما، سېنىڭ ھېكايەڭنى ھېكايە قىلىپ قاتارغا قوشقىنى كامىل سىزغان قىستۇرما سۈرەتلەر.» دېيىشەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرەتتىم، كامىل مېنى ھېكايىچى قىلغىنى يوق، ئەكسىچە، مېنىڭ ھېكايىلىرىمنىڭ بانىسىدا ئۇ نامىنى چىقىرىۋالدى، قىستۇرما رەسىم دېگەن ھېكايە ۋەقەلىكىنى ئاساس قىلمىسا، ئۆزىچىلا ئۇنداق سىزىلىپ قالامدىكەن، دەپ تۇرۇۋالاتتىم. بۇرادەرلىرىم مېنىڭ سۆزلىرىمنى رەت قىلمايتتى، لېكىن قوشۇلۇپمۇ كەتمەيتتى. گەپنىڭ توغرىسىنى ئېيتقاندا، كامىلنىڭ قىستۇرما رەسىم سىزىپ بېرىشىنى نەشرىيات ھاۋالە قىلمىغان، مەن ئۆزەم ئۇنىڭغا ئىلتىماس قىلغانىدىم. چۈنكى بىز بىر مەكتەپتە ئوقۇغان، ياتىقىمىزمۇ بىر ئىدى. ئۇنىڭ سىزغان رەسىملىرى ماڭا بەكمۇ ياقاتتى. ئەمما، مەن ئىلتىماس قىلغاندا

ئۇ ناھايىتى سوغۇق ھالەتتە:

— ھېكايىلىرىڭىزنى ئاۋۋال كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

بەزىلىرى يىگىرمە - ئوتتۇز بەت، بەزىلىرى يەتتە - سەككىز بەت كېلىدىغان 12 پارچە ھېكايىنى ئۇ بىر ئايدىن ئارتۇق كۆردى. مۇشۇنىڭغا قاراپلا ھېكايىلىرىم ئۇنىڭغا ئانچىلا ياقمىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم. لېكىن قىزىل يۈزلۈك ئادەم توغرىدىن - توغرا بولمايدىكەن دېمەيدۇ، ساۋاقداشلىقنىڭ يۈز - خاتىرىسىنى قىلىپ بولسىمۇ بىرنەچچە پارچە سىزىدۇ، دەپ ئۈمىدلىنەتتىم، ئەمما ئۇ مەن كۈتمىگەن بىر سۆزنى قىلدى:

— يازغانلىرىڭ ھېكايە ئەمەسكەن، دوستۇم، گېزىت خەۋەرلىرىچىلىكمۇ جەلپ قىلالمىدى مېنى...

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن قاتتىق خاپا بولدۇم. قاراپ تۇرۇپ ئاشۇنداق چۈكۈرگىنىگە قىمە دېيىشىمنى بىلەلمەي بىر ھازا تېڭىرقاپ تۇرۇپ ئاخىرىدا:

— سەن ھېكايە دېگەننى بىلەمسەن؟ — دېدىم ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، — ھېكايە بىلەن گېزىت خەۋەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلىدۇ، دېگەننىلا بىلىسەن شۇ! بۇ سېنىڭ چەلكۆچ بىلەن ئاق قەغەزگە ئىت. مۇشۇكنىڭ شەكلىنى چۈشۈرگىنىڭگە ئوخشىمايدۇ.

ئۇ ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ياتاتتى. مېنىڭ سۆزلىرىم ئۇنىڭمۇ جېنىغا تېگىدۇ، ئۇ چاچراپ تۇرۇپ مەن بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ، ئىككىمىز قىزىشىپ بىر يەرگە بارغاندا، سەن مېنىڭ كەسپىمنى چۈكۈرگىنىڭ ئۈچۈن مەنمۇ شۇنداق قىلدىم، دەپ قۇتۇلىمەن، دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇ مەن ئويلىغاندەك قىلمىدى. گەپمۇ قىلماي خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك:

— سەنئەت — گۈزەللىك — دەپ پىچىرلىدى.

مەن ئۇنى جىلى قىلالمىغىنىم ئۈچۈن ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى.

«سەنئەت — گۈزەللىك ... ئىمىش، سەن ئاۋۋال نېمىنىڭ سەنئەت ئىكەنلىكىنى بىلسەڭمۇ كاشكى ...» دېدىم - دە، ئىشىكنى جالاقشىتىپ يېپىپ تالاغا چىقىپ كەتتىم. قېيداشچىلىقتا چىققانلىقىمدىن بارىدىغان يېرىممۇ يوق، قىلىدىغان ئىشىم تېخىمۇ يوق ئىدى. شۇڭا ياتاق بىناسى ئالدىدىكى گۈللۈكنىڭ سېمونت قاشاسىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چېكىشكە باشلىدىم.

مېنىڭ ئۇنى رەسىم سىزىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشىمدا غەرىزىم بار ئىدى. كامىل ئۆزى دېمىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭ ئاكىسىنىڭ نەشرىيات ئەدەبىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم. ھېكايىلىرىم 12 گە يەتتى، 3، 4 پارچىسى ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ جامائەت ئىچىدە تەسىر قوزغىمىغانلىقتىن ئىچىم پۇشۇپ يۈرەتتىم. مېنى ھېچكىم چۈشەنمەيدۇ، جامائەتنىڭ ئېستېتىك زوقلىنىش سەۋىيىسى تۆۋەن، تەھرىرلەر ئاپتورلارنىڭ ئەسىرىگە قارىماي، نامىغا قاراپلا ئېلان قىلىدۇ، نامى چىقىپ قالغان ئاپتورلار ئالجىپ يازسىمۇ ئېلان قىلىۋېرىدۇ، دەپ خاپا بولاتتىم. ھەممە ھېكايىلىرىمنى توپلاپ كىتاب قىلىپ چىقىرىشىمنى مېنىڭ يۈرگەن قىزىم يادىمغا سالغانىدى. مەن ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھەممە ھېكايىلىرىمنى كۆتۈرۈپ نەشرىياتقا ئاپاردىم. تەھرىر قولتۇقۇمدىكى قېلىن قومنى كۆرۈپ خۇشال قارشى ئالدى، ئىلھاملاندۇردى، قىسقىسى، قىلغان گېپىنىڭ ئورامىدىن

ياخشى ئەسەر بولسىلا ئەتىلا كىتاب قىلىپ چىقىرىۋېتىدىغاندەك سۆزلىدى. «كۆرۈپ باقايلى» دەپ ئورگىناللىرىمنى ئېلىپ قېلىپ كېيىنچە خەۋەر ئېلىشىمنى تاپىلاپ يولغا سالدى.

بىر ئايدىن كېيىن مەن ئۈمىد، ھاياجانغا چۆمگەن ھالدا نەشرىياتقا يەنە باردىم. بىراق، مەن بىلەن سۆزلەشكەن ھېلىقى چىرايى ئىسسىق تەھرىر بۇ قېتىم مېنى سالقىن قارشى ئالدى ۋە گەپ - سۆز قىلمايلا كەينىگە سېلىپ، باشقا بىر ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشىگە تونۇشتۇردى:

— ھېلىقى، گېپى بولغان ئوقۇغۇچى مۇشۇ!

ئوتتۇرا ياشلىق كىشىنى ماڭا تونۇشتۇرمىغان بولسىمۇ ئىشىكنىڭ بېشىدىكى «مۇدىر ئىشخانىسى» دېگەن ۋېۋىسكىدىن ھەممىنى بىلىپ بولغانىدىم. پەقەت، ئۇ كىشىنىڭ ئىسمىلا نامەلۇم ئىدى.

ئارىمىزدا ئۇزۇن سۆھبەت بولمىدى.

— مەشقنى قولدىن بەرمەڭ، — دېدى ئۇ ئاخىرىدا پەندى - نەسىھەتكە كۆچۈپ، — ياش، ئوقۇغۇچى، ھەۋەسكار ئىكەنلىكىڭىزنى كۆزدە تۇتۇپ، شەخسەن سۆزلىشىشنى لايىق تاپتىم. ياشلارغا دەسلەپكى تەسىرات مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەدەبىياتتىن پۈتۈنلەي ۋاز كېچىشىڭىزمۇ، ياكى ئەدەبىياتقا پۈتۈنلەي جان بېرىشىڭىزمۇ مۇمكىن. مەن سىزنىڭ نەشرىياتىمىزنىڭ دەسلەپكى پىكرى بىلەنلا يېزىقچىلىقنى تاشلىشىڭىزنى خالىمايمەن، ھەر ھالدا تىرىشىپ بېرىڭ ...

مەن يىغلىۋېتىشكە تەييار ھالەتتە ئولتۇراتتىم. گەپلەر يۇمشاق بولغىنى بىلەن مېنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىلىرىم يوققا چىقىۋاتاتتى ۋە ھېكايىلىرىمنىڭ بېسىلمايدىغانلىقى مەلۇم بولۇپ قالغانىدى.

مەن قايتىش ئۈچۈن ئورنىمدىن تۇردۇم.

— سىلەرنىڭ مەكتەپتە مېنىڭ بىر ئىنىم بار، تونۇشامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

مەن بالدۇر تۇرۇۋالغىنىمنى سېزىپ:

— كىم؟ — دەپ سورىدىم.

— كامىل، — دېدى ئۇ كۈلۈپ ۋە قولۇمنى قىسىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى، — رەسىم سىنىپىدا ئوقۇيدۇ.

ئۇنىڭ قولۇمنى قىسىشى مېنى يولغا سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. كۆڭلۈمدە: «بالدۇرراق كامىلنىڭ گېپىنى قىلغان بولسا، بىر ياتاقتا ئىكەنلىكىمنى، دوستلىقىمىزنى ئېيتىپ بېرىپ ياخشى تەسىراتقا كەلتۈرمەمتىم» دەپ ئويلىدىم. شۇنداقتىمۇ ئالدىراپ:

— ئۇ مېنىڭ دوستۇم، بىز بىر ياتاقتا ياتىمىز، — دېدىم خۇشاللىقىمنى يوشۇرماي.

— ئانداقتا، تولىمۇ ياخشى ئىكەن. ئاكاڭ قاۋۇل سالام ئېيتتى دەپ قويۇڭ، كېلىپ تۇرسۇن، بولسا بىللە كېلىڭلار.

مېنىڭ غەشلىكىم كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئىچىمدە: «مەنمۇ بىر ئارقا تىرەك تاپتىم، كامىل بىلەن تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈپ، ئۇنىڭ باھانىسىدا ئاكىسىدىن ئىبارەت بۇ تەھرىر بۆلۈم

مۇدىرىنىڭ قولۇپىنى ئاچىدىغانىنىڭ يولىنى قىلاي...» دەپ چوت سوققىنىمچە دەرھال مەكتەپكە قايتىپ كەلدىم. 3 - قەۋەتتىكى ياتىقىمغا پەلەمپەيلەرنىڭ ئىككى، ئۈچ باسقۇچىنى بىر تاقلاپ دەسسەپ چىقتىم. بىراق كامىل يوق ئىدى.

مەن كامىلنى كۈتكەچ ئورىدىكىنالىلىرىمنى ۋاراقلاپ ئولتاردىم. ماڭا گويا كامىل كەلسىلا ھەممە ئىش ئاسان بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

ئۇنىڭ ئورنىغا يۈرۈۋاتقان قىزىم كىرىپ كەلدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيدۈم. بۇ قۇچاقلاشلار ۋە سۆيۈشلەرنىڭ ھېچقانداق لەززىتى بولمىسىمۇ مېنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇپ كەتكەن ھېسسىياتىمنى قىزغا بىلدۈرەلەيتتى، خالاس!

قىزىمۇ لەززەت سەزمىدى، ئەكسىچە ھەيران بولدى ۋە ئۆزىنى مەندىن قاچۇرۇپ:

— نېمە بولدۇڭ؟ ئالتۇن تېپىۋالدىڭمۇ؟ — دېدى.

بۇ ئۇنىڭ دائىم سورايدىغان سوئالى ئىدى. مەن سەللا خۇشال بولسام شۇنداق سورايتتى. مەن ئۇنداق چاغلاردا:

— ئالتۇندىن ئارتۇق، گۆھەردىن ئەتىۋار يار تېپىۋالدىم، بۇ — سەن! — دەپ جاۋاب بېرەتتىم. بۇ قېتىم ئۇنداق دېمىدىم ۋە مۇدىر قاۋۇل بىلەن تونۇشۇپ قېلىش جەريانىنى، ئۇنىڭ كامىل بىلەن تۇغقان ئىكەنلىكىنى، مېنى كامىل بىلەن بىرلىكتە بېرىپ ئۇنى يوقلاشقا تەكلىپ قىلغىنىنى سۆزلەپ بەردىم. بۇنىڭغا قاۋۇلنىڭ بىشارەت تەرىقىسىدىكى سۆزلىرى گۇۋاھ ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە زوقلىنىپ تۇرۇپ تەكىتلىدىم.

بارلىق قىزلار ئۆزى يۈرۈۋاتقان يىگىتىنىڭ ئىستەكلىرىنى مۇقەددەس بىلىپ ئۆزىنىمۇ ئۇنىڭغا شېرىكتەك ھېسابلايدۇ. شۇڭا ئۇمۇ خۇشال بولدى ۋە ماڭا مۇۋەپپەقىيەت تىلىدى...

بىراق، كامىل مېنىڭ خۇشاللىقىمنىڭ بېلىگە تەپتى. ئۇ ئەرزىمىگەن، تولا كۆرۈپ زېرىكىپ كەتكەن بىر نەرسىنىڭ گېپى بولۇۋاتقاندەك ئېرەڭشىمىدى.

— سالام ئېيتقان بولسا، سالامەت بولسۇن، — دېدى ئۇ سۇسقىنا، — خوش، قايسى گەپلىرى بىلەن سېنىڭ ئاغزىڭنى قۇلىقىڭغىچە ئاچىرىپ قويدى؟

خىيالىمغا دەرھال: «ئاكا - ئۇكىنىڭ مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئوخشايدۇ، بۇ تۇرقىدىن كامىلنىڭ ئاكىسىغا خېلىلا قورساق كۆپىكى بولسا كېرەك...» دېگەن پىكىرلەر كەلدى. شۇڭا مۇجمەلرەك قىلىپ:

— ئاساسىي كۆز قاراشتا بىردەك ئىكەنمىز! — دېدىم.

كامىل توساتتىن جانلىنىپ قالدى. جەينىكىنى شىرەنىڭ ئۈستىگە قويۇپ ماڭا قىزىقسىنىپ قاردى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مەن كەمدىن - كەم كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدىغان بىر خىل ئالاھىدە كۈلۈمسىرەش يېيىلدى.

— خوش، قېنى، قانداق كۆز قاراش؟ — دەپ سورىدى ئاندىن.

— تۇرمۇشنى پۇختا كۆزىتىش — بىر سەنئەتكارنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپىسى. چۈنكى گۈزەللىك سېنىڭ ئەتراپىڭدا. مەسىلە ئۇنى بايقاشتا! — دېدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن. بۇ سۆزلەرنى نۇتۇق سۆزلەۋاتقاندەك ھەر بىر سۆزنىڭ ئۇرغۇسىنى جاراڭلىق، دانە - دانە چىقىرىشقا تىرىشتىم، — بىز ھەممىمىز سەنئەتكارمىز، مەن، سەن ۋە يەنە گۈزەللىكنى تۇرمۇشقا

قايتىدىن ئەۋەتىپ بېرىدىغان كۆۋرۈك رولىنى ئۆتەيدىغان ئاكاڭ قاۋۇل. مەن يازىمەن، سەن سىزىسەن، ئۇ بۇلارنى نەشر قىلىپ تارقىتىدۇ. تۇرمۇشتا ھېچقايسىمىز كەم بولساق بولمايدۇ.

— توغرا، ئاقىلانە كۆز قاراش! — قوشۇلدى كامىل تېخىمۇ ئېچىلىپ، — لېكىن ھېلىقى فورمۇلا...

مەن ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا قاراپ تاپالمايۋاتىدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم-دە، ئۇنۇمنى ئېگىز چىقىرىپ يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدىم:

— تۇرمۇشنى پۇختا كۆزىتىش كېرەك، گۈزەللىك سېنىڭ ئەتراپىڭدا، مەسىلە، ئۇنى بايقاشتا!

— خاتا! — دېدى ئۇ تاپانچا ئاتقاندەك چىڭ ئاۋازدا. شۇنداق دېيىشى بىلەن تەگلا كۆزلىرىدىكى كۈلۈمسىرەشمۇ غايىپ بولدى، — مېنىڭچە، گۈزەللىك سېنىڭ ئۆزەڭدە، سەن ئۇنى ئىزدىسەڭ ساڭا چىنىمۇ، ساختىسىمۇ ئۇچرايدۇ. ئىچىدە ياشىساڭ ئۇنى ھەممىشە تۇتالايدىغان، كۆرەلەيدىغان، بىللە يۈرەلەيدىغان، ئۇ ئارقىلىق ئۆزەڭنى گۈزەل دەپ سېزەلەيدىغان ۋە ئۆزەڭ ئارقىلىق ئۇنى تېخىمۇ كامالەتكە يېتەلەيدىغان قىلغىلى بولىدۇ...

مەن تېڭىرقاپ قالدىم. راستىنى ئېيتقاندا، قاۋۇلدىن شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاشتىن ئىلگىرى بۇ مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىپ باقمىغانىدىم. مەن بۇ مەسىلىدە ساۋاتسىزلىقىمنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گەپ-سۆز قىلماي شۈك ئولتۇرۇپ قالدىم. مەن كامىل يەنە سۆزلەيدۇ، ئۆز ھۆكمىنى شەرھىيلەش ئۈچۈن پاكىتلارنى مىسال ئالىدۇ، دەپ كۈتكەنىدىم، بىراق ئۇ گەپ قىلمىدى.

— يەنە قانداق كۆز قاراشلىرىڭلار بىر يەردىن چىقتى؟ — دەپ سورىدى تۇيۇقسىز.

مەن دەرھال جاۋاب بەرمەي دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىدىم. سىرتتا، بىنا ئالدىدىكى گۈللۈكتە بىرمۇنچە ئوقۇغۇچىلار پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى ۋە نېمە دېگەنلىكىنى ئۇققىلى بولمىسىمۇ كۈلۈۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

— سۆزلىرىڭنى ئويلىنىپ باقارسەن، ئاكاڭ تەجرىبىلىك تەھرىر، ئۇ نۇرغۇن ئەمەلىي تەجرىبىگە ئاساسەن ئاشۇ خۇلاسىغا كەلگەن، — دېدىم مەن مۇرەسسە ئاھاڭدا.

— ئۇنى مەن بىلىمەن، — دېدى كامىل ۋە ئۇمۇ دېرىزىدىن سىرتقا تىكىلدى، — ئۇ ئاشۇنداق خاتا كۆزقارىشىنىڭ ئاسارىتىگە قول بولغانلىقتىن، گۈزەللىكنى ئۆزىدىن نېرى بىر جايدا دەپ قارايدۇ. خۇددى ئاسترونوملار تېلىسكوپ بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ يېڭى تۈركۈمىنى بايقىغىنىدەك، ئۇمۇ تۇرمۇشنىڭ قايسىبىر جايلىرىدىن گۈزەللىك تاپىمەن، مەسىلە — بايقاشتا، دەيدۇ.

— ئۇنىڭ دېگىنىمۇ خاتا ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، ئاسترونوملارنىڭ تېلىسكوپ بىلەن يۇلتۇز بايقىشىمۇ خاتا بولمىغىنىدەك! — مەن ئۇنىڭ ئاسترونومىيىنى مىسالغا ئېلىۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كۆز قارىشىنى رەت قىلالمىساممۇ مۇجمەللەشتۈرىمەن، دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، ئۇ كەسكىن قىلىپ:

— خاتا! — دېدى.

مەن ئۇنى يەنە چۈشەندۈرەرمىكىن، دەپ ئويلايتتىم، ئەمما ئۇ جىمىپ كەتتى.

— نېمىسى خاتا؟ — سورىدىم مەن ئەجەبلىنىپ، — تېلىسكوپ بىلەن يۇلتۇز بايقاش خاتامۇ؟

كامىل ماڭا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى.

— قارىغاندا، سەن ھاياتنى ئۆزە كۆزىتىدىكەنسەن، — دېدى ئۇ جىددىي تۇردە، — يۇلتۇز، تېلىسكوپلارنى مەن مىسال ئۈچۈن ئېيتقان. مىسال ئۈچۈن ئېيتسامۇ سىلەرنىڭ — تولغۇراقى ئاكامنىڭ كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىغا ئىسپات بولالمايدۇ. سەنمۇ ئۆزەڭنى ھاياتنىڭ ئەزاسى، تۇرمۇش ئىچىدە دەپ قارىغىنىڭدىلا ئاندىن ئەتراپىڭدىكى تۇرمۇشنى بايقىيالايسەن، ئۆزەڭنى گۈزەللىك ئىچىدە دەپ ھېسابلىغاندىلا باشقىلاردىكى گۈزەللىكنى بىلەلەيسەن. شۇڭا، «گۈزەللىك سېنىڭ ئەتراپىڭدا» ئەمەس، گۈزەللىك، ئۇ سەندە، دېيىشى كېرەك.

ئۇ ماڭا قارىدى. مەن يەنە ئۈنچىقمىدىم. كامىل ماڭا توساتتىن مۇلايىملىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇ كىملەرگىدۇر ئېچىنغاندەك بوش ئاۋازدا:

— ئاكام ئاشۇنداق ئويلىغانلىقتىن كىشىلەرگە گۈزەل كىتابلارنى چىقىرىپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى چەكلەنگەن دائىرە پۈتۈنلەي ئېچىۋېتىلدى. ئەسلىدىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتنى چەكلىگىلىمۇ بولمايتتى. چۈنكى، ئۇ گۈزەللىك ھەققىدىكى پەن، يەنە كېلىپ ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىكنى ئۆز قەلبىڭگە سىڭىپ تاۋلاپ، قايتىدىن ئىنسانلار قەلبىگە سىڭدۈرىدىغان پەن. ئەمما، ئاكام ھازىرغىچە تۇرمۇشنى سىياسىي خۇلاسە ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرگە ئامراق، ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى بولسا چەتكە قاقىدۇ.

مەن مۇشۇ مەسىلىلا ئاكا - ئۇكىلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە دەز كەتكۈزگەن بولسا كارى چاغلىق، دەپ ئويلىدىم - دە:

— پەن ئۈستىدىكى مەسىلىلەردە بىردەك كۆز قاراش بولۇشى ناتايىن، ئاكاڭنىڭ يېنىغا بىللە بارساق، ئىچكىرىلەپ پاراڭلاشساق، چۈشىنىش چوڭقۇرلاشمامدۇ؟ — دېدىم.

ئۇ، يا ماقۇل، يا ياق دېمىدى. ئېغىر تىنىپ قويدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مەن باغقا بېرىپ كېلەي، — دېدى.

— گۈزەللىك ئىزدەش ئۈچۈنما؟ — چاقچاق بىلەن سورىدىم.

ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ بولغان كامىل قولىنى تۇتقۇچتىن ئالمايلا كەينىگە ئۆرۈلدى - دە:

— ئۆزەمدىكى گۈزەللىك تۇيغۇسى بىلەن باغدىكى گۈزەللىكنى ئۆلچەش ئۈچۈن! — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — مەن ئەگەر قەلبىمدە گۈزەللىك تۇيغۇسى بولغان ئادەم بولمىغىنىمدا ئىدى، ئۇ باشقا گەپ ئىدى، مەسىلەن، سۇ، گىيالار ئادەمگە قىزىقمايدۇ. سەۋەبى، ئۇلار گۈزەللىكنى بىلەلەيدىغان قەلبكە ئىگە ئەمەس. گۈزەللىك، دوستۇم، ئۇ سەندە!

ئىشىك تاق قىلىپ يېپىلدى - دە، ئۇنىڭ گەۋدىسى غايىپ بولدى. «گۈزەللىك، ئۇ سەندە!» دېگەن سۆز قۇلىقىمدىن نېرى كەتمىسىمۇ ئۇنىڭ تېگىگە يېتەمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمىدىم ۋە ئورنىمنىڭ ئۈستىدىكى قولۇمغا ئالدىم.

ئۇنىڭغا رەسىم سىزدۇرۇپ، ئۇنىڭ نامى ئارقىلىق قاۋۇلنىڭ «قۇلۇپى»نى ئېچىش پىك-

رى پەيدا بولغىچە يەنە بىرەر ئاي ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئەقىلنىمۇ يېڭىگەن قىزىم ئۆگەتكەنىدى.

— قاۋۇل مۇدىر ئوكىسىغا سالام ئېيتقان، ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى، كامىلنى بىللە ئېلىپ كېلىشىنى ئېيتقان بولسا، دېمەك، ئۇنىڭ كامىلغا ياخشى ھېسسىياتى بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. كامىلنىڭ بارغىلى ئۇنۇماسلىقىدىكى سىر بىلەن بىزنىڭ نېمە كارىمىز بار؟ سەن بىر ئامال قىلىپ كامىلغا قىستۇرما سۈرەت سىزدۇر - دە، ھېكايىلىرىڭنى ئاكىسىغا ئاپىرىپ بەر. سېنىڭكىنى باسمىغان ھالەتتىمۇ، ئىنىسىنىڭكىنىغۇ بېسىپ چىقىرار؟...

مەن مانا شۇ سەۋەبتىن كامىلغا ئىلتىماس قىلغانىدىم. ئۇنىڭ مەنىستىمەسلىكى راستتىنلا ئاچچىقىمنى كەلتۈردى.

قانچىلىك ئولتۇردۇم، تاماكىدىن نەچچىنى چەكتىم، يادىمدا يوق، ئىشقىلىپ، مەن كامىل بىلەن ئەمدى قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسىنى ئويلاپ بىر پىكىرگە كېلىپ بولدۇم. يەنى، گەپلەشمەسلىك! «‹گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە...› دەيدىغان بۇ زات باشقا ئادەمدىكى گۈزەللىكنى ئۆزىنىڭ گۈزەللىك تارازىسىغىمۇ سېلىشنى بىلمىگەندىكىن، ئۆزىنىڭ ‹گۈزەل› لىرى بىلەن بولۇۋەرسۇن...» دەپ ئويلىدىم.

ياتاقتا ئۇ يوق ئىدى. بىر ھېسابتا بۇنىڭغا خۇرسەند بولدۇم. چۈنكى، شۇ تاپتا ئۇنى پەقەتلا كۆرگۈم يوق ئىدى.

مەن ئورنۇمنى سالاي دەپ كارىۋاتقا كەلگىنىمدە ياستۇق ئۈستىدىكى بىر ۋاراق قەغەزگە كۆزۈم چۈشتى. قەغەزگە تولىمۇ يوغان قىلىپ: «ھېلىمجان!» دەپ يېزىلغانىدى. قاغىنىڭ پۇتىدەك بۇ سەت خەت كامىلنىڭ پۇچۇركىسى ئىدى. مەن ئۇنى ھەر قاچان، ھەر قانداق خەتلەرنىڭ ئىچىدىن ئايرىۋالالايدىغانلىقىمغا ھۆددە قىلالايتتىم. ئۇنىڭ بۇنداق يوغان يېزىشى، قەغەزنى مېنىڭ بايقىمايلا تاشلىۋەتمەسلىكىمگە قىلغان ئاگاھلاندۇرۇشى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. ئىسمىمنىڭ ئاخىرىدا مۇنۇ خەتلەر بار ئىدى: «مەن چىقىپ كەتتىم. كۈتمەي يېتىۋەر. ھېكايىلىرىڭغا قانداق رەسىم سىزىش كېرەكلىكىنى مەشقخانىدا لايىھىلەپ باقاي...»

مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى رەنجىش، ئاداۋەت شۇ ھامان كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قوپاللىقلىرى چاقچاقتەك، مەنىستىمەسلىكى، يالغاندەك تۇيۇلدى. سەت، كېلەڭسىز، قىڭغىر خەتلىرىمۇ غەلىتە كۆرۈنمىدى. دىلىم سۆيۈنۈپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە ئىككىمىز ئاساسەن بىللە بولمىدۇق. ئۇ 12 پارچە رەسىم بىلەن ئورنىغا ئالدىرىمنى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ:

— قېنى، ئاپىرىپ باققىن، ئەگەر تۈپلىمەك رەسىم تۈپەيلىدىن توسقۇنلۇققا ئۇچرىغۇدەك بولسا، رەسىملەرنى چىقىرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلارسەن! — دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئوشۇق - تۆشۈك ئىزاھات سۆزلەپ يۈرمەيلا نەشرىياتقا چاپتىم ۋە ئۇدۇل قاۋۇل مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغىلا كىردىم. ئەمما، قاۋۇلنىڭ ئورنىدا باشقا بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ قاۋۇلدىن كەم بولغاندا 10 ياش چوڭ، چاچ - ساقاللىرى چالا ئاقارغان، يۈزلىرىنى تىلىم - تىلىم قورۇقلار چىرمىغان بىر كىشى ئىدى.

ئۇ مېنىڭ كىرىپ تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ، بېلىقنىڭكىدەك پولتىيىپ تۇرىدىغان قوي كۆزىنى مېھرىبانلىق بىلەن تىكىپ:

— مېنى ئىزدەپ كىردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ماڭا «ھەئە» دېيىشتىن باشقا چارە يوق ئىدى. «ياق» دەي دېسەم، ئۇ كىشى دەرھال «ئۇنداقتا يولىڭىز بولسۇن» دەيدىغاندەكلا تۇراتتى.

— بۇنى قاۋۇل مۇدىرگە بەرمەكچى بولۇپ كەلگەنىدىم، — دېدىم مەن ئورىگىنال ۋە رەسىملەر سېلىنغان قەغەز خالتىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ، — بۇ، ھېكايىلەر توپلىمى ۋە ئۇنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى ئىدى.

قىستۇرما رەسىملەرنى پەقەت نەشر قىلىش پىلانىدىكى ئەسەرلەرگىلا سىزدۇرىدىغانلىقىنى، سىزدۇرۇش ھوقۇقى نەشرىياتتا بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بىراق، مەن قارامىلىق بىلەن ئۆز ئالدىمغا قىلغان بۇ ئىشنى مۇدىر قاۋۇلنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىگە ئىشىنىپ ئەپكەلگەنىدىم. بۇ كىشى ئۇنى رەسمى زاكاز سۈپىتىدە چۈشەندى:

— ئەپكىلىڭ، ماڭا بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئۇ ۋە قەغەز خالتىنى قولىغا ئېلىپ ئېشىدىكى ئۆزەم قويغان توپلام ئىسمىنى ئوقۇدى، خالتىنىڭ ئىچىدىن ئورىگىناللارنى چىقىرىپ رەسىملەرگە كۆز يۈگۈرتتى.

— ياخشى، ياخشى، — دېدى ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن، — ياخشى سىزىلىپتۇ، جانلىق، تەسىرلىك. قاراپلا كىشى ئۆزىنى شۇ مۇھىت ئىچىدە تۇرغاندەك سېزىدىكەن. رەسسامنىڭ خېلى قابىلىيىتى باردەك كۆرۈنىدۇ...

— ئۇ قاۋۇل مۇدىرنىڭ ئىنىسى كامىل سىزغان رەسىملەر، — دېدىم مەن ئالدىراپ چۈشەندۈرۈپ، — قاۋۇل ئاكا ئۇ ئىنىسىنى تولىمۇ قەدىرلەيدۇ...

— شۇنداق، — ئۇ تارتمىسىدىن ماشىنكىدا بېسىلغان بىر قەغەزنى ئېلىپ كۆز يۈگۈرتتى، — ئەگەر مۇشۇنداق رەسسام ئىنىم بولسا مەنمۇ قەدىرلەيتتىم... بۇ، ھەقىقەتەن...

ئۇنىڭ سۆزلىرى توختاپ قالدى. چىرايىدىنمۇ زوقلىنىش ئالامىتى ئۆچتى. ئۇ ماڭا سىنىغايان قاراپ:

— بىراق، بۇنداق كىتاب نەشرىيات پىلانىدا يوق ئىكەنغۇ؟ — دېدى ۋە خالتىنىڭ ئۈستىدىكى ماۋزۇنى يەنە بىر ئوقۇپ ماڭا تىكىلدى، — يولداش قاۋۇل نەشرىيات ئىدارىسىگە يۆتكىلىپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشى كۈچكە ئىگە، — ئۇ ئورىگىنال بىلەن رەسىملەرنى خالتىغا سالدى. سېلىۋاتقىچە رەسىملەرگە يەنە بىر قارىۋالدى، — ھە، مۇنداق دەڭ، قاۋۇلنىڭ ئىنىسى سىزىپتىكەن-دە! ئىنىسى...

مەن ئۆرە تۇرۇپ ھاردىم. ئۇ مېنى ئولتۇر، يا كەت دېمىگەچ گېلىمنى قىرىپ قويۇپ:

— مەن كېتىۋەرسەم بولامدۇ؟ — دېدىم ۋە مۇغەممبەرلىك بىلەن قوشۇپ سورىدىم، — رەسسامغا قاۋۇل مۇدىرنىڭ يۆتكەلگەنلىكىنى، شۇنداق بولسىمۇ ئورىگىنال بىلەن رەسىملەرنى قوبۇل قىلىپ ئالغانلىقىڭىزنى ئېيتىمەنمۇ؟

— ھە، ھە، شۇنداق ئېيتىڭ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ يەنە ماشىنكىدا ئۇرۇلغان يېزىقلارغا ئېڭىشتى، — نېمىشقىدۇر بۇنداق توپلام پىلاندا يوق ئىكەن، قاۋۇل بۇنى نېمىشقا

ئورۇنلاشتۇرمىدىكىن؟ مەن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي...

مەن چىقىپ كەتتىم. كامىل رەسىملەر توغرىسىدا ئىنىق ئاچمىدى. مەنمۇ ئۇنى ئاكىسىغا تاپشۇرالمىغانلىقتىن، ئورىگىناللىرىمدىن ئۈمىد ئۈزۈپ يەنە ئانچە-مۇنچە پارچە-پۇرات ھېكايە، شېئىر، مەسەل يېزىپ، گېزىت-ژۇرناللارغا ئەۋەتىپ يۈرۈۋەردىم.

كۈتۈلمىگەندە، بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ھېكايىلەر توپلىمىم نەشىردىن چىقتى. مەزمۇنى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، كىتابىم نەشر قىلىنغان ھېسابلاندىم. يەنە كېلىپ قىستۇرما رەسىملىرى بىلەن چىقتى. مەن بەش يۈز يۈەندىن ئارتۇقراق قەلەم ھەققى ئالدىم، كامىلنىڭ رەسىملىرىگىمۇ قەلەم ھەققى بەرگەن بولىشى كېرەك. قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۇ دېمىدى. بۇ كىتابنىڭ چىقىشى شۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋاقىتقا توغرا كەلدىكى، بىز ئوقۇشنى تۈگىتىپ، خىزمەتكە تەقسىم قىلىشنى كۈتۈپ تۇرغانىدۇق. ئوقۇغۇچى تۇرۇپ بىر كىتابىم چىققانلىقتىن شۆھرىتىم چىقىپ ھەممە ئادەم ماڭا ھەۋەسلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. تېخىمۇ ئەمنۇن قىلىدىغىنى، مېنى بىر ئەدەبىي ژۇرنال مۇھەررىر بولۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. مەن دەرھال رازىلىقىمنى بىلدۈردۈم. ئۇلار تەقسىمات ئىشخانىسىغا يول ماڭدىغانلىقىنى ئېيتتى،

خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق دېگەن شۇ-دە! يۈرگەن قىزىم دەرھال توي قىلىۋېلىشنى مەسلىھەت بەردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، توي قىلىۋالساق ئۇنى باشقا جايغا تەقسىم قىلىۋەتسە، كېيىن قوشۇلماق قىيىنغا چۈشىدىكەن. بۇ ماڭىمۇ ياقتى. بەش يۈز يۈەننى خىراجەت قىلىپ، ھەممە ساۋاقداشلىرىم بار چاغدا مەكتەپ ئىچىدىلا توينى ئۆتكۈزدۇق. ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى: «شائىرانە توي بولدى، يازغۇچىلارلا مۇشۇنداق توي قىلالىشى مۇمكىن...» دېيىشتى.

مۇشۇ پەيتتە كامىلنىڭ ئامىتى مېنىڭكىدىن تۆۋەن كەلمىدى. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىمغا سىزغان قىستۇرما رەسىمدىن باشقا يەنە بىر ماي بوياق رەسىمى شەھەر بويىچە كۆرگەزمىگە قويۇلغان بولۇپ، بىر ژۇرنال مۇقاۋىسىغا كۆچۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەخسۇس ئوبزورنى يانداپ باسقانىدى. يادىمدا قېلىشىچە، ئۇ، بىر قىزنىڭ رەسىمى ئىدى. ئۇ قىز قۇرۇپ قالاي دەۋاتقان بىر ياش كۆچەتنىڭ تۈۋىگە سۇ قۇيۇۋاتقان كۆرۈنۈشتە بولۇپ، رەسىمنىڭ ئىسمى «گۈزەل ھايات ئۈچۈن ...» دەپ قويۇلغانىدى.

كامىلنى مەكتەپكە، رەسىم ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئېلىپ قالماقچى بولغانلىقىدىن خەۋىرىم بار ئىدى. بىراق ئۇ رەت قىلىپ، يىراق ناھىيىلەرگە، ئەڭ چەت جايلارغا كېتىمەن، دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

مانا، ئارىدىن 7 يىل ئۆتتى. مەن ئىككى يىلدىن بۇيان كەسپىي يازغۇچى بولۇپ قالدىم. مېنى گېزىت-ژۇرناللاردا خېلى كۆپ ماختايتتى، يازغان ئەسەرلىرى ھازىر جاۋاب، سىياسىيلىكى كۈچلۈك، تىلىدا ماقال-تەمسىللەر كۆپ دەپ تەرىپلەيتتى. بەدىئىلىكى يېقىدىن يەنە ئۆسۈشۈم كېرەكلىكىنى، پېرسوناژلىرىم دىئالوگلىرىغا گېزىت، ھۆججەت-ماتېرىيال ئىبارىلىرىنى ئازراق ئىشلىتىشىمنى تەلەپ قىلىشاتتى. مەن بۇلار بىلەن ھېسابلىشىپ يۈرمەيتتىم، چۈنكى، كۆنۈپ قالغانىدىم. كۆڭلۈمنى غەش قىلىد-

غىنى، بۇرۇنقى ساۋاقداشلىرىم ۋە بەزى تونۇش - بىلىشلەرنىڭ بىۋاسىتە ئېيتقان پاراڭلىرى ئىدى. ئۇلار مېنىڭ پېرسوناژلىرىمنى ئۆلگەن مۇردىلار دەپ بىۋاسىتە سۆكەتتى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، ھېچقايسى پېرسوناژىم ئۇلارغا ھەمراھ بولالمايدىكەن. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېپادىلىيەلمەيدىكەن، مەن يازغۇچى ئەمەس، مۇخبىر بولۇشقىمۇ گۇمانلىق ئىكەنمەن. چۈنكى مۇخبىرلار ھېچبولمىسا يېڭى خەۋەرلەرنى يازىدىكەن...

مەن ژۇرنالدا تەھرىر بولۇپ ئىشلەۋاتقاندا كامىلنىڭ يىراق بىر ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدىن ئەۋەتكەن بىر ماي بوياق رەسىمىنى كۆرگەنىدىم. رەسىمدە گۈزەل مەنزىرىلىك قىرغاق، قىرغاقتا ناھايىتى چىرايلىق مەجنۇنتاللار، ئېقىۋاتقان سۇ ئېپادىلەنگەنىدى. بوياق شۇ قەدەر ئېنىق، روشەن ئىدىكى، سۇ كۆز ئالدىڭىزدا ئېقىۋاتقاندەك، گۈل - گىيالار مەيىن يەلپۈنۈپ تۇرغاندەك، مەجنۇنتاللارنىڭ ئۇچى سۇغا تېگىپ، تەڭ ئېقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. تولىمۇ چىرايلىق بىر قىز (ئىنسانىيەت ئالىمىدە ئۇنداق تىرىك گۈزەل تېپىلمايدۇ دەپ قەسەم قىلالايمەن) سۇغا قاراپ سەل تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى. قىزنىڭ سول قولىدا چۆگۈن بار ئىدى. ئۇ ئۇچۇشقا ھازىرلىنىپ تۇرغان قۇشتەك ئالدىغا ئىنتىلىپ، ناھايىتى شوخلۇق بىلەن بىر نېمىگە تەلپۈنۈپ تۇراتتى. رەسىمگە «گۈزەل ھاياتنى دەپ...» ماۋزۇ قويۇلغانىدى. مەن رەسىمگە تويماي قاراپ ئۇنىڭ ئاۋۋالقى رەسىمى «گۈزەل ھايات ئۈچۈن...» بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتىم. دەسلەپكى رەسىم مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلا ناھايىتى جانلىق، جۇشقۇن ئىدى. لېكىن، مېنىڭ كۆڭلۈمدە بىر غەشلىك بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ، كامىلنىڭ بۇ رەسىملىرى مېنىڭ شان - شۆھرىتىمگە تەھدىت سېلىپ كېلىۋاتاتتى. كامىلنى بىر رەسسام سۈپىتىدە ئىككى پارچە ئەمگىكى بىلەنلا ئوقۇغۇچى ۋاقتىدا ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلغانىدى. بىراق، مېنىڭ ئونلىغان ھېكايە، يۈزلىگەن شېئىرلىرىم ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ مېنى ئۇنىڭچىلىك ئېتىراپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ ئىسمى مەتبۇئاتلاردا مېنىڭ ئىسمىمدىن نەچچە يۈز باراۋەر ئاز كۆرۈنىدۇ. شۇنداق تۇرۇقلۇق يېقىنلىرىم ھامان مېنىڭ يازغۇچى بولۇشۇمدا كامىلنىڭ قىستۇرما رەسىملىرى ئاساسىي رول ئوينىغان دېيىشەتتى. بۇ تېخى ماڭا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېيىلىدىغان گەپلەر. مەن يوق يەردە، ماڭا ئاڭلاتماي قانچىلىك دېيىشىدىغىنىنى كىم بىلىدۇ؟

شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ «گۈزەل ھاياتنى دەپ...» دېگەن رەسىمگە ئىچى تارلىق قىلدىم. بۇ رەسىم چىقىپ كەتسە چوقۇم ئالقىشلىنىدۇ، كىم، سىزىپتۇ، دەپ شاۋ - شۇۋ بولىدۇ. ئۇ چاغدا «ھېلىمجاننىڭ ھېلىقى ھېكايىلىرىغا قىستۇرما رەسىم سىزغان رەسسام كامىلچۇ؟» دېيىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كونا خامان سورۇلىدۇ، دەپ پەرەز قىلدىم. يەنە بىر تۇرۇپ، بىزنىڭ بەزى مۇھەررىرلەردەك ئۇستاتلىق ئىشلىتەي دەپمۇ ئويلىدىم. ئەسەرنى يەنى ئاۋۋال ئېلان قىلىۋېتىش، ئاندىن بىر نەچچە پارچە تەنقىد ماقالىسىنى ئويۇشتۇرۇپ رەسسامنى پەدەزكەشتىن پەدەزكەشكە، بوياقچىدىن بوياقچىغا سېلىپ، بۇرۇنقى رەسىملىرىدىن تارتىپ چىشلەپ تارتىپ، تازا قاپساپ سۆكۈش. «رەسىم سىزىشنى بىلمەيدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە ساندۇق، جاۋەن سىرلىسۇن» دېگەن يەرگىچە ئاپىرىشمۇ كۆڭلۈمدىن كەچتى.

بىراق، تەنقىدچىلەرنىڭ جېنى بارراقلىرى رەسىمنى كۆرۈپ زوقلىنىپ كېتىشتى. «نې-

مىدىغان كاتتا رەسسام ھە، — دېيىشەتتى ئۇلار. مەن ماقالا يېزىش زۆرۈر بولۇپ قالغانلىقىنى، تولاراق تەنقىد قىلىدىغان نۇقتىلار چىڭ تۇتۇلسا تەھرىر بۆلۈمى قوللايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بىشارەت بەرگىنىمدە، — بۇنىڭدا ئىدىيىۋىلىك كۈچلۈك. قاراڭ، شۇ ئەتراپنى قىز ئۆزى كۆكەرتكەن، قىرغاقلارنى يېشىللىققا پۈركىگەن. ئۇ سۇ بويىغا ھەر قېتىم سۇغا كەلگەندە ئۆز ھاياتىنىڭ ئەنە شۇنداق گۈزەللىك بىلەن بېيىشىنى، مۇڭدىن خالاس بولۇپ، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈپلا ئۆتۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ، — بۇ تەنقىدچىلەر مەن چۈشەنمەيدىغان رەڭلەر، يىراق، يېقىنلار ۋە ئاللىقانداق رەسىم ئوبرازلىرى ھەققىدە زوقلىنىپ مۇلاھىزە قىلىشاتتى، — خوش، تەھرىر بۆلۈمى ئۈچۈن ماقالا كېرەك بولسا يېزىپ بېرەيلى. بىردە رەسىملەر ئۈچۈن ئوبزور ھەققەتەن كەمچىل. رەسساملارنى، بولۇپمۇ ھايات ئىچىدىكى گۈزەللىكنى ئۆز قەلبىدىكى گۈزەللىككە سىڭدۈرۈپ، ئۇنى يەنە ھاياتتىكى گۈزەللىكنى بېيىتىشقا خىزمەت قىلىدىغان سەنئەتكارلارنى قوللاش ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورچىلىقىنىڭ بۇرچى...

تەنقىدچىلەرنىڭ ئىچىدە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنىنى قايتا تەرجىمە قىلىپ، شەرھىيلەپ، دەبدەبىلىك ئىبارىلەر بىلەنلا جان باقىدىغانلارمۇ بار ئىدى. بۇ كىشىلەر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ بوسۇغىسىدىن نېرى بارالمايتتى. مۇھەررىرلەرنىڭ ئادەتتىكى چاقچاقلىرىمۇ ئۇلار ئۈچۈن زور بىشارەت بولۇپ، بىر كۈندە بىرنەچچە ئوبزور يېزىپ گېزىت - ژۇرنال قويماي چىقىلاتتى. ئۇلارنىڭ مەدھىيىلەيدىغىنىمۇ، ئۆچ كۆرىدىغىنىمۇ ئوخشاش ئىدى. شامال قاياققا چىقسا ئۇلارنىڭ قەلىمىمۇ شۇ ياققا قىيسىياتتى. ئەمما، بۇنداقلارغا تايىنىپ ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوبزور، ماھىيەتتە، كامىلنى كۆتۈرۈش رولىنىلا ئوينىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ، خۇددى: پولو يېيىشكە بولمايدىغان زەھەرلىك تاماق، دەپ ھەر قانچە كۈچەپ توۋلىغان بىلەنمۇ كىشىلەر ئۇنىڭ ئەڭ لەززەتلىك تاماق ئىكەنلىكىگە بارغانسېرى ئىشەنگىنىگە ئوخشاش ئىش بولغان بولاتتى.

مەن ئاخىرى رەسىمنى كۆرمىگەنگە، تاپشۇرۇپ ئالمىغانغا چىقىرىۋېتىپ بۇ توغرىدا ھېچكىمگە تىنمىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، مەن كامىلنى ئۆچ كۆرمەيتتىم، پەقەت مېنى كامىلنىڭ رەسىمى بىلەن يازغۇچى بولغان دېگەن جامائەت پىكرىگىلا كۆڭلۈم كىرلىشىپ تۇراتتى...

شۇنداق، مەن مۇشۇ ناھىيىگە كەلگىنىمدە تۇرمۇش ئۆگىنىش بىر گەپ، شۇ باھانىدا يازنىڭ خوۋلۇقىنى كۆرۈش، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ تەمىدىن پەيزە ئېلىش بىلەن بىرگە ساۋاقدىشىم كامىلنى يوقلاشتەك ئارزۇيۇممۇ بار ئىدى. مەيلى ئەنسىرەي، كۆڭلۈم غەش بولسۇن، مېنىڭ كامىلنىڭ باھانىسىدا يازغۇچى بولۇپ قالغىنىم راست بولمىغاندىمۇ بەلكىم شۇ چاغدا ئۇنىڭ رەسىملىرى رول ئوينىغان بولغىيدى، ياكى ئاكىسىنىڭ ئابرويى رول ئوينىغان بولغىيدى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ نامى مەن بىلەن نەشرىياتقا بارغان، ئەمگىكى خالتىغا تەڭ سېلىنغانىدى.

ناھىيە بازىرى بىرقاراشتىلا ماڭا ياقتى. ئۇ چوڭ بولمىغىنى بىلەن رەتلىك، تازا ئىدى. ۋاڭ - چۇڭ، قىستاڭچىلىق يوق ئىدى. بۇ ھالەت كىشىگە كۆڭلى - كۆكسى يېيىلىپ قالغاندەك تەسىرات قالدۇراتتى. خېلىلا كەڭ، ئاسپالتلانغان يولدا ۋەلسىپىتلىكلەر پىيادىلاردىن كۆپرەك بولسىمۇ بەرىبىر بىزنىڭ شەھەرگە نىسبەتەن يوق دېيەرلىك ئىدى. مەندە، بۇ يەر

ياشاش ئۈچۈن نەقەدەر قولاي، لېكىن دائىملىق، ئۆمۈرۋايەت ئىشلەپ قالىدىغان ئىش بولسا زېرىكىشتىن كىشى ئۆز گۈشىنى ئۆزى يەيدىغان يەرگە بېرىپ قالار، دېگەندەك پىكىرلەر تۇغۇلدى. مەن شۇ چاغدا كامىلنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. ئۇ شۇنداق ياخشى شارائىتنى، تولۇق ئىمكانىيىتى تۇرۇپ چوڭ شەھەردە قېلىشنى رەت قىلغانىدى. شۇ تاپتا نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدىكىن، پۇشايمان قىلغانىدىمۇ ياكى ئۆزىنىڭ «گۈزەل...» لىرى ئارىسىدىمۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتىم.

رەسمىيەت بويىچە مەدەنىي-مائارىپ بۆلۈمىگە باردىم. ئىشخانىدىكىلەر تونۇشتۇرۇشۇمنى كۆرۈپ باشقىدىن كۆرۈشتى. ماڭا زوقلىنىپ، ئەيمىنىپ قاراشتى.

— بىزنىڭ بۇ ياقا ناھىيىمىزگىمۇ يازغۇچىلار كېلىدىكەن-ھە؟ — دېدى مېنىڭ تونۇشتۇرۇشۇمنى دەسلەپ كۆرگەن كىشى تەسىرلىك ئاۋاز بىلەن، — بىز سىزنىڭ نامىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، نۇرغۇن ئەسەرلىرىڭىزنى ئوقۇغان، ئۆزىڭىز بىلەن دىدارلىشىش خىيالىمىزغىمۇ كەچمىگەنىدى.

باشقىلارمۇ مېنى مۇناسىپ كېلىدىغان مەدھىيىلەر بىلەن كۆمۈۋەتتى، مېنى باشقا ئادەملەردىن شۇ جۈملىدىن، ئۆزلىرىدىن ئارتۇق يېرى بارمىكىن دېگەندەك باشتىن-ئايىقىمغا تەپسىي سەپسېلىپ ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. مەن ئۆز تەجرىبەمگە ئاساسەن ئۇلار بىلەن مۇئامىلىدە سىپايە بولۇش، ئەدەب ساقلاش كېرەكلىكىنى بىلەتتىم.

مېنى بىر كادىر ناھىيىنىڭ مېھمانخانىسىغا باشلاپ باردى. مېنىڭ يىراقتىن كەلگەنلىكىمنى، مەشھۇر يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى شىپى كەلتۈرۈپ ئايرىم ياتاق بېرىشنى، لېكىن بىر كارىۋاتقا لايىق پۇل ئېلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. كاسسىر قىز خەنزۇ ئىدى، ئۇ بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى، ئايرىم يېتىشقا توغرا كەلسە ئايرىم ياتاق باھاسى بويىچە پۇل ھېسابلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. مەن بىلەن بىللە كەلگەن كادىر مېنىڭ كاتتا يازغۇچى ئىكەنلىكىمنى يېڭىباشتىن تىلغا ئالدى، مېنىڭ بۇ ناھىيىگە كېلىشىم ئاسان ئەمەسلىكىنى قايتا تەكرارلىدى. قىز ماڭا قىيا بېقىپ تەبەسسۇم قىلدى. ئەمما ئايرىم ياتاق بېرىپ ئۈپچى كارىۋات ھېسابىدا ھەق ئېلىش ئۆزىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندۈردى.

ھەقىقەتنى ئالغاندا، بۇ تالاش-تارتىشنىڭ سەۋەبچىسى مەن، بىر تەرەپ قىلغۇچىسىمۇ مەن بولۇشۇم كېرەك ئىدى. كاسسىر قىزنىڭ ئېيتقىنى پىرىنسىپ، ئۇ توغرا ئىدى. ھېلىقى كادىر ۋە مەنمۇ ئۇنىڭ ئېيتقىنىنىڭ توغرىلىقىنى بىلىپ تۇرساقمۇ ئورۇنسىز تالىشاتتۇق. كادىرغۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى دەپ تالىشىۋاتقاندۇر، مەنچۇ؟ مەن ئەلۋەتتە ئۈپچى ياتاقتا، ياكى ئايرىم ياتاقتا ياتىدىغانلىقىمنى ئېيتسام بولاتتى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە بەغەرەز ئادەملەر دەستىدىن ئىش قىلماقمۇ مۈشكۈل، — دېدى كادىر ئوڭايسىزلانغان ھالدا يېنىمغا كېلىپ.

قىز ئۇيغۇرچىنى بىلمىسە كېرەك، ھېلىقى سۆزنى نېمە دەپ چۈشەندىكىنتاڭ، لېكىن ئۇ ماڭا بايىقىدەكلا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى.

— بوپتۇ، ئايرىم ياتاق باھاسى بويىچە ھېسابلاۋەرسۇنمۇ؟ بەرىبىر دۆلەت ئاتىچوت

قىلىدىغان گەپ، ــ دېدىم مەن ئاخىرى.

كادىر يېنىك تىن ئالدى. ئۇ بىرىپ ماڭا ۋەكالىتەن رەسمىيەت ئۆتەپ بەردى، سەپەر چامادانىم بىلەن سومكامنى كۆتۈرۈشۈپ ياتاققا ئەكىرىپ بەردى.

مەن پەرەز قىلغاندەك كەچقۇرۇنلۇقى ئۈچ ئاپتور ياتاق ئالدىغا ئۇۋندى (ھەرقانداق جايغا بارساق، بىز ئورۇنلىشىپ بولغىچە خەۋەرىمىز تاراپ كېتىدۇ). ئۇلار مەن بىلەن تونۇشۇش، «بىردەم - يېرىم دەم مۇڭدىشىش» ئۈچۈن كەپتۇ. مېنىڭ نامىم بىلەن، ئەسەرلىرىم بىلەن بۇرۇنـ تىنلا تونۇش ئىكەن. دىدارلىشىپ، تۆت - بەش ئېغىز يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى گېپىمنى ئاڭلاشقا ھېرىسمەن ئىكەن...

«مۇڭدىشىش» نىڭ مەنىسى زىياپەت ئىدى. بۇنداق زىياپەتلەردە جەم بولىدىغانلار مەيلى قانچىلىك ئىجادىي مەھسۇلاتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى شۇ يەردىكى ئەدىبلەر ئىچىدە «تۆتىنىڭ بىرى» دەپ بىلىدىغان كىشىلەر ۋە ھەۋەسكارلار بولۇشىنى جەزمەنلەشتۈـ رۈشكە بولاتتى.

مەن رەت قىلمىدىم. رەت قىلغىلىمۇ بولمايتتى. زىياپەتتە تۆردە ئولتۇرۇپ، تائامغا قول ئۇزىتىشنى باشلاپ بىرىپ، قويۇلغان هاراقنى دەسلەپ تېزۈت قىلىپ، كېيىن «ھە، مۇـ شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلاي....» دەپ سوزۇپ سۇمۇرۇپ ئىچىشلەرگە خېلى كۆنۈكـكەندىم. بۇ يەردىمۇ يېڭىلىق بولمىدى. شەنىمگە ئېيتىلغان مەدھىيىلەرنى ئاڭلاشمۇ ئادىتىمگە ئايانغاـ نىدى. بۇ مەدھىيىلەرنىڭ كۆپىنچىسى سەممىي ئەمەس ئىدى، تولىمۇ ئاشۇرۇۋېتىلەتتى.

بىراق بۇ ناھىيىگە كېلىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەن بولسىمۇ كامىل توغرۇلۇق پاراڭ بولغىـ نىنى ئاڭلىمىدىم. مېنىڭ تۇنجى ھېكايىلەر توپلىمىنىمۇ بۇ يەردىكىلەر بىلىدىكەن. بىرسى ھەتتا «ھەقىقىي ھېكايىلار ئىدى، پېرسوناژلىرى كۆز ئالدىمدىلا تۇرىدۇ...» دېدى. قىسقىسى، ئۇلار ھېكايە توپلىمىم ئۈستىدە گەپنى ئاز قىلمىغان بولسىمۇ ئۇنىڭ قىستۇرما سۈرەتلىرىنى ئىشلىگەن كامىل ھەققىدە ھېچنىمە دېمىگىنىگە ئەجەبلىنىپ دىققەت قىلدىم. چۈنكى كامىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، شۇ ناھىيىدە ياشايتتى. بۇنداق سورۇنلارغا كەلمىگەن ھالەتتىمۇ ئۇنىڭ گەپ - سۆزى بولۇشى كېرەك ئىدى - دە.

ئاخىرى مەن ئۇنىڭ گېپىنى چىقاردىم.

ــ مۇشۇ ناھىيىدە بىر رەسسام بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، ــ دېدىم مەن ئېھتىيات بىلەن، ــ بىر چاغدا مەن مۇھەررىرلىك قىلىدىغان ژۇرنالغا رەسىم ئەۋەتكەن ئىكەن... ئۇنىڭ ئىسمى كامىل. يادىمدا قېلىشىچە، شۇ چاغدىكى ئادرېسى ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى دېيىلگەن بولسا كېرەك...

ــ ئۇ بار، ــ تېز ئىنكاس بىلدۈردى ئېگىز بويلۇق، سېرىق، ياداڭغۇ ئۆي ئىگىسى، ــ كامىل... ئۇ ھېلىمۇ مەدەنىيەت يۇرتىدا.

باشقىلار دەرھال كامىلغا ھۇجۇم باشلىدى. ئۇنىڭ فېئودال، خۇراپاتلىققا پېتىپ كەتـ كەن ئادەم ئىكەنلىكىنى، خوتۇنىنى تالاغا چىقارمايدىغانلىقىنى، دەۋر روھىغا باب ئەسەر ئىجاد قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشتى. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ئۇ ھېچكىمگە ئارىلاشمايدىـ كەن، ئارىلىشىدىغان ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى كالتە ساياق، سوڭىغا دەسسەپ يۈرىدىغان كىشىـ

لەر ئىكەن. ئۇ گۈزەللىكنى نەدە سەت، قوپال نەرسىلەر ئىچىدىن ئىزدەپ ئاۋارە بولارمىش، شۇڭا سىزغان نېمىلىرىنىڭ بىرەرسىدىمۇ مەۋجۇت گۈزەللىك ئەكس ئەتمىگەچ، روناق تاپالماي پەگادا تۇرۇۋېتىپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بىر نەرسە چىقىرىشى تېخىمۇ مۇمكىن بولمىغۇدەك...

«گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە...» دېگەن سۆز ھازىرلا ئېيتىلىۋاتقاندەك بىلىندى. مەن كامىلغا ھەسەت قىلغىنىم، ئۇنىڭ بىر ئوبدان رەسىمنى ئېلان قىلىنىشتىن تۇساپ قويغىنىم پاكىت بولسىمۇ، ماۋۇ ئولتۇرغانلارنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا ئېيتقان سۆزلىرىگە قوشۇلالمايتتىم.

— ئۇنىڭ رەسىملىرى كىمگە كېرەك؟ — دەپ تۇۋلىدى بىر ھەۋەسكار ئايال، — قايسى بىر شائىر مەن ساۋاتلىقلار ئۈچۈن ئەمەس، شېئىر ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن يازىمەن، دېگەن. ئۇنىڭ رەسىملىرىنى مەن بىر شائىرە تۇرۇپ چۈشەنمەيمەن، باشقىلار قانداق ياقتۇرسۇن؟...

— ئۇنىڭ نېمە ئويلايدىغىنىنى، نېمىنى ياخشى كۆرىدىغىنىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن.

— ئۇ فېئودال، — يەنە ۋارقىرىدى ھېلىقى ئايال، — خوتۇننى سىرتقا چىقارماي، بىز-لەر بىلەن ئۇلپەت بولماي ئۆتكەن ئۇنداق ئادەمنى بىزمۇ ئارىمىزغا ئالمايمىز. قېنى، بىزسىز ئۇ ناھىيە، ۋىلايەت تەۋەسىدە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە بېشىنى تىقىپ باقسۇنچۇ؟...

مەن ئۇنىڭ ھېلىقى رەسىمنى ئېلان قىلىۋەتمىگىنىمگە يەنە بىر قېتىم ئۆزەمنى كايىدىم. ئەمما، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە يەنە «ئۇنىڭ شان - شۆھرىتىنى ئۆز ۋاقتىدا تۇساپ قويغىنىم ياخشى بولغان، — دېگەنلەرنى ئويلىدىم، — ئۇنداق بولمىغاندا، ئالدىمدا مېنى ماختاپ ئۇچۇرۇپ ئۇ ئولتۇرغان بىر غۇژمەك كىشىلەر ماڭا بولغان مەيلى ساختا، مەيلى راست ھۆرمىتىنى كامىلغا بىلدۈرۈپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ گۈلتاجىسى دەپ كۆككە كۆتەرگەن بولاتتى...»

مېنىڭ كامىلغا قارىتىلغان ھېس - تۇيغۇلىرىم مۇجەمەل، زىددىيەتلىك ئىدى، ناۋادا باشقىلار ئۇنىڭ توغرىسىدا ياخشى گەپ قىلسا ھەسىتىم قوزغالغان بولاتتى، مانا، يامان گېپىنى قىلىۋىدى، بۇ ماڭا ياقمىدى ۋە كامىلغا ھېسداشلىقىم قوزغالدى.

بىراق، بۇنداق ئىچكى كەچۈرمىشلىرىمنى سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتىم. ئولتۇرۇشتىكىلەر مېنىڭ كامىلنى سوراپ قويۇپلا باشقا گەپلەرگە ئارىلاشمىغىنىمنى كۆرۈپ غەيۋەتنىڭ داۋامىنى باشقا كىشىلەرگە يۆتكىدى. ھاراق ئىچىلگەنسېرى غەيۋەتمۇ ئاۋۇپ، ئۆزلىرىنى ماختاش، بىر-بىرسىنى پۈدەپ ئۇچۇرۇش ئەۋجىگە چىقتى.

مەن ئۈچ رومكىدىن كېيىنلا ئىچىشنى قەتئىي رەت قىلغانىدىم. ئولتۇرۇۋېرىپ ئىچىم پۇشتى - دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم.

مەن چىقىپ كەتمەكچى ئىدىم، بەختىمگە يارىشا، مېڭىسى قىزىپ كەتكەن ساھىبخانلار مېھمىنىنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلەلىگۈچىلىكمۇ يوق دەرىجىگە بارغانىدى. يەنە بىر ياخشى يېرى، ئۇلار ئىچىشتىن توختىمىغانسېرى گەپ - سۆزلىرىمۇ ئاۋۇپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ كەتكىنىنى تۇيماي بىر - بىرىگە لوقما سېلىپ غەيۋەتنى داۋام قىلماقتا ئىدى.

تالاغا چىققىنىمدا ۋاقىتنىڭ ئانچە كەچ ئەمەسلىكىنى بىلدىم. كۈن ئولتۇرۇپ كەتكىنى بىلەن تېخى تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ بولمىغانىدى. ئاسمان كۆكۈشرەك، تىنىق ئىدى. سۈس

شامال چىقىپ تۇراتتى.

مېنىڭ كەيپىم قاچقانلىقى ئۈچۈن ياتقىمغا بارغىمىز كەلمىدى. شۇ يەردە كامىل يادىمـ غا كەلدى ۋە ئىچىمدە ئۇنىڭدىن رەنجىدىم، مانا مەن كەلگىلى 3 كۈن بولدى، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلمىگەندىكىن، بىلمەيدىغانلىقىمنى ئۆزىمۇ چۈشىنىپ تۇرۇپ كۆرۈشكىلى كەلمىگەنلىـ كىدىن خورسىندىم. ئىچىمدە، ئەمدى مۇشۇ هال تارتقىنىڭ ئۈچـۈن چاقىرساڭمـۇ بارمايمەن دەپ ئويلاشقا باشلىدىم.

بىراق كامىلنىڭ مېنى ساقلاپ تۇرغىنىنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىكەنمـەن. شۇڭا بۇ ئۇچرىشىش ماڭا تاسادىپى بولغاندەك تۇيۇلدى.

ـــ سالام! ـــ دېدى بىرسى ئالدىمغا ئۇدۇللا كېلىپ.

مەن چۆچۈپ توختىدىم. ئالـدىمدا بويى مەن بىلەن باراۋەر، خېلىلا ئورۇق، ئۇستىـ بېشىغا كۆلرەڭ ئىشتان ـ چاپان كىيگەن بىر كىشى هىجىيىپ تۇراتـتى. ئۇنىڭ بېشىدا زىغىر رەڭلىك كەپكە، پۇتىدا قارا بەتىنكە بار ئىدى. دەماللىققا تونۇيالمىغانلىقىمدىن سالىمـغا جاۋاب بەرمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدىم. ئۇ يەنە تەكرارلىدى:

ـــ سالام هېلىمجان، ياخشىمۇسەن؟

ئەمدى تونۇدۇم، ئۇ كامىل ئىدى. مەن ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ـــ پەقەت ماڭىلا تونۇشلۇق بولغان، ماڭا سىڭىشىپ كەتكەن ئاۋازىدىن تونۇيالدىم. هاۋانىڭ بارغانسېرى قازاڭغۇلىشىۋاتقانلىقىدىنمۇ ياكى چىرايى ئۆزگەرگىنىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر يۈز كېپىنىسگە قاراپ دەرهاللا پەرق ئېتەلمەي قاپتىمەن.

ـــ تونۇمايـۋاتامسـەن! ـــ دېـدى ئۇ ئۇنىنى بايـىقىدىن سەل پـەسەيتىپ، مۇلايىـملىق بىلەن، ـــ مەن كامىل.

ـــ تونۇدۇم ،تونۇدۇم دوستۇم، ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى ئىككى ئالـقىنىمغا ئېلىپ قىسىپ، ـــ مەن ئۆز كۆزۈمگە ئىشىنىپ ـ ئىشەنمەي تۇرۇپ قالغىنىم...

ـــ قاچان كەلدىڭ؟ ـــ ئۇ تېخىمۇ مۇلايىملىق بىلەن سورىدى.

ـــ بۈگۈن ئۆتىنچى كۈنى ،ـــ مەن تېزلا دەپ تاشلىغىنىمغا ئۆكىنىپ ئۆزەمنى قولغا ئېلىـ ۋالدىم ـ دە، باهانە كـۆرسەتتىم، ـــ بۇ ناهىيىنىڭ ئېـپـى ـ جېپىنى بىلمـەيدىكەنمـەن، سىنىڭ ئۆيۈڭنى مېهمانخانىدىكىلەر بىلمەيدىكەن...

ـــ مەن كەلگەن كۈنۈڭلا ئاڭلىغانىدىم، ـــ ئۇ بىر چاغلاردىكى ماڭا تونۇشلـۇق بولغان، مەسخىرىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان كۈلكىسىنى تەكرارلاۋاتقاندەك بىلىندى، ـــ ئەسـلىدە قائىدە بويىـچە مەن سېنى يوقلاپ بارسامۇ بولاتتى، بىراق، سەن بىكار بولالمىدىڭ...

يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ يالغانچىلىقىمنى ئۆزەمنىڭ ئەمەلىيىتىم بىلەنلا ئىسپاتلاپ قويغانىدى. مەن ئۆزەمنى ئاقلىيالمايدىغىنىمنى تۇيۇپ، سۈكۈت بىلەن ئۆتكۈزۈـ ۋەتتىم.

ـــ چۈشتىن ئىلگىرى ئىزدەي دېسەم كېچىلەپ ئارام ئالمىغان كىشىگە مالاللىق يەتمىـ سۇن دېدىم، ـــ دېدى ئۇ ئېچىلىپ كۈلۈپ، ـــ چۈشتىن كېيىن ماڭا ئاشمىدىڭ.

ـــ زېرىكتىم ئۇلاردىن، ـــ دېدىم توغرىسىنى ئېيتىپ.

ـــ هېلىمۇ زېرىكمـەيدىكەنسـەن، ـــ ئۇ مېنىڭ جەيىنىكىمدىن تۇتۇپ مېڭىش ئىشارىسىنى

بىلدۈردى. كېتىۋاتقىچە سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۇلار بىلەن بىرگە بولساق مېڭەڭ گاللى-
شىپ، ئەقلىڭ خىرەلىشىدۇ. قۇلىقىڭ غەيۋەتتىن باشقىنى ئاڭلىمايدۇ. مانا، ماڭا ئوخشاش
غەيۋەتچىنى سۆكۈش ئۈچۈن بولسىمۇ غەيۋەت قىلىدىغان بولۇپ قالىسەن، — دېدى.

مەن نېمە دېيىشىمنى دەماللىققا بىلەلمىدىم، ھېلىقىلارنى سۆكۈپ بەرسەممىغۇ بولاتتى، بىراق، بۇ كامىل ئۈچۈن ئېيتقاندا، ياخشى تەسىر قالدۇرالمايتتى. شۇنداقلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە شۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر، ئىككى، ئۈچ ئەمەس، نەق تۆت كۈن ئۆلپەت بولدۇڭغۇ؟ دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئاغزىدىن چىقارمىغاندىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈشى ئېنىق ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راستلىقىنى ماقۇللاپ كۈلۈپ قويدۇم.

— ناھىيىمىز توغرىسىدا كىتاب يازغىلى كەلدىڭمۇ؟ — ئۇ ماڭا قارىمايلا سورىدى ۋە جاۋاب كۈتمەي داۋام قىلدى، — كەلگەن كۈنۈڭلا ئاڭلىغان دېسەم ھەيران بولمىغىن، مەدەنىي مائارىپ بۆلۈمىدىكىلەردىن بىرسى بىزنىڭ ئىدارىگە كەلگەنىكەن. ئۇ: «ناھىيىمىز ئەمدى كاتتا ئادەملەرنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بوپتۇ. ھېلىمجان دېگەن يازغۇچى كەپتۇ...» دەپ بەرگەنىدى. ھېلىمجان ئاتلىق كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ يازغۇچى ھېلىمجاندىن سەندىن باشقىسى يوقلۇقىنى بىلىمەن-دە، نەگە چۈشكىنىڭنى سوراۋېلىپ كەچتە بارسام، مېھمانخانىدىكىلەر سېنى ئۇلارنىڭ ئېلىپ كېتىشكىنىنى سۆزلەپ بەردى.

مەن يەنە كۈلۈپ قويدۇم. ئۇنىڭ ئۆزى توغرىسىدا سۆزلىشىنى كۈتەتتىم. بىراق ئۇ، مېنىڭ گەپ قىلىشىمنى كۈتۈۋاتقاندەك كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماڭا پات-پات قاراپ ماڭاتتى.

— مېنىڭ مۇبارەك تۇرالغۇم، — دېدى كامىل خۇشال، كۈلۈپ تۇرۇپ.

مەن ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك چۆچۈپ ئالدىمغا قارىدىم. ئىككىمىز پاكار تاملار بىلەن قورشالغان ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىكى تار، بىر قاناتلىق ئىشىك ئالدىدا تۇراتتۇق.

— ئۈچ يىلدىن بۇيان مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن، — كامىل يانچۇقلىرىنى ئاختۇرۇۋاتقىچە ئاشۇنداق دېدى، — بۇ سارايغا كونا خوجايىن بولۇپ قالدىم، كىرسەڭ كۆرىسەن، يامان ئەمەس، ياشاشقا بولىدۇ...

ئۇ يانچۇقىدىن ئاچقۇچ چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاۋۋال ئۇ، كەينىدىن مەن ھويلىغا كىردۇق. ئالدىمدىكى تامغا ئوخشاش قاراڭغۇلۇق نەزەرىمنى توساپ تۇراتتى. كامىل ئادەتلىنىپ كەتكەن بولسا كېرەك، شىپىلداپ مېڭىپ مەندىن خېلى يىراقلاشتى-دە، ئېلېكتىر چىرىغىنى ياقتى. ھويلا ئىچى يورۇپ كەتكىنىدە مەن تال بەدىشلىرىنىڭ ئاستىدا تۇرغىنىمنى بىلدىم. كامىل بۇ چاغدا ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى ۋە ماڭا قارىمايلا:

— كىرىۋەر، كىرىۋەر... — دېدى.

ھويلا ئىشىكىدىن ئۆينىڭ ئىشىكىگىچە بىر مېترچە كەڭلىكتە پىشىشىق خىش پارچىلىرى تىزىلىپ يول چىقىرىلغانىدى. بۇ ھويلىچاقنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدا باشقا ئائىلىلىكلەر بىلەن ئايرىلىدىغان پاكار پاسىل تام بولۇپ، ئىشىك ۋە دېرىزىلىرى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگىچە تال ياماشتۇرۇلغان. شۇ تاپتا، خۇددى سۈرەتلەردىكىدەك ئاسماق-ئاسماق ئۈزۈملەر باش ئۈستىدىلا ساڭگىلىشىپ تۇراتتى.

«ئۇنىڭ خوتۇنى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ ئويلاشقا ئۈلگۈردۈم مەن كېتىۋېتىپ ۋە شۇ

چاغدا «فېئودال»، «خوتۇننى تالاغا چىقارمايدۇ» دېگەن سۆزلەرنى ئەسلىدىم، — بۇ راستىنلا خوتۇننى ئۆيدىن چىقارماي، ئىشىكنىڭ تېشىدىن قۇلۇپ سېلىپ يۈرمەيدىغاندۇ؟...»

— ئايالىم بىلەن قىزىم ئالىسىنىڭكىگە كەتتى، — تەنتەنە بىلەن دېدى كامىل مېنى ئىچكىرىگە باشلاۋېتىپ، — ئۇ ھەممىنى تەييار قىلىپ قويۇپ كەتكەن، ئەتە سەھەردەقايتىپ كېلىدۇ...

ئۇنىڭ ئاۋازىدىن بۇ يەردە يوق بىر ئايالغا بېغىشلانغان ھۆرمەت بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ھېچقانداق «فېئوداللىق» بەلگىلىرىنى سەزمىگەن ھالدا ئەجەبلىنىپ ئۆي ئىچىگە كىردىم.

مەن ئۆيگە كىرمەستىن ئىلگىرى ئۆي ئىچىنىڭ مۇنچىۋالا نامرات ئىكەنلىكىنى خىيال قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلمىغانىدىم. بۇ ئۆيدە بىر كىشىلىك كارىۋات، بىر ئورۇندۇق، بىر شىرەلا بار ئىدى. كارىۋات ئۈستىدە بوز رەڭلىك كىگىز، بىر تەرىپىدە سەيسىگە بارغان ئىشلەمچىلەرنىڭكىدەك تۈرمەكلەپلا قويۇلغان يوتقان - كۆرپە تۇراتتى. شىرەنىڭ ئۈستى قۇرۇق ئىدى. دېرىزە ئويۇقچىسىمۇ بوش تۇراتتى.

ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە يوق دېيىشكە بولمايتتى، كارىۋات بىلەن دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدا خېلىلا چوڭ رامكىغا تارتىلغان ئاق سۈرپىكە ماي بوياق بىلەن چۈشۈرۈلگەن بىر سۈرەت يۆلەپ قويۇلغانىدى. بۇ سۈرەتتە ئادەم كۆزىنى ئالالمىغۇدەك دەرىجىدىكى چىرايلىق بىر ئايال ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسىگە جىددىي كۆڭۈل بۆلگەنىدى. ئەپسۇسكى، رەسىمنىڭ بۇ تەرىپى سىزىلىپ بولۇنمىغان، قېرىنداشتا تارتىلغان ئېرى - بېرى سىزىقلار ئۈستىگە تېخى بوياق بېرىلمىگەنىدى. كامىل بۇ رەسىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتقان بولسا كېرەك، جازىنىڭ ئاستىدا بوياق قاچىلىرى، ھەرخىل پەلكۈچ قەلەملەر بىر يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. قارىغاندا، كامىل بۇلارنى بىر كىرىشنىڭ ئالدىدا ئالدىراپ - سالدىراپ شۇ يەرگە يىغىۋەتكەن بولسا كېرەك.

— ھاياتنى قۇرۇۋاتقان ئايال ئەمگەكچى، — كامىل مېنىڭ رەسىمگە قاراپ قالغىنىمنى كۆرۈپ چۈشەندۈردى، — بىر يىلدىن بۇيان ئىشلەۋاتىمەن، دوپپا تىكتۈرۈش كېرەكمۇ ياكى كەشتە ئىشلىتىش كېرەكمۇ دەپ بىر قارارغا كېلەلمىدىم...

مەن رەسىمدىكى ئايالنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىدىن قەتئىينەزەر، كۆزىنىڭ ئاجايىپ چىرايلىق ئىكەنلىكىنى، كىرپىكلىرىنىڭ تۈكۈلۈپ تۇرغانلىقىنى، قاشلىرىنى سەل ئۈچۈرۈپ تۇرغانلىقىنى، ئىككى قېشى ئارىسىدىن ئېقىپ چۈشكەندەك تارتىلغان بۇرنىنىڭ كېلىشكەنلىكىنى زوقلىنىپ ئولتۇرۇپ تاماشا قىلدىم. قارىغاندا، رەسسام ھەرقانداق كۆرگۈچىنى ئارماندا قالدۇرغىدەك يەنە بىر غايىۋى گۈزەللىكنى يوشۇرۇپ قالغانىدى، يەنى، بۇ ئايالنىڭ لەۋلىرىدىن تارتىپ بويىنىغىچە كۆرۈنمەيتتى. رەسسام ئۇنى رومالغا ئوراپ قويغانىدى. بۇ رومال بولۇق، قوڭۇر چاچلارنى كۆرۈشكە دەخلى قىلمايتتى، رومالنىڭ ئاستىدا قالغىنىغا قارىماي، چۆچۈرىدەك قولاقلاردىكى ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن ھالقا خۇددى راستتەك نۇر چېچىپ تۇراتتى. ئەمدى زىناقلارنىڭ ئاستىغا كەلگەندە رومال تۆپە - تۆپىلەپ يۆگەلگەنلىكتىن، پەرىشتىدەك بۇ گۈزەلنىڭ لەۋلىرى، ئېڭىكى كۆرۈنمىگەنىدى. لېكىن، بىر قارىماققا، بۇ يەردە ھېچقانداق سىر ۋە ياكى سەنئەتكارنىڭ قۇۋلىقى بىلىنمەيتتى. ھەرقانداق كۆرگۈچى دوپپا تىكىپ ئولتۇرغان ياكى كەشتە ئىشلەپ ئولتۇرغان بۇ ئايالنى چىرايلىق، سۇمباتلىق شۇنداقلا

تالانى تەرك قىلغان ئائىلە ئايىلى ئىكەن، دەپ بىلەتتى. ئىجتىمائىيەتتىن مۇشۇ كۈندىمۇ ئۆزىنى تارتىدىغان ئۇيغۇر ئاياللىرى ئازمىدى؟ ئۇلار ھەپتىلەپ، ئايلاپ بىر دوپپىنى ئىشلەيدۇ، بازار كۈنى يۈزىنى رومىلى بىلەن يېپىپ دوپپا بازىرىغا بېرىپ ئالدىنى 50 يۈەن، كەينىنى 20 يۈەنگە ساتىدۇ. بۇ دوپپىلار ھەر خىل باشلارغا قونۇپ ئەڭ ئاۋات شەھەرلەردىكى داغدۇغىلىق مۇراسىملارنى كۆرىدۇ...

مەن ئاشۇنداق ئويلىدىم. كامىل بۇ چاغدا ئىشكاپتىن قەن، پېچىنە، كەمپۈت سېلىنغان تەخسىلەرنى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە تىزىشقا باشلىدى.

— بۈگۈن قونۇپ قالسەن، دوستۇم، — دېدى ئۇ ماڭا قارىماي، — سەندىن يوشۇرمايمەن، ئۆيۈمنىڭ ئەھۋالى چاتاق، ياتاق ئۆيىمىز كىچىك، بۇ ئۆيىمۇ ئۆزەڭ كۆرگەندەك... شۇڭا ئايالىمنى ئانىسىنىڭكىگە يولغا سالدىم. لېكىن، ئۇ ئەتە سەھەردە يېتىپ كېلىپ ئاش ئېتىپ بېرىدۇ.

— بۇنچىۋالا كايىمىساڭمۇ بولاتتى، — مەن ئۇنىڭ رازىلىقىمنىمۇ سورىماي قىلغان ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئانچە قوشۇلمىدىم، — ھازىرمۇ ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى...

— مەن سېنى بالدۇرراق بىكار بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى ئۇ دالانغا مېڭىۋېتىپ، — بىر شۇنچە يىل بىرگە ئوقۇدۇق، ئاندىن شۇنچە يىللار كۆرۈشمىدۇق...

مەن ھېچنەرسە دېيەلمىدىم. ئۇ ھازىر ئۈستۈنلۈكتە بولۇپ، مېنىڭ كېلىپلا ئۇنى يوقلىمىغانلىقىمنى باھانە قىلىپ نېمە دېسە ھەقلىق ئىدى.

ئۇ ھايال بولمايلا ئىككى تەخسە سەي كۆتۈرۈپ قايتىپ كىردى ۋە مېنىڭ ئۇدۇلۇمغا كېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

مەن شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا تەپسىلى نەزەر سېلىپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ ماڭلىيى، كۆز چۆرىلىرى، جاۋغايلىرى پۈتۈنلەي قورۇققا تولغانىدى. ئىككى مەڭزىدىكى گۆشى پەسكە ساڭگىلاپ، ئۈستەخىنى تومپىيىپ چىقىپ تۇراتتى. ئىككى چېكىسىدىكى چاچلار ئاساسەن ئاقىرىپ كەتكەن بولۇپ، پېشانىسى تا چوققىسىغىچە ئايپاڭ ئىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىغا قاراپ 50 ياشتىن ئۆتۈەن ئەمەس دەپ باھا بەرگىلى بولاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ 35 ياشلارغا كىرگەن بولسا كېرەك...

— قېنى، ئاتاغلىق دوستۇم، كۆتۈرەيلى، — ئۇ رومكىسىنى قولىغا ئېلىپ ماڭا قارىمايلا ئىچىۋەتتى، — ساق - سالامەت كۆرۈشتۇق، — دېدى ئۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، چوكا بىلەن گۆش پارچىسىنى قىسىپ ئېلىپ، — ئىچ، ئاندىن چوڭ - چوڭ ئال!

ئۇنىڭ ئەزمىلىك قىلماي ئىچىشكە قاراپ ھاراق بىلەن خېلى يېقىن ئىكەنلىكىنى پەملىدىم. مەن بىر يۇتۇم ئىچىپ، رومكىنى ياندۇرۇپ قويۇپ قويدۇم. كامىل مېنىڭ ئەڭ كىچىك ھەرىكەتلىرىمگىچە قاراپ ئولتۇردى، ئەمما ھېچنەرسە دېمىدى. بوشىغان رومكىسىغا تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ يەنە گۆپپىدە كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ، تۇخۇمدىن بىر كېسىم ئاغزىغا سالدى. ئۇ تۇخۇمنى چايناپ ئولتۇرۇپ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. مەن رومكامدىكى يېرىم ھاراقتىن يەنە بىر يۇتۇم ئىچىپ قويدۇم.

— نېمانچە ئەزمىلىك قىلىسەن، سەي يە! — دېدى ئۇ يەنە رومكىلارغا ھاراق تولدۇ-

رۇۋىتىپ، ـــ هاراقنى سەلبىي پېرسوناژلارلا ئىچىش، ئەدەبىياتتىكى تەشۋىقات. تۇرمۇشتا، بۇرادەر، ئىجابىي شەخسلەرمۇ ئىچىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىجابىي شەخسلەر سەلبىي شەخسلەردىنمۇ ئاشۇرۇپ ئىچىدۇ. مانا مەسىلەن، بىر رېئاللىقتىكى ئىجابىي شەخسلەرمۇ ئەمەسمۇ؟

مەن ئۇنىڭ قادىلىپ قارىشىدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ ئاستا دېدىم:

ـــ بىز نېمىلا بولمىسۇن سەلبىي شەخسلەر ئەمەس.

ـــ قارا، نېمىدىگەن ئېھتىياتچانسەن؟ ـــ كامىل قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى، ـــ ئىجابىي بولمىغاندىمۇ سەلبىي ئەمەس، دېمەكچىغۇسەن؟ قېنى، شۇ گېپىڭ راست بولسا بۇنى كۆتۈرۈۋېتەيلى. ئوغۇل بالىدەك ئىچ...

مەن ئۇنىڭغا ھەيران بولغىنىمچە تىكىلدىم. مېنىڭ ئالدىمدا رەسسام كامىل ئەمەس، بەلكى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان هاراق سېغىنىپ كەتكەن بىر پىيانىچۇك ئولتارغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئادەتتە، هاراققا كەلگەندە مەنمۇ بوشاڭلاردىن ئەمەس ئىدىم، بىراق، شۇ تاپتا چالاراق بولسىمۇ ئۈچ رومكا ئىچىۋېتىپ خېلىلا تەڭشىلىپ قالدىم. كامىل شۇ ئارىلىقتا 4 ـ رومكىنى بىكار قىلىپ ئۈلگۈردى. ئەمدى ئۇنىڭ قورۇلۇپ، پۈرۈلۈپ كەتكەن يۈزى نېمىشقىدۇر يېقىملىقراق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزى خۇشال، ئوتلۇق ئىدى ۋە بالىلارنىڭكىدەك غەرەزسىز پارقىرايتتى.

ـــ خوش، قېنى سۆزلە، ـــ دېدى ئۇ ماڭا هاكاۋۇرلۇق بىلەن قاراپ، ـــ بەدىئىي ئىجادىيەتتە قانداق بۆسۈش ئېلىپ بارماقچىسەن؟

مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چۈشىنەلمىگىنىمنى بىلدۈردۈم:

ـــ قانداق بۆسۈشنى دېمەكچىسەن؟ شۇ، يېزىۋاتىمىز...

ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن قولاقلىرىم جىمىلداپ كەتتى.

ـــ يېزىۋاتقىنىڭنى بىلىمەن، ـــ ئۇنىڭ كۆزلىرىدە مەسخىرىلىك كۈلۈمسىرەش ئوينىدى، ـــ مېنىڭ يادىمدا قېلىشىچە، مەكتەپتىكى چېغىمىزدا بىز بىر قېتىم ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى گۈزەللىك مەسىلىسىنى سۆزلەشكەنىدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يازغان نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، كۆپلىرىنى كۆرۈپ تۇردۇم. يەنىلا شۇ كونا نەزەرىيەڭدىن چىقالمايۋاتىسەن. دېمەكچىمەنكى، سىياسىي خۇلاسىگە ئاساسەن ئوبراز يارىتىۋاتىسەن. ئىجادىي بۆسۈش يوق...

ـــ مۇسۇلمانچىلىق ئاستا ـ ئاستا دەپتىكەن، ـــ مەن مۇنازىرىلەشمەكچى ئەمەسلىكىمنى بىلدۈردۈم، ـــ كېيىنچە ساڭا يارىغۇدەك نەرسىلەرنىمۇ يېزىپ قالارمەن...

ـــ ئوھۇ، ـــ دەۋەتتى ئۇ، ـــ تەنە قىلىۋاتامسەن؟ مەيلى، ئىشقىلىپ مەن بىر كىتابخان سۈپىتىدە گەپ قىلىپ قويدۇم.

ـــ تۇرمۇشنى يېزىۋاتىمەن، ـــ دېدىم مەن رەنجىپ، ـــ مەن تۇرمۇشنىڭ ئىجابىي، ماهىيەتلىك تەرىپىنى ئىنكاس قىلسام بولدى.

ـــ خاتا! ـــ ئۇ رومكىدىكى هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى، ـــ بۇ سېنىڭ ئۆزەڭنى ئۆزەڭ قۇدۇققا ئىتتىرىپ، ئۆزەڭنى ـ ئۆزەڭ ئاقلىغاندەك بىر ئىش. مىسالغا ئالساق، دەريا بويىغا ياكى كۆل بويىغا بېرىپ سۇغا قاراپ قانچە تۇرغىنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى بىلەلمەيسەن. سۇ بولغاندىكىن يۈزىمۇ، ئاستىمۇ، رەڭگى، تەمى، تەركىبىمۇ ئوخ-

شاش دەپ ھۆكۈم چىقىرىۋېرىسەن، — ئۇ توغرا دېدىممۇ قانداق، دېگەندەك كۆزۈمىنىڭ ئىچىگە قارىدى ۋە ئالدىدىكى رومكىدىن بىر سومۇرۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سۇنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن سۇغا كىرىشىڭ كېرەك، دوستۇم. سازلىقلاردىكى سېسىق سۇغىمۇ، كۆللەردىكى تىنىق سۇغىمۇ، دەريالاردىكى ئېقىن سۇغىمۇ كىرىپ بېقىشىڭ لازىم بولىدۇ. تۇزلۇق دېڭىز سۈيىگىمۇ، كەلكۈن - سەلگىمۇ چۈشۈپ، چۆكۈپ بېقىش كېرەك بولىدۇ، بەزى ھەتتا ئېقىپ كېتىشىڭ، غەرق بولۇشۇڭمۇ مۇمكىن. تۇرمۇشمۇ شۇنداق قەدىردانىم. تۇرمۇشقىمۇ خۇددى سۇغا چۆككەندەك چۆكۈشۈڭگە توغرا كېلىدۇ...

— سەنچۇ؟ سەنمۇ ھېسابتا بىر سەنئەتكار، — مەن ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈردۈم. ئۇ مەس بولۇپ قالغانىدى. كۆزلىرى ئەلەڭلەپ قارايتتى، شۇڭا مەن خېلى جۈرئەتلىنىپ قالدىم، — سەن مېنىڭ ھېكايىلىرىمغا سىزغان سۈرەتلىرىڭنى قانداق سىزغان؟ قۇرۇپ قالاي دېگەن كۆچەتكە سۇ قۇيۇۋاتقان قىزنىڭ رەسىمىنى قايسى تۇرمۇشقا چۆكۈپ سىزغان؟ دەريا بويىدىكى قىزنىڭ رەسىمىنىچۇ؟...

مەن دەرھال لېۋىمنى چىشلىدىم. كېيىنكى رەسىمنى تىلغا ئېلىپ كامىلنىڭ شۇ رەسىمنى يوقىتىۋەتكەنلىكىمنى چاندۇرۇپ قويغانىدىم. مەن كامىل بۇ توغرۇلۇق تازا قايىنايدىغان بولدى، شۇنداق بولۇپ قالسا مەن ئۇ رەسىمنى كۆرگەن، لېكىن بىر تەرەپ قىلىشقا قاتناشمىغان دەيمەن، دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ قويدۇم. بىراق، كامىل خېلى ئۇزۇنغىچە گەپ قىلمىدى. قورۇلغان خاسىڭ مېغىزىنى مالتىلاپ تېرىسىپ يەپ ئولتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ چوكا تۇتقان قولى سۇس تىترەيتتى. بۇ ھالغا قاراپ ئۇنى مەس ئەمەس دېيىشكىمۇ بولاتتى.

— مۇنۇ ھاياتنى قۇرۇۋاتقان ئايال ئەمگەكچىچۇ؟ — مەن ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ كامىلنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۆزەمنىڭ خىجالەتچىلىكىمدىنمۇ قۇتۇلماقچى بولدۇم، — مەيلى بۇ گۈزەل ئايال دوپپا تىكسۇن ياكى كەشتە ئىشلىسۇن، سەن قانداق قىلىپ ئۇلار ئارىسىغا چۆكەلىدىڭ؟ خىش، چۆكەلىدىڭمۇ دەيلى، سەن بىر پەس، مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە ئۇلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرەلىشىڭ مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن، پۇل تېپىش ئۈچۈن دوپپا تىكىشىنى نىداق قىلىپ «ھاياتنى قۇرۇش» دەرىجىسىگە كۆتۈرەلىدىڭ؟ خوش، گەپ قىلمايسەنغۇ؟ تۇرمۇشقا چۆكۈش، بۇرادەر، بەزىدە سەن دېگەندەك بولار، لېكىن، بەزىدە تەسەۋۋۇرغىمۇ، سىياسىي خۇلاسىگىمۇ بېرىلىككەن بولىدۇ...

كامىل مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلىمىغاندەك دېرىزە سىرتىغا تىكىلىپ بىرنەچچە مىنۇتنى ئۆتكەزدى. مەن ئۇنى غالجىرلىق بىلەن ھاراقتا ئېتىلدۇ، دەپ كۈتكەنىدىم، بىراق ئۇ ئاجايىپ سالماقلىق، مۇلايىملىق بىلەن:

— سىڭىلچە، مەن نەچچە ياشقا كىرگەندىمەن؟ — دەپ سورىدى.

مەن ھەيران بولدۇم، بىراق ھەيران بولغىنىمنى يوشۇرۇپ:

— 35 لەرگە بارغانسەن؟ — دېدىم.

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى، كۈلۈمسىرىدى، بۇ كۈلۈمسىرەشى تەبىئىي بولمىغانلىقتىن ياڭاق تېرىلىرى تارتىشىپ قالدى.

— 42 گە كىردىم، — دېدى ئۇ ئەزمىلىك بىلەن، — ئوقۇغان چاغدا ياش يوشۇرغانىدىم.

— ياش يوشۇرمايدىغان كىم بار؟ — مەن ئۇنىڭ باياتىنقى نۇتـقىمـنى ئۇنتۇپ كېتـ-شىنى خالايتتىم. شۇڭا دەرھال ھېسداشلىق قىلدىم.

— مانا، مەنمۇ 36 ياش دەپ قويغىنىم بىلەن 38 لەرگە بېرىپ قالدىم.

ئۇ، بۇ سۆزلەرگە ئېتىبار بەرمىدى. هاراقتىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ، ھېلىقى «تۇر-مۇشقا چۆكۈش» ئۈستىدىكى كونا خامانىنى سورۇشقا چۈشتى:

— يادىڭدىمۇ؟ — باشلىدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ، ئۇنىڭ سۆزلىرى ئاستا، سوزۇلۇپ ئېيتىلىۋاتاتتى، — سەن مېنى نەشرىياتتىكى ئاكامنىڭ يېنىغا بىللە بېرىشنى ئېيتقاندا، مەن ئۇنىمىغانىدىم. بۇنىڭ سەۋەبى، مەن ئاكام بىلەن قىزىرىشىپ قالغانىدىم. سەن بۇ يەردىكى گەپنى ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى گۈزەللىكنى ئىپادىلەش ئۈستىدە زىتلىق چىقىقان بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەنمە. بىزنىڭ زىتلىششىمىز باشقا سەۋەبتىن ئىدى. ئاكام مېنىڭ خۇسۇ-سي ئىشىمغا ئارىلاشتى. ئارىلاشقاندىمۇ قەلبىمگە، ئەڭ ئىچكى تۇيغۇلىرىمغا تەئەللۇق ھېس-سىياتىمغا ئارىلاشتى، — كامىل قاتتىق بىر ئۇھ تارتىۋەتتى. مەن ئۇنى يىغلايدىغان بولدى دەپ پەرەز قىلغانىدىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ يىغلىمىدى، رومكىنى بىكار قىلىپ شىرەگە تاققىدا قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — شۇنداق، ئۇ مېنىڭ سۆيگۈمگە، مۇھەببىتىمگە ئارىلاشتى. مەن بىر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. قانچىلىك دەرىـجىدە ياخشى كۆرىدىغىنىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن، ئىشقىلىپ مەن ساڭا شۇنىلا دېيەلەيمەنكى، ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم جاھان ماڭا مەنىسىز، تېتىقى يوق تۇيۇلاتـتى. چاتاق يېرى شۇ ئىدىكى، مەن ياخشى كۆرۈپ قالغان بۇ قىز ئاكامنىڭ قېيىنسىنىڭ قىزى ئىدى. بۇ قىز رەسىمگە شۇنچىلىك ئىشق باغلىغانكى، سائەتلەپ مېنىڭ يېنىمدا ئول-تۇراتتى. بىز سائەتلەپ، بەزىدە يېرىم كۈنلەپ سەنئەت، رەسىم، كىشىلىك ھايات ھەققىدە سۆزلىشەتتۇق...گەپنىڭ قىسقىسى، ئۇنى دەپ پات - پات ئاكامنىڭ ئۆيىگە باراتتىم. مەن قىزغا بولغان ھېسسىياتىمنى تۇتۇپ تۇرالمايدىغان دەرىجىدە بولسام كېرەك، ئاكام مېنىڭ كىمگە قانات سۆرەپ يۈرگىنىمنى پاتلا سېزىپ قالدى بولغاي، «سەن ئايالىڭ بار چوپ - چوڭلا ئادەم بولۇپ قالدىڭ، پۇتۇڭنى نەگە بېسىپ، نەدە قويۇشۇڭنى مەن دەپ يۈرمە-سەممۇ بولىدۇ. ئۆزەڭنى تىيىپ يۈر!...» دەپ بۇيرۇدى.

— تۇرمۇش دېگەن بىر خىل، پەرەزدىكىدەك، ئارزۇدىكىدەك بولمايدىغانلىقىنى شۇ چاغدا بىلدىم، — داۋام قىلدى كامىل، — مەن ئاكامغا ئانچە كۆپ نەرسىلەرنى سۆزلەپ يۈر-مەيلا «كارىڭ بولمىسۇن!» دېگەن مەنەنى ئۇقتۇردۇم. ئۇ بارلىق ئاكىلارنىڭ ئۇكىلىرى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ھەقلىقمىز دەپ تونۇغىنىدەك تەلەپپۇزى بىلەن مېنى ھېلىقى قىز بىلەن باردى - كەلدى قىلماسلىققا بۇيرۇدى. مەن ئۇنايتتىممۇ؟ بىر قېتىملىق ماجرادا مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قەدەم قويماسلىققا ئەنت ئىچىۋەتتىم. قىز، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى مېنى ھۆرمەت قىلاتتى، قىز بىلەن باغلاردا بىللە بولۇشنى ئاز دەپ ئۆيىگىمۇ بېرىۋالاتتىم، ئەمما، بىرەر قېتىممۇ قوپال مۇئامىلىگە، قارشى ئالمايدىغانلىقى يېقىن تۇرىدىغان ئىپادىگىمۇ ئۇچرىمايتـتىم...ئوقۇش پۈتتۈرۈش يىلىدىكى تەتىلدە ئايالىم بىلەن ئوغايلا ئاجراشتىم. ئۇمۇ مەن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغىچە «ئەتىلا ئاجرىشايلى» دېدى ۋە مەن بىلەن بۇياقتىن

ئاجرىشىپ ئۇياقتىن باشقا بىر يىگىت بىلەن توي قىلىدىغان قەغەزگىمۇ قول باستى. بىز ھەممىمىز خۇشال ئىدۇق. يەنى ياخشى كۆرگەن قىزنىڭ پىراقىدا كۆلگە ئايلانغان، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا رەسمىي تەلەپ قويۇش ھوقۇقىغا ئېرىشكەنلىكىم ئۈچۈن مەن خۇشال ئىدىم. مەندىن ئىبارەت بىر يۈكتىن خالاس بولۇپ مۇرادىغا يەتكەن ئايالىم بىلەن ئاران تۇرغان يىگىتمۇ خۇشال ئىدى. بىر ئوغلىمىز بار ئىدى، ئۇمۇ مەندىن كۆرە ھېلىقى كىشىنى «دادا» دەپ خۇشال بولدى. مۇشۇ ئەھۋالدا مەن ئانىسىنىڭ تەكلىپىگە قارشى چىقمايلا بالىنى ئانىسىغا بېرىشكە قوشۇلدۇم. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۆيىدىنمۇ، مال - مۈلۈكتىنمۇ كەچمەي بولمايتتى... راستىمنى ئېيتقاندا، بۇ ئاجرىشىش ئىككى ئەر، بىر ئايال ۋە بىر بالىنى خۇشال قىلغاندىكىن، مېنىڭ ئازراقمۇ ئىچىم ئېچىشمىغانىدى. مۇھىمى، مېنى يېڭى بىر بۈيۈك، غايەت ئەتىۋار تۇيغۇ ئۆزىگە ئەسىر قىلغانىدى. مۇھەببەت مېنى چىللىماقتا ئىدى، ئۇ ماڭا ھەممىنى ئىناق، خۇشال ئائىلە، بەختلىك تۇرمۇش، مول ئىجادىي ئەمگەك ھەتتا پەرزەنتىمۇ ۋەدە قىلىۋاتاتتى. ئۇلۇغ، بىباھا سۆيگۈ مېنى ئۆزىدىن باشقا نەرسىنى ئويلىماس، ئۆزىدىن باشقا نەرسىنى كۆرمەس، ئۆزىدىن باشقا نەرسىگە ئىنتىلمەس قىلىپ قويغانىدى. مەن ئاشۇنداق يېرىم ساق، يېرىم پالەچ ھالەتتە ھېلىقى قىزغا مۇھەببەت قويدۇم. مەن سىزغان رەسىم شۇ مۇھەببەت قويۇشنىڭ ئەلچىسى ئىدى. قىز دەل شۇ قىزنىڭ پورترېتى ئىدى... مەن رەسىمگە «گۈزەل ھايات ئۈچۈن...» دەپ نام قويدۇم. ھەمىشەمكى ئادىتىم بويىچە رەسىمنى قىزغا كۆرسەتتىم. ئۇ مېنىڭ شۇنچىلىك سىردىشىم بولۇپ كەتكەن ئىدىكى، مەن سىزغان رەسىمدىكى ھەرقانداق دەرىجىدىكى كىچىك، ئىنچىكە سىزىقلار، ھەرقانداق تۇتۇق، خىرە رەڭمۇ قىزنىڭ نەزەرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ مېنىڭ قايسى رەڭنى نېمىشقا بەرگىنىمنى، نېمە ئۈچۈن بىرەر سىزىقنى ئۇشۇق ياكى كەم سىزغىنىمنى چۈشىنەتتى. بۇ رەسىمنىمۇ ئۇنىڭ چۈشىنىدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل ئىدى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ رەسىمنى چۈشىنىشتە مەندىن ئۆتكۈررەك دەپ بىلىدىغان بۇ قىزنىڭ رەسىمگە ئىنزاھ بېرىشىنى، ئىنزاھ بەرگەندىمۇ ماڭا تولىمۇ زۆرۈر بولغان ئىجابىي جاۋاب بېرىشىنى ھاياجانلانغان ھالدا كۈتەتتىم. سەلبىي جاۋاب بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىنمۇ دېگەن پىكىرلەر ئەسلا يادىمغا كەلمەيتتى. چۈنكى، بۇنىڭغا ھېچقانداق ئاساسىم يوق ئىدى. تەقدىر، قىسمەت ماڭا نېسىپ قىلغان، مېنى شۇنچىلا بىسەرەمجان قىلغان، خۇشاللىقتىن يۈرىكىمنى يېرىۋەتكۈدەك تۇيۇلىدىغان بۇ مۇھەببەت ماڭا تەئەللۇق ئىكەنلىكىگە يۈزدە - يۈز ئۈمىد باغلايتتىم. بۇنىڭغا، قىزنىڭ ئادەتتە تاتلىق كۈلۈپ بېقىشلىرى، رەسىم ئۈستىدە ئىشلەۋاتقىنىمدا رەسىمدىن تولاراق كۆزۈمگە تىكىلىپ سائەتلەپ ئولتۇرۇشلىرى، مۈرەمگە قولىنى قويۇشلىرى ۋە بۇنىڭدىن، پۈتۈن بەدىنىمگە تارقىلىدىغان مىسلىسىز شېرىن ھارارەت... گۇۋاھلىق بېرىپ تۇراتتى...

مەن جاۋاب ئالدىم. رەسىمنى قىزنىڭ كۆرۈشىگە قويۇپ قويۇپ، بىز دائىم بىللە ئولتۇرىدىغان دەريا بويىدىكى قارىياغاچنىڭ يېنىغا كەتتىم. قارىياغاچنى قۇچاقلاپ ھاسىرىغىنىمچە «ئاھ خۇدا، شۇ تاپتا ئۇ مېنىڭ مۇشۇ ھالىمنى بىلسىدى...» دەپ ئويلىدىم. قانچىلىك تۇردۇم... بىلمەيمەن. بىر چاغدا ناھايىتى زىل، يېقىملىق چاقىرىش ئاڭلاندى: «كامىـ...ل!» مەن كەينىمگە ياندىم، يۈرىكىم دۈپۈلدەيتتى، پۇتلىرىم تىترەيتتى ۋە كالۋالد-

شىپ پۇتلىشاتتىم. مەن نېرىدىنلا ئۇنى كۆردۈم، ئۇ ئاجايىپ رەڭدار قىزىلگۈلگە ئوخشايتتى، ئۇ، رەسىم جازىسىنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى، كۆزلىرى رەسىمگە تىكىلگەنىدى. «ئىش پۈتتى، — دەپ ئويلايتتىم مەن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ، — مېنىڭ قىز ھەققىدىكى تۇيغۇلىرىم مېنى ئالدىماپتۇ...» بۇ يەردە چۈشىنىكسىز بىرلا نۇقتا بار ئىدىكى، مۇھەببەتكە سازاۋەر بولۇنغان قىز مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، سەل تارتىنىشى، كۆڭلىدە بولغان ھالەتتىمۇ دەسلەپتە، بىرىنچى قېتىم بىۋاسىتە سەزگەنىدە ئۆز ھاياجىنىنى كونترول قىلالماسلىقى كېرەك ئىدى. بۇ قىز بولسا ئادەتتىكىدەكلا ئىدى، بەلكى ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ خاتىرجەم، بىخىرامانىدى. بۇنىڭ سىرى دەرھاللا ئاشكارىلاندى. «قاراڭ، مېنىڭ رەسىمىمنى سىزغاندا ئىككى خاتاغا يول قويۇپسىز، — دېدى ئۇ تەمتىرىمەي چاقچاق ئاھاڭىدا، — مېنىڭ لېۋىم ئۈستىدىكى مەڭ يېقىن كەلگەندىلا كۆرۈنىدىغان بولغىيدى، سىز ئۇنى بىلىنەرلىك قىلىپ قويۇپسىز؛ يەنە بىرسى، مېنىڭ كىرپىكىم كەينىگە قايرىلىپ تۇرمايدۇ...» بېشىمدىن سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك تىترەپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم. ئۇمۇ ئەمدى رەسىمدىن كۆزىنى ئېلىپ ماڭا تارتىنماي، ھېچقانداق ھېيىقماي ئۇدۇل قارىدى. بۇ قاراشلاردا تەنە بار ئىدى، بۇ قاراشتا دوستانىلارچە ئەيىبلەش بار ئىدى، بۇ قاراشتا مەن زادىلا بۇ قىزدىن كۈتمىگەن ئۇستازلارغا خاس تەلەپچانلىق بار ئىدى. «گۈزەل ھايات ئۈچۈن ئەجىر سىڭدۈرىۋاتقان كىشى مەن ئەمەس، سىز بولۇشىڭىز كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئىشىنىدىغان تەلەپپۇز بىلەن، — مەن سىزنى ئەمەس، سىز مېنى گۈزەل ھاياتنى سۆيۈشكە ئۆگىتىپ كەلدىڭىز. سەنئەت ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى چۈشىنىشنى، سەنئەت ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنى ئويغىتىشنى مەن سىزدىن ئۆگەنگەنىدىم. مەنمۇ كەلگۈسىدە مۇشۇنداق تېمىدا رەسىم سىزغۇم بار ئىدى. سىز مېنىڭ قەلبىمدە ئەبەدىي دوست ۋە ئۇستاز بولۇپ قېلىۋېرىسىز. بۇ رەسىمگە كەلسەك، ئوبرازلارنى ئالماشتۇرسىڭىز، دېگەن ئىلتىماسىم بار. شۇنداق قىلىپ باقامسىزكىن؟...» ئۇ قولىنى ئۇزاتتى. ماڭا باشقا ئىلاج يوق ئىدى، مەنمۇ قول ئۇزاتتىم، مېنىڭ قولۇمنى ئۇ قىزغىن قىستى. «ئورۇننى ئالماشتۇرۇڭ...» بۇ سۆز گۈلدۈرمامىدەك جاراڭلىدى، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى. كېيىن نېمە بولدى بىلمەيمەن. سەل ئېسىمگە كەلسەم، رەسىم بىلەن ئىككىمىزلا قاپتۇق. قۇياشمۇ مېنى يالغۇز قالدۇرغۇسى كەلگەندەك قېلىن، قوغۇشۇن رەڭ بۇلۇتلارنىڭ كەينىگە مۆكۈنگەنىدى. مەن رەسىمگە قاراشتىن قورقاتتىم: ئۇنىڭدىكى ئوبراز — قىز ماڭا يەنە بىر قېتىم «مېنىڭ ئورنۇمغا باشقا بىرسىنى ئورۇنلاشتۇرسىڭىز...» دەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. «ياخشى چارە، بۇ رەسىمنى يوق قىلىش، — دەپ ئويلىدىم مەن، — مەيلى ئۇ مېنىڭ خاتىرىلىرىمدىلا قالسۇنكى، كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن...» بۇنى يوق قىلىشنىڭ چىدىماسلىق بولىدىغانلىقىنى، نامەردلىككە تەۋە قىلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەممۇ، ئۆزەم سىزغان ئىكەنمەن، ئۆزەم يوق قىلسام نېمە بوپتۇ دەپ ئۆزەمنى ئاقلاشقا ئۇرۇندۇم ۋە ھېچبىر ئىككىلەنمەي يانچۇقىمدىن پىچىقىمنى چىقاردىم، ئەمدى كۆزۈمنى يۇمۇپلا خامىسۇرپىنى كېسىپ-كېسىپ تاشلىۋەتسەممۇ بولاتتى، لېكىن يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرىدە رەسىمگە بىر قارىۋېتىش، يۈرەك قېنىمنى سەرپ قىلىپ ئىشلىگەن، مۇھەببىتىمنىڭ نامايەندىسى بولغان بۇ

مەھسۇلاتىم بىلەن خوشلىشىۋېلىش كېرەك دېگەن بىر باھانىنى تاپتىم. بۇ باھانە سۆنئى
ئەمەس، تەبىئىي ئۆزلۈكىدىن يېتىلگەن تۇيغۇ ئىدى. لېكىن، رەسىم ئاستىدىكى «گۈزەل
ھايات ئۇچۇن ...» دېگەن ماۋزۇنىڭ ئاستىدا قىرىنداش بىلەن قېنىق يېزىلغان خەتلەرگە
كۆزۈم چۈشتى. بۇ خەتتە: «سەنئەتكارنىڭ گۈزەللىك تۇيغۇسى ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس»
دەپ يېزىلغانىدى ...

— بۇ خەتنىڭ ھېلىقى قىز تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. راستىنى ئېيتسام،
بۇ ئاددىيغىنا يېزىق رەسىمنىلا ئەمەس، مېنىمۇ ساقلاپ قالدى. مەن ئويلىنا - ئويلىنا
قىزنى ھەقلىق دەپ ھېسابلىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببىتىم ھەر قانچە ساپ، ئالىيجاناب ۋە
ئۇلۇغ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قىزنىڭ قەلبىنى مايىل قىلىشقا يېتىشمەيتتى. ئەكسىچە،
قىزنىڭ ئويغىنىش باسقۇچىدا تۇرغان پاك مۇھەببىتىنى كەمسىتكەنلىك بولاتتى، ئۇنىڭ ماڭا
بولغان ھۆرمىتىنى خورلىغانلىق بولاتتى. ئۇنىڭ ماڭا يۈز تۇرانە ئېيتقان «ئۇستاز» سۆزى
ۋە يېزىپ قالدۇرغان «ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس ...» دېگەن تەنبىھسى مېنىڭ قانچىلىك
ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئۆزەمگە تونۇتقانىدى. ماڭا ئەمەلىيەتتە خاتالىقىمنى تۈزىتىش ئۇستە-
دىلا ئويلىنىشىم لازىمدەك بىلىنەتتى. راستىنى ئېيتسام، ئۆزەمنى خېلىلا يېنىك سەزدىم.
مۇھەببىتىم ھاقارەتلەندى، قەلبىم جاراھەتلەندى دەپ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىدىم.

قىزنىڭ ئالدىدا، سىزغان رەسىمىم ئالدىدا (ئەمدى ئۇنىڭدىكى قىز ماڭا ھېلىقى قىز بولۇپ
تۇيۇلمىدى) خىجالەت بولدۇم. قىزنىڭ ئالدىغا بېرىشقا بولمايتتى، مەن ئەمدى ئۇنىڭ ئال-
دىغا بېرىشنى خالىمايتتىم. بىردىن - بىر چارە ئۆز قەلبىمنى يەنىلا رەسىم ئارقىلىق بىلدۈ-
رۈش كېرەك ئىدى. بۇنداق قىلىش قىزنىڭ كۆرۈشى ئۇچۇنلا ئەمەس، ئۆز ۋىجدانىمنى
يېنىكلىك بېرىش ئۇچۇنمۇ زۆرۈر ئىدى. مەن شۇنداق قىلدىم، قىزنىڭ پورترېتىنى ئۆزگەرت-
تىم، ئۇنىڭغا بىرمۇنچە سىزىقلارنى قوشۇپ، بىرمۇنچىلىرىنى ئېلىۋەتتىم، قىسقىسى، قىز ئېيت-
قان «ئۆزى ئۇچۇن ئەمەس ...» نى ئىشقا ئاشۇردۇم. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ رەسىم-
نىڭ ئاپتورى دېمىگەندىمۇ يېتەكچى لايىھىلىگۈچىسى ھېلىقى قىز ئىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا
مەن رەسىمنى ئېلان قىلدىم، ئەمما چوڭ شەھەردە، مەكتەپنىڭ ئۆزىدە قىلىشنى راۋا كۆر-
مىدىم. راست گەپنى ئېيتسام، ئۇ قىز بار جايدا تۇرۇشنى خالىمىدىم. ھەر قانچە گەپ
ساتقىنىم بىلەنمۇ ئەنە شۇنىسى بىردىن - بىر راست گېپىم، ئېھتىمال، بۇنى بىرىنچى قېتىم
ئاغزىمدىن چىقىرىۋاتقاندىمەن. كۆڭلۈمدە بولسا كۆپ قېتىم ئويلىغانمەن. قانچىلىك ئويلى-
غىنىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، ئويلىغىنىم راست. يۈرىكىم ئېچىشمايدۇ، يۈرەك ئېچىشىدىغان
مۇھەببەت ماجىراسىنى ئېغىز ئۆزىگە يېقىن يولاتمايدۇ، چۈنكى، ئۇ يۈرەكنىڭ ئۆزىگە تە-
ئەللۇق مەخپىيەتلىكى! ...

كامىل سۆزدىن توختىدى. ھاراق بوتۇلكىسىغا قول ئۇزاتقانىدى، مەن بوتۇلكىنى
ئالدىمغا تارتىۋالدىم.

— بولدى، ئىچمەيلى، ۋاقىت بىر يەرگە بېرىپ قالدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قىزارغان
كۆزلىرىگە قاراپ، — سەنمۇ خېلى تەڭشىلىپ قالدىڭ ...

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — سورىدى ئۇ ئالىيىپ قاراپ، — قانداق ئىچىشكە، كىم

بىلەن ئىچىشىڭگە باغلىق. ئەپكە ھاراقنى! — ئۇ رومكىسىنى تەڭلىدى، ماڭا بەرىبىر قۇيۇپ بېرىشكە توغرا كەلدى، — سەن مېنى ھاراقكەشكەن، دەپ قالما يەنە؟ بۇ ئەبلەخنى ئاغزىمغا ئالمىغىنىمغا توپتوغرا 3 يىل بولدى. بۈگۈن سېنى كۆرۈپ ئىچىۋاتىمەن، بۇ سۆزلەرنى ساق ۋاقتىمدا بۇ قەدەر تەپسىلى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن...

ئۇنىڭ باياتىن ئېيتقانلىرىمۇ مەن ئۈچۈن يېڭىلىق ئىدى. شۇ چاغلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرياتاقتا ئىدىم. بىراق، ئۇنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەن شۇنچىۋالا ئۆزگىرىشلەرنى بايقىمىغىنىم ھازىر غەلىتە سېزىلگىلى تۇردى.

— بۇ ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىنكى ھەممە كەچمىشلىرىمنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن بۇ يەر تۇرمۇشنىڭ ئەڭ قايناق يېرى دەپ بىلىپ كەلگەنىدىم. بىراق، مېنى ئانچە سىغدۇرۇپ كېتەلمىدى. مېنىڭدىمۇ بار، يەنى ساڭىمۇ مەلۇم بولغىنىدەك، بەزى كۆز قاراشلىرىمنى چەت - ياقا جايلاردىكى يەرلىك ئەدىبلەر بىلەن سەنئەتكارلارغا دەرھال قوبۇل قىلالىغۇدەك ئىزاھلاپ بېرەلمىدىم. خەيرىيەت، بۇلارنى قوپاللىق، «گۈزەل ھاياتنى دەپ ...» دېگەن رەسىمگە مۇناسىۋەتلىك گەپنىڭ ئۆزىگىلا كېلەيلى.

— شۇنداق قىلىپ مەن يەنە ئايال زاتىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سەن بۇ «ياخشى كۆرۈش» نى قانداق چۈشىنىسەنكىن، مەن ئۇنى «توي قىلىش» دەپلا چۈشەنمەيمەن. (نۇرغۇن كىشىلەر توي قىلىش ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشىدۇ، بۇ ئەنئەنە!) ئەمما، مەن ئۇنى ياخشى كۆرگەندە ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلۈك بولۇشنى ئويلىغانىدىم. ھەر قانداق بىر گۈلنىڭ ئۆز ئالدىغا تارتىش كۈچى بولغىنىدەك، ھەر بىر ياخشى كۆرگەن ئوبيېكتىنىڭمۇ ئاشۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدىغانلىقىنى سەنمۇ چۈشىنىسەن. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇنىسى بۇرۇنقى قىزدىن گۈزەلرەك ئىدى دەپ ئېيتالمايمەن.

— شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئىشنىڭ ئۆتمۈشى ناھايىتى ئاددى. ئاۋۋال ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالدى، ئاندىن مەن! تەپسىلاتىنى سۆزلەپ يۈرگۈچىلىكى يوق، خىزمەتلەردە ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ئىدىم ۋە بۇ ئارقىلىق مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ، يېزا مەدەنىيەت ئۆيلىرىنىڭ ئىشىنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدىم. شۇ سەۋەبتىنمىكىن، ياكى تەقدىرنىڭ شۇنداق بىر ئورۇنلاشتۇرۇشى بارمىكىنتاڭ، مېنىڭ رەسىملىرىمگە ئىشتىياق باغلىغۇچى يەنە بىر شەخس پەيدا بولدى. ئۆزىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئۇ مەن سىزغان پورترېتلارغا، مەنزىرىلەرگە خېلىدىن بۇيان ھېرىسمەنىكەن. مەن دەررۇ ھوشيارلاندىم، ئەنە شۇنداق ھېرىسمەن شاگىرتلاردىن بىرسى مەن ئۈچۈن ئۇستاز بولمىغانمىدى؟ «سىز ئىنسان قەلبىدىكى گۈزەللىكنى ئىپادىلەشكە ماھىر ئىكەنسىز» دېدى ئۇ بىر قېتىم. «بەلكىم سىزگە شۇنداق تۇيۇلىدىغاندۇر؟»، «ماڭىلا شۇنداق تۇيۇلامدىكى دېسەم خېلى كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىنكاسىمۇ شۇنداق ...» مەن بۇ سۆزگە ئىشەنمىدىم، چۈنكى، بىردە سىزىلغان رەسىملەر ۋە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدىكى مۇلاھىزە، ئوبزورلاردا ئىنسان قەلبى توغرىسىدا تولىمۇ كەم سۆز بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتىم. مەخسۇس ئەدەبىيات - سەنئەت ئوبزورى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقانلار ئەنە شۇنداق دۇدۇقلاۋاتقىنىدا باشقىلارنىڭ بۇنچىۋالا نازۇك تەپەككۇر قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدىغاندەك بىلىنەتتى. «شۇنداقتىمۇ، — دېدى ئۇ مۇتەخەسسىسلەردەك مۇلاھىزە

بىلەن، — مەخسۇس تەشۋىقات رەسىملىرىنى سىزىش بىلەن سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئۇسلۇبىنى نامايىش قىلالمايدىغاندەك تۇرىسىز. مېنىڭچە، سىز ماي بوياق رەسىمنى ياخشى سىزىدىكەنسىز، شۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانغان بولسىڭىز بولىغانىكەن ...» مەن ھەيران بولۇپ: «قانداق بىلدىڭىز؟» دەپ سورىدىم. ئۇ ناھايىتى يېقىملىق كۈلدى. بېشىنى ئېگىتىپ تۇرۇپ: «ماڭا شۇنداق تۇيۇلدى، نېمىسى شۇنداق تۇيۇلغىنىنىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيمەن ...» دېدى. تەبىئىي ئېيتىلغان سۆزلەر كىشىنى ئوڭايلا تەسىرلەندۈرىدۇ ۋە ئىشەندۈرىدۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىشەندىم-دە، مۇنداق دېدىم: «مەندە بەزى ماي بوياق رەسىملەر بار، خالىسىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ». ئۇ ماقۇل بولدى. بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئەنە شۇنداق باشلاندى. ئەگەر شۇ چاغدا مېنى مەلۇم غەرەز بىلەن ئۇنى رەسىم كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدىڭ، دېسە، ھېلىھەم رەت قىلىمەن.

— ئۇ، ئۆيۈمگە كەلدى، بىر نەچچە ماي بوياق رەسىم كۆپىيەلىرىنى كۆردى. لېكىن، مەن كۈتكەندەك بەدىئىي پىكىرلەردىن بىرەر جۈملىمۇ ئوتتۇرىغا قويالىمىدى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى ئادەتتىكى رەسىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ پىكىرلىرى دائىرىسىگە مەنسۇپ كېلىدىغان سۆزلەر ئىدى. بەزى رەسىملەر توغرىسىدا مەن ئاز-تولا ئىزاھات بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن چۈشەنەتتى ۋە ھەممە رەسىملەر توغرىسىدا ئاساسەن ئوخشايدىغان مەدھىيىنى تەكرارلايتتى. شۇنداقتىمۇ، ماڭا بۇ كۇپايە ئىدى.

— شۇ يىلى قۇربان ھېيتتا مەنمۇ ئۆزەمگە يارىشا تەييارلىق قىلدىم. لېكىن ھېچكىم يوقلاپ كەلمىدى. يالغۇزلۇق ماڭا مۇڭ ئېلىپ كېلەتتى. ئاخىرى ئۆز تەييارلىغانلىرىم بىلەن ئۆزەمنى مېھمان قىلدىم. «ئىچ، كامىل. بۇ يۇرتتا داداڭ بارمىدى، ئاناڭ بارمىدى. كۆڭلۈڭ يېقىن يارىڭ بارمىدى! ...» دېدىم. بىر بوتۇلكىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى تاماملاپ ئولتۇرغىنىمدا مەن زادىلا كۈتمىگەن ھېلىقى قىز كىرىپ كەلدى. مېنىڭ خۇشال بولماسلىقىم مۇمكىنمۇ؟ قولۇم پۇتقا، پۇتۇم قولغا ئۇلاشماي پاي-پېتەك بولۇپ، بىساتىمدا بارىنى ئۇنىڭ ئالدىغا يايدىم. مېنىڭ بۇنچىۋالا پاي-پېتەك بولۇپ كېتىشىم ئۇنى تەسىرلەندۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس-تە! ئۇ مېنى ئولتۇرۇشقا، تولا كايىپ كەتمەسلىككە ئۈندەيتتى. شۇ يەردە بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇنداق سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى. «ئۆيىڭىزدە باشقا مېھمانلىرىڭىزمۇ بارمۇ؟»، «بولسا سىز كۆرمەمتىڭىز؟ مېھمانمۇ ئۆزەم، ساھىبخانمۇ ئۆزەم. ئەجەب بۇنى سوراپ قالدىڭىزغۇ؟»، «ئۆزىڭىز يالغۇز ئىچىپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىز، شۇڭا سورىغاندىم ...»، «سىز ھاراقنى چوقۇم باشقا بىرسى بىلەن ئىچىش كېرەك، دەپ ھېسابلامسىز؟»، «شۇنداق، يالغۇز ئىچكەنىنىڭ پەيزى بولمامدىكىن، دەيمەن»، «توغرا ئېيتتىڭىز، بىراق، كۆڭۈل كۆتۈرۈش ئۈچۈن ياكى غەم تارقىتىش ئۈچۈن جەزمەن بىر ئۈلپەت كېرەك بولىدۇ، دېيىلسە، بۇنداق ئۈلپەت بولمىغاندىكىن يالغۇز ئىچمەي نېمە ئامال؟»، «مەن كەلگەندىكىن يەنە يالغۇزلۇق ھېس قىلامسىز؟» ... مەن ئۇنىڭغا ئەجەبسىنىپ قارىدىم. ئۇ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. لېكىن: «سىز ماڭا ئىچىشىپ بېرەلمەيسىز-دە؟» دېدىم. «نېمىشقا بۇنداق ئويلايسىز؟ — دەپ كۈلۈۋەتتى ئۇ، — مېنى ئايال كىشى دەپ شۇنداق دەۋاتىسىزغۇ دەيمەن؟» مەن خاتىرجەمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭغىمۇ ھاراق قۇيدۇم. دەل شۇ يەردە ئۇ راستىنى ئېيتتىمۇ ياكى قۇۋلۇق

قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ مۇنداق دېدى: «بۇنى پەقەت سىزنى دەپلا ئىچىمەن، بولمىسا ئاغزىمغا
زادى ئېلىپ باقمىغانىدىم ...» بۇ سۆزلەر مېنى خۇشال قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ پەقەت
مېنى دەپلا ئىچىۋاتقىنىنى ئالىيجانابلىق ھېسابلىمىدىم. چۈنكى، مەن ئۇ بولمىغاندىمۇ ئىچكەن
ۋە يەنە ئىچىۋېرىشىم مۇمكىن ئىدى. ئەگەر ئۇ ئىچىشىپ بەرگەن ھالەتتىمۇ ھېسسىياتلىرىمغا
ئورتاق بولالىشى ناتايىن ئىدى، ئۇ پەقەت مۇشۇ بىر پەسىلدىكىلا مېنى يالغۇز قويماسلىقى
مۇمكىن ئىدى، خالاس! كىشى ئۆز ھېسسىياتىنى بوغۇپ قويغاندىلا گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ.
مەن ئۆزەمگە ئۆزەم ھېسسىي يۈك ئارتتۇرۇشنى خالىمايتتىم، شۇڭا، ئويلىغانلىرىمنى بىراقلا
ئېيتىۋەتتىم. ئۇ ئاڭلاپ خاپا بولمىدى، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى ۋە: «بىر پەسىلدىكىلا يال-
غۇز قويمايمەن دەپ ئويلىغىنىم يوق، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە، سىز خالىمىغانغا قەدەر يالغۇز
قويمىسامچۇ؟ ...» دېدى. مەن ئۈنچىقمىدىم، ئۈنچىقماسلىقىم ئۇنىڭ سۆزىدىن تاسادىپىلىق
سەزگەنلىكتىن ئەمەس، ئۇنىڭ سۆزىگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنى بىلمەيۋاتقانلىقتىنمۇ
ئەمەس ئىدى. ئەمما، شۇچاغدا مەن ئۆزەمنى، ئۆتمۈشۈمنى ئويلىغانىدىم. مەنمۇ مۇھەببەت-
نى تەقدىم قىلىپ رەت قىلىنىشقا ئۇچرىغان ئاچچىق ساۋاققا ئىگە ئىدىم. بۇ ئۈلپەتدىشىم
مېنى راستىنلا ياخشى كۆرەمدۇ ياكى مۇنداقلا، ئىنسانىي تۇرمۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان
ئائىلىۋى ھاياتنى دەپلا سۆزلەۋاتامدۇ، دېگەنلەرنى ئويلاپ ئۈلگۈردۈم. ئۇنىڭ، ئىنسان قەل-
بىدىكى گۈزەللىكلەر توغرىسىدىكى سۆزلىرى يادىمغا كەلدى - دە، ھازىر دەۋاتقان پىكىرلىرى
توساتتىن ئېيتىلغان يېڭى پەيدا بولغان تۇيغۇ ئەمەس، دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم ۋە ئەم-
دىلا گەپ قىلىشقا تەمشەلگىنىمدە ئۇ يەنە سوراپ قالدى: «سىز نېمىشقا يالغۇز ياشايدىغان-
لىقىڭىزنى ئېيتىپ بېرەلمەمسىز؟» مەن ئويلانمايلا: «مەن ياخشى كۆرگەن بىر قىز مېنى
رەت قىلغانىدى» دەپ جاۋاب بەردىم. «مەنمۇ شۇنداق پەرەز قىلغانىدىم، — دېدى
ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ. مەن دەرھاللا ئۇنىڭمۇ مەلۇم بىر يىگىتكە تەقدىم قىلغان مۇھەببىتى
رەت قىلىنغانىكەن دەپ پەرەز قىلدىم، — كىشى ئاشۇ ھالەتتە بىر پەسىلىك دەپ ئاتىلى-
دىغان، لېكىن ئۆمۈرۋايەت ئازاب تارتىشقا يېتىدىغان روھىي زەربە تۈپەيلىدىن تامامەن
تۈگىشىپ، خاراب بولۇپ كېتىشتىن پەقەت ئۈمىد بىلەنلا ساقلىنىپ قالالايدىكەن ...» مېنىڭ
خىيالىم بىلەن ئۇنىڭكى ئازراق ئوخشىماي قالدى. ئۇنى ئۈمىد ساقلاپ قالغان بولسا، مېنى
رەت قىلغان قىزنىڭ ئۆزى ساقلاپ قالغانىدى. مەن ھېچنېمىگە ئۈمىد باغلىمىغانىدىم، ئۆمە-
رۈمنىڭ كەلگۈسى مۇساپىلىرىدە يەنە بىر قېتىم مۇھەببەتكە نائىل بولىدىغانلىقىمنى ئويلاپ
باقمىغانىدىم ...

— شۇنداق قىلىپ مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئىككىمىز يەنە بىر بوتۇلكىنى
يېرىم قىلدۇق. ھاراقنىڭ مەستلىكىمۇ ياكى مۇھەببەت لەززىتىنىڭ مەستلىكىمۇ، بىلگىلى بول-
مىدى. بىز شۇ ئاخشىمى قايناق ھېسسىيات، ئوتتەك تۇيغۇلارغا ئەسىر بولغانىدۇق. مەن
ساڭا ئېيتسام، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇش، مۇھەببەت باغلاش، لەززەتكە چۆمۈش ھەرگىزمۇ
باشنى ئايلاندۇرىدىغان تاسادىپىي ئالدىراڭغۇلۇقنىڭ مېۋىسى ئەمەس ئىدى. مەن ئاشۇنداق
بولۇشنى ئىشنىڭ ئالدىدا پەقەتمۇ تەسەۋۋۇر قىلمىغان دەپ ئېيتالايمەن.

— ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنۇمدىن تۇرۇۋېتىپ خۇشاللىقنىڭ نېمىلىكىنى باشقىدىن چۈشى-

ىنىپ يەتكەندەك بىر خىل شېرىن ھېسسىياتنى سەزدىم. مېنىڭ يېنىمدا مەرمەردە ئىشلەنگەن ھەيكەلدەك شۇ قەدەر سۇزۇك، ئاپئاق، رەسىملەردىكىدەك ئېۋەنسىز بىر ئىنسان ياتاتتى. ئۇنىڭ سۇس، بىر خىل رېتىمدىكى جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە تىنىقلىرىلا مېنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقىنىمنى، ئۇنىڭمۇ ھەيكەل ياكى رەسىم بولماي بىر ئىنسان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. ماڭا بۇرۇنقى ھەممە كەچمىشلىرىم ئېچىدىكى شەخسى ھاياتىم مەنىسىز ئۆتكەندەك، ئەسلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغاندەك، ھەممىسى چۈشتەك تۇيۇلاتتى. ئوقۇش ھاياتىمنى سەن بىلىسەن، خىزمەت قىلىش جەريانىدىمۇ زادىلا ئىشقا كېچىكىپ باققان ئەمەسمەن. ھەرقانداق خىزمەت باھالاشلىرىدا مەن توغرۇلۇق چۈشىدىغان پىكىر تەشكىلىي ـ ئىنتىزامچانلىقىمنىڭ كۈچلۈكلىكى ھەققىدە بولاتتى. ھەپتىنىڭ 4 ـ كۈنى يەنى خىزمەتكە چۈشۈشنىڭ 1 ـ كۈنى مەن ئىشقا بارمىدىم. ئادەتتە، ناھىيىلەردە ھېيت ـ بايراملار ھەپتىسىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ھامان خىزمەت ئىزىغا چۈشمەي، پەتىلەنمىگەن ئۆيلەرگە پەتە ئوقۇش داۋاملىشىدۇ. مېنىڭ ئىشقا بارماسلىقىم بۇ سەۋەبتىن ئەمەس ئىدى. ئۇخلاۋاتقان كىشىنىڭ كۆزىگە قاراپ بىر پەس تۇرسا ئويغاتقىلى بولىدۇ، دېگەن سۆز راستمىكىن، سۆيگىنىم ئويغىنىپ كەتتى ۋە بېشىنى كۆتەردى ـ دە، ماموقتەك ئاپئاق بىلەكلىرىنى بويۇنۇمغا گىرەلەشتۈرۈپ ئۇزاق سۆيدى. تىن ئېلىش ئۈچۈن بىر پەسكىلا يىراقلاشقان شۇ تاتلىق لەۋلەر «بىز نېمىدېگەن بەختلىك ...» دەپ پىچىرلىدى.

مۇبادا ياخشى نىيەت بىلەن بىر ـ بىرىمىزگە ئامراقلىقىمىزنى بىلدۈرگۈمىز كېلىپ كېتىپ ھەر قايسىمىز باشتىن كەچۈرگەن مۇھەببەت ھېكايىلىرىنى ئېيتمىساقمۇ ھېچ ئىش بولمىغان، ئىككىلىمىزنىڭ قەلبى جاراھەتلەنمىگەن بولاتتى. لېكىن، مەن خۇددى ئىمتىھان سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلاردەك ئىزا تارتىپ، خاتىرجەمسىزلىنىپ تۇرۇپ ئىلگىرىكى كەچمىشىمنى ئەينەن ئېيتىپ بەردىم. تەرلەپ ـ پىشىپ بۇداۋانلاردىن تەستە ئۆتۈپ بولغاندىمۇ يەنە بىر تاغ مۈرەمنى بېسىۋالغاندەك مۈكچىيىپ، يېڭى جانانىمغا بۇ بىر مۇسىبەت بولمىغىيدى دەپ ئەنسىزلىنىشكە باشلىدىم. بىراق، ئۇ گۆھەر تېپىۋالغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ـ دە، مۇنداق دېدى: «شۇمىدى قارىچۇغام، مەن تېخى چىرايىڭىزنىڭ سولغۇنلىقىغا، چاچلىرىڭىزنىڭ ۋاقىتسىز ئاقىرىپ تۆكۈلگىنىگە قاراپ نەچچە ئۆيلەنگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. قانداقتۇر بىر قىزغا ئىچ ـ پەش تارتىپ قېلىش دېگەن قانچىلىك گەپ ئىدى. ياشلىق ھاياتتا بۇ بىر ئۆتكۈنچى شامال. مۇنداق دېسەم مېنىڭ تۇرمۇش، مۇھەببەتكە بولغان قارىشىمنى باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ يەنە! مەنمۇ نادانلارنىڭ قاتارىدا ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلار بىلەن تالاي ۋاقتىمنى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ بىرىمەن.» ئۇ سۆزلىگەنسېرى چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەشلەر ئاستا ـ ئاستا غايىپ بولۇشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنى كۆرگەن كىشىدە مۇسىبەت ئۈستىدىن كەلگەن ئايال، دېگەن تەسىرات پەيدا بولاتتى. ئۇ ئالدىراپ، ئېغىر، چۈشكۈن ئاۋاز بىلەن ئۆز بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى: «مەن تاغنىڭ سۈيىدەك پاكىز، ياكى تاڭ سەھەرنىڭ شامىلىدەك تازا قىز چېغىمدا ياشلا تۇرۇپ نۇرغۇن قازانلاردا قايناپ، خوردا بولۇپ كەتكەن بىر ئەبلەخنى تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم. ئەگەر ئۇ شۇ تاپتا يېنىمدا بولىسىدى، چايناپ پۈركۈۋەتسەممۇ ئۆچۈم چىقمايتتى. ئۇنى ھازىر

كۆرسەم پۈت - قولۇمدا جان قالمىغۇدەك تىترەپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇ مېنىڭ
شۇ چاغلاردا ئۇنى ئاشۇنداق ياخشى كۆرىدىغىنىمنى بىلىپ خالىغىنىنى قىلدى.
ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ياخشى كۆرگەن كىشىنىڭ قىلىقى دېيىشكە
بولمايتتى، ئەمما مەن بۇنى چۈشىنىپ يەتكۈچە ئارىلىقتىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى.
كېيىن ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى. ئادەم چاپىنىنىڭ تۈگمىسى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالسا شۇنىڭمۇ
ئىز - دېرىكىنى قىلىدۇ، ئىچى ئېچىشىدۇ. ئۇ مېنى شۇنچىلىكمۇ كۆرمىدى. ئۇچراپ قالسا كۆر -
مەسكە سېلىشقۇ بىر گەپ، گويا مەن ئەڭ يىرگىنچلىك بىر نەرسىدەك، سەسكىنەتتى.
مەن قانچە - قانچە كۈن - تۈنلەرنى يىغا - زارى بىلەن ئۆتكۈزگەنلىكىمنى ساناپ بېرەلمەي -
مەن. دەسلەپتە ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغاندەك تۇيۇلغانىدى. بەزىدە تېخى مېنى ئۆزى -
دەك ياخشى كۆرمىگەنلىكىم توغرىسىدا كايىپ قوياتتى. كېيىنكى كۈنلەردە تاكى ھازىرغا
قەدەر ئۇنى دەسلەپ ماڭا ئىنتىلدۈرگەن ئامىل نېمە ۋە نېمىشقا شۇ قەدەر سەسكىنىپ
كەتكەنلىكىنى سىرىنى ئويلاپ باقاتتىم، ئۇنى پۈتۈنلەي بىردەملىك ھەۋەس ئارقىسىدىن
قوغلىشىپ ماڭا تەلپۈنگەن دېيەلمەيتتىم. سەۋەبى، دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ھەقىقەتەن مېنى
چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرگەندەك بىلىنەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۆزەمگە ئەبەدىل -
ئەبەت ئەركەك زاتى بىلەن مۇناسىۋەت قىلماسمەن دەپ ئەھد قىلغانىدىم ۋە ماڭا تەكلىپ
قويغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدىم. ئۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن پۈتۈشۈۋالغان -
دەك ھەر خىل ئىبارىلەر بىلەن مېنى كۈيلەشلىرى، چىرايلىقتىن چىرايلىقتا، ئېسىللىقتىن ئېسىللىقتا
سېلىشلىرىدىنمۇ تەسىرلەنمىدىم، بەلكى تېخى بۇنداق گەپ - سۆزلەر قۇلىقىمغا مۇشتۇم بىلەن
ئۇرغاندەك ئىشىتىلەتتى. مەن ئۆزەمدە مۇھەببەت سەزمەيتتىم، ھەتتا مۇھەببەت پەيدا بولۇش
ئالدىدىكى ئۆتكۈنچى سېزىمنىمۇ سەزمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ بىر يىل ئۆتتى. يېقىندۇرقى
يىلى باھار بايرىمىدا بىر ساۋاقداشىمنىڭ ئۆيىگە باردىم، «بالا - قازا» ئەنە شۇنىڭدىن
باشلاندى. دەل تانسىنىڭ ئۈستىگە بېرىپتىكەنمەن، جۈپلەر كەچلىك بولۇۋاتقىنىنىڭ ئۈستىگە
چۈشمەيمەنمۇ؟ مېنىمۇ تانسىغا تارتىشتى. مېنى تانسىغا تارتقان يىگىت مەن شۇ ئۆيگە كىر -
گەندىن تارتىپ يەر ئاستىدىن ماڭا سەپسېلىپ ئولتۇرغانىدى، بىر - ئىككى قېتىم كۆزلىرىمىز
ئۇچرىشىپ قالغاندا، مەن بىلىنگۈدەك ھومىيىپ، ئۇنىڭ ماڭا سەپسېلىۋەرمەسلىكىگە بىشارەت
بەرگەنىدىم. لېكىن بەرىبىر كۆزىمىز ئۇچرىشىپلا تۇردى. ئۇمۇ، مەنمۇ شۇ بىر قىسقا دەقى -
قىنى بىسەرامجانلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپلا پەسكە ياكى باشقا تەرەپكە قارىۋالاتتۇق. شۇنداق
قىلىپ ئۇ مېنى تانسىغا تارتتى. غەلىتە يېرى شۇ بولدىكى، مەن ئۇنىڭ بېلىمنى قولۇمنى
تۇتقان بارماقلىرىدىن پۈتۈن بەدىنىمنى جۇغۇلدىتىدىغان، تاكى يۈرىكىمگە يېتىپ بارىدىغان بىر
خىل ھارارەت ئېقىمىنى سېزىپ تۇردۇم. بۇ قانداق ھارارەت ئۇنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، مەن
ئەنە شۇ چاغدا تۇنجى قېتىم ئىنسان فىزىئولوگىيىسىنىڭ قارشى جىنسىتىن ئىنكاس قوبۇل
قىلىشتىكى كۈچى ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى سەزدىم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ
90 پىرسەنتى نېمىشقا مۇھەببەت باغلاپ يۈرمەي، تويى قىلىپ ئۆي تۇتالايدىغانلىقىدىكى
سىرنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. تانسا تۈگىگىچىلىك بىز بىر نەچچە قېتىم ئوينىدۇق. مەن
ھامان باشقا ئەرلەردىن سەزمىگەن ھارارەتنى ئاشۇ بىرسىدىنلا سېزەتتىم. ئەپسۇسكى، ئۇنىڭ

ئىسمىنى، تۇرۇشلۇق ئورنىنىمۇ بىلمەيمەن. دوستۇمنىڭ ئۆيىدىن مەن كېچىكىپرەك ئۈزدىغان ئىدىم، يۈز قەدەمچە ماڭغاندا تۇساتتىن ئۇ مېنىڭ يولۇمنى توغرا كېسىپ چىقتى ۋە ئۇزىتىپ قويۇشقا رۇخسەت قىلىشىمنى سورىدى. ئۇ بوغۇلۇپ، خىرقىراپ سۆزلەيتتى. شۇنداقتىمۇ بۇ ماڭا ئالاھىدە تۇيۇلمىدى ۋە ئۇ قولتۇقىمدىن قولىنى ئۆتكۈزۈپ ماڭغاندا مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يۆلەندىم. يۈز قەدەمچە ماڭغاندا ئۇ توختاپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن مېنى ياخشىراق كۆرۈۋالاي دېگەندەك يۈزىنى يېقىن ئەپكېلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىدى. ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان چېچى پېشانەمگە تەگدى ۋە بۇ خۇددى توك ئېقىمىدەك بەدىنىمگە تاراپ بوشىشىپ كەتتىم. بېشىم قېيىۋاتقانلىقىنى، ئاستىمدا يەر - زېمىن چۆگىلەپ مېنى ئۆزىدىن يۇقىرى بوشلۇققا كۆتۈرۈۋاتقىنىنىلا سېزەتتىم. ئۇ مېنى يېتىلەپ نەگىدۇر ئاپاردى، بۇنىسى خۇددى ئۇنىڭ ئىسمى، تۇرۇشلۇق ئورنى ھازىرغىچە مەلۇم بولمىغىنىدەك بىلىنمەي كەتتى. مەن ئىنسانلىقىمغا قايتىپ ئۆزەمنى، ئەتراپىمنى مۆلچەرلىگۈدەك بولغاندا، ئۇ مېنىڭ يېنىمدا يوق ئىدى... شۇ قېتىمقى ئىش گويا بىر توغاننىڭ قېشى ئىچىۋېتىلگەندەك، كېيىنكى بىر مۇنچىلىغان ئىشلارنىڭ باشلامچىسى بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. بۇنداق دېسەم ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپلا يۈرۈپتىكەن دەپ ئويلاپ قالماڭ يەنە! ئۆزلۈكىمدىن ئېتىلغىنىم يوق، لېكىن ئېتىلغانلارنى ھەر خىل زۆرۈرىيەت ياكى مەجبۇرىيەتلەر ئارقىسىدا ئۆزەمدىن نېرى ئىتتەرمىدىم. نېمىشقىدۇر مەندە قارشىلىق كۈچى يېتىشمەيدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. بەزىدە يالغۇز قالغىنىمدا يىغلاپ كېتەتتىم، ئۆزەمنى ئەيىبلەيتتىم، ھەرقانداق ئەركەك زاتى بىلەن دىدارلاشمايمەن دەپ ئەھد قىلاتتىم. بىراق، بېشىمغا كەلگەندە جۈرئەت يېتىشمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، خەتەرلىك، قورقۇنچلۇق، بىر ھاڭدىن چىقىپ يەنىمۇ چوڭقۇر بىر ھاڭغا سەكرەش ۋەسۋەسىسى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ئىگىلىۋالغانىدى. مۇشۇ پەيتلەردە مەن، ئائىلە بولۇش ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنى، بىر ئادەم بىلەن ئۆتۈش، بالىلىق بولۇش، «ئانا!» دېگەن چاقىرىقنى ئاڭلاش، بىر ئايال ئۈچۈن مۇھىم ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭ ھەرقانداق تەسەۋۋۇردىكى ئاشىق - مەشۇقلۇقتىنمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشىنەتتىم. ئىدارىدا مەن ئاكتىپ خىزمەتچى ئىدىم. كادىرلار مېنىڭ ئالدى - كەينىمدە ماختايتتى، ھېلىقىدەك ئىشلىرىم توغرىسىدا بىلىش تۇگۈل، كۆز ئالدىغىمۇ كەلتۈرمىسە كېرەك. چۈنكى، ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭلار بولسىلا مەن سورۇندىن نېرى كېتەتتىم، بۇ، مېنىڭ ئۆزەمنى ساپ، تازا كۆرسەتكۈم كەلگەنلىكىدىن ئەمەس ئىدى. بەلكى، ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلمىدى، بىر بۇزۇق خوتۇن كۆرۈۋاتىدۇ دەپ ھاقارەت ھېس قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن ئىدى. مۇشۇلارمۇ مېنىڭ ئەتراپتىن لايىق جەلپ قىلىشىمغا پۇتلىكاشاڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن. خىزمەتداشلىرىم مېنى ھاكاۋۇر، دىمىقى ئۈستۈن، ھالى يامان دېيىشىدىغانلىقىنى، ماڭا ئانچە - مۇنچە كۆز سالىدىغانلار ئەھۋالىمنى سورىسا خىزمەتتە ئىلغارلىقىمنى، ئەرلەرنى كۆرسەم، چاقچاقنى ئاڭلىسام، چېچىم تەتۈر يانىدىغان مىجەزىم بارلىقىنى ئېيتىپ تونۇشتۇرىدىكەن. ئومۇمەن ئۇلار مېنى تولۇق چۈشەنمەيتتى، ئۆزەممۇ كوچىغا چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدىم. ئاباياتىن ئېيتقىنىمدەك، ئۆزەمنى زادى ئېلىپ قېچىشقا بولمايدىغان شارائىتتىلا قارشىلىق كۈچۈمنى يوقىتىپ قوياتتىم، خالاس. مەسىلەن، دەپ بەرسەم شوپۇرلار يولدىن ئېلىۋالىدۇ،

تازا چۆل ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە تەلەپ قىلىدۇ، نېمە چارە؟ ئۆيۈمگە ئاتپوسكا ئېلىپ بېرىپ كەلگىچە ئاشۇنداق بولغانىدى ... بەزىدە تانسىغا بارسەن، قايتىشىڭدا يالغۇز كېلىشتىن ئەنسىرەيسەن، كىملەرنىڭدۇر ئاپىرىپ قويغۇسى كېلىدۇ، يېرىم يولدا تەلەپ قىلىشىدۇ، بۇنىڭغا يەنە نېمە چارە؟ بەزىدە بىر نەرسىلەرگە ئېھتىياجىڭ چۈشىدۇ، بىراۋلار پاي - پېتەك بولۇپ ھەل قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارساڭ ئايالى بىر ياقىلارغا كەتكەن بولۇپ چىقىدۇ - دە، تەلىپىنى قانچە رەت قىلساڭمۇ ساقلىنالمايسەن، بەزىدە ئاخشاملارغا توغرىلىنىدۇ، دېگەن يېرىگە بارساڭ يەنىلا ھېلىقى گەپ ... لېكىن، قەدىرلىكىم كامىل، ئەمدى مەن ساڭا ئېرىشتىم، ئوڭايلا ئېرىشىۋالدى دەپ ئويلىمىغىن، تولىمۇ قىيىندا ئېرىشتىم. مەن سېنى ناھايىتى كۆپ كېچىلەر ئۆز يېنىمدا دەپ تەسەۋۋۇر قىلغانمەن، يالغۇز يۈرگەن چاغلىرىمدا سېنى يېنىمدا دەپ ھېس قىلغانمەن، رەسىملىرىڭ ئالدىدا سائەتلەپ تۇرۇپ كەتكەنمەن. سېنى نېمىشقا يالغۇز، مەندىن شارائىتى ياخشى، ئەركىشى بولغاندىكىن توي قىلاي دەپ ئويلىسىلا ئارزۇسىغا ئېرىشەلەيدىغۇ دەپ ئويلىغانمەن. ئاخىرىدا، بەلكى بىرەر ئىشقى - مۇھەببەت دەردى بولسا كېرەك، قاچاندۇر بىر چاغلاردا قايسىندۇر بىر قىز ياكى ئايال تەرىپىدىن كۆڭلى ئازار يېگەن بولۇشى مۇمكىن، مەن بېرىپ ئۇنىڭ قەلبىگە ھەمدەم بولۇشنى ئېيتسام رەت قىلمايدۇ دەپ ھۆكۈم قىلغانىدىم. دېگەندەك، سەن رەت قىلمىدىڭ. بىراق، قارىچۇغام، بېشىڭدىن ئۆتكەن مۇھەببەت ماجىراسى تولىمۇ ئاددىي ئىكەن ... ئۇنچىلىك ئىشلارغىمۇ بۇ قەدەر ھەممىدىن بىزار بولۇشقا توغرا كەلمەيتتى. لېكىن، مەن ئۆز مەۋقەيىم بويىچە سۆزلەۋاتىمەن، ئېھتىمال، دەرد - ئەلەمىڭنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولۇشۇڭ ياكى مەن يېتەرلىك مۆلچەرلىيەلمىگەن بولۇشۇم مۇمكىن ... نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار بىزنىڭ ئۆتمۈشىمىز، ئەمدى بىز بەختلىك، خۇشال ياشايمىز، مەن بارلىقىمنى ساڭا بېرىمەن قارىچۇغام ...» دېدى ئۇ مېنى سۆيۈپ تۇرۇپ. بىراق، بۇ سۆيۈشلەرنى ئۇنىڭ ئۆز تەبىرى بويىچە ھەيكەلنىڭ تىرىك ئادەمنى سۆيۈشى دەپ ئويلاشقىلا بولاتتى. ئەرلەرنىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاشتا ئاياللاردىن ئۆتكۈررەك ھېچنەرسە يوق. ئۇ، بىر - ئىككى سېكۇنت ئىچىدىلا مېنىڭ كەيپىياتىمنى سېزىۋالدى، كۆزلىرى چوڭ - چوڭ ئېچىلىپ، زىناقلىرى لەپىلدەپ كەتتى ۋە تەشۋىشلەنگەن ھالدا: «كامىل، نېمە بولدى ساڭا؟» دەپ سورىدى ... ئۇ مېنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەي سوراۋاتقىنى يوق ئىدى. بىراق، مېنىڭ ئۆز ئاغزىمدىن نېمە بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ باققۇسى، «ھېچنېمە بولمىدىم ...» دېگۈزگۈسى كېلەتتى، مەن ئۇ زادىلا كۈتمىگەن جاۋابنى بەردىم ...

كامىل سۆزىنى توختىتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غىلىلداپ ياش ئەگىيتتى. مەن ئۇنىڭ قۇرۇق رومكىنى قولىغا ئالغانلىقىنى كۆرۈپ بوتۇلكىدىن ھاراق قۇيۇپ بەردىم. ئۇ بىر كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى، ئاغزىنىڭ چۆرىسىنى ئېيتىۋېتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى:

— مەن ئۇنىڭغا: «بۇزۇق ئىكەنسەنغۇ؟» دېگەن جاۋابنى بەردىم. شۇنداق دېدىم - دە، جوزىدىكى ھاراق بوتۇلكىسىنى كۆتەرگىنىمچە قانغىچە ئىچتىم ۋە دەلدەڭشىپ ماڭغىنىمچە ئۆيدىن چىقىپ، تاملارنىڭ تۈۋى، ئۆيلەرنىڭ دالدىسى بىلەن يۈرۈپ كەتتىم، كىشىلەر مېنى ئاشۇ بىر بۇزۇقنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ دەپ ئەيىبلەيدىغاندەك، مازاق قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى.

نەگە بېرىشىمنى بىلمەيتتىم، پەقەت ئۆزەمگە يىراققا، يىراققا كەت، ئاشۇ خوتۇندىن قانچىلىك يىراققا كەتسەڭ شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ، دەپ بۇيرۇيتتىم. مەن كىشىلەر ئۇچرىسىلا ئىززا تارتىپ، مەس ئەمەسلىكىمنى، ھېلىقى خوتۇن بىلەن زادىلا كۆرۈشمىگەنلىكىمنى بىلدۈرمەن دەپ ئۇرۇنغىنىم يادىمدا. لېكىن، قانچە ئاۋارىلىغانسېرى پۇتۇم شۇنچە ئۆزەمگە بويسۇنمايتتى. بىر كەمدە پۇتۇم سۇغا چېلىشقىنىنى بىلگەندىن كېيىنلا مېڭىشتىن توختىدىم. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، لايقىلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريانى كۆردۈم. مەن قىرغاقتىن بىر جەينەك ئارىلىق مېڭىپ سۇغا كىرگەن ئىكەنمەن. ئەگەر بايا بوتۇلكىنىڭ تېگىدە قالغان يەنە 3 لىك ھاراقنىمۇ كۆتۈرۈۋەتكەن بولسام شۇ مەسلىكىم بىلەنلا ھېچنەرسىنىمۇ ئويلىيالماي بۇ دۇنيادىن خوشلىشار ئىكەنمەن. مەن بۇ يەرگە پات - پاتلا رەسىم سىزغىلى كېلەتتىم، بەزىدە ئۇنى - بۇنى جىجىسام، بەزىدە خىيال سۈرەتتىم. مانا ئەمدى مەن يەنە شۇ جايغا بېرىپ قالغاندىم. كېيىن ئولتۇرۇپ نېمىلەرنى خىيال قىلغىنىم يادىمدا يوق، كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا گۇگۇم مەزگىلى بولغانىدى. شۇ چاغدىلا مەن بىر سوتكىدىن بۇيانقى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىدىم.

ئۆتكەن ئىشلار باشقا بىر دۇنياغا بېرىپ كەلگەندەك ياكى چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك تۇيۇلاتتى. بىراق بۇ پەقەتلا بىر تۇيغۇ ئىدى، خالاس. ئەمەلىيەتتە، مەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ دەريانىڭ بويىغا كەلگۈچىلىك قىسمىنى تولۇق، مۇكەممەل ئەسلىيەلەيتتىم. تەقدىر ماڭا ئاشۇنداق بىر ئايالنى ئۇچراشتۇرغىنىدىن ئەلەم تارتاتتىم. كەچكى شامال مېنى سەگىتتى. ياغلىقىمنى ئالاي دەپ يانچۇقۇمغا قول سالغىنىمدا قولۇمغا بىر ۋاراق قەغەز ئۇرۇندى. مەن ھەيران بولغىنىمچە قەغەزگە قارىدىم. تامامەن قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمىگەنلىكى ئۈچۈن يېزىقلارنى ئوقۇغىلى بولاتتى. قەغەزگە: «رەسمىيەت ئۈچۈن بولسىمۇ ئېيتاي، مېنى كەچۈرۈڭ. بولىدىغان ئىش بولۇپ تۈگىدى، ئەمدى ھېچنەرسىنى قايتۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. سىزنىڭ گۈزەل قەلبىڭىزنى يارا قىلدىم، ئەيىب مەندە. شۇ تاپتا نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟ پۇشايمان قىلىش تەۋبە قىلىش ۋە يالۋۇرۇش بىلەن مەقسەتكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ! مەسلىكىڭىزدىن يېشىلسىڭىز ھايات توغرۇلۇق چوڭقۇرراق ئويلاپ كۆرەرسىز، مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىش ئارتۇقچە ئىش، مېنىڭ ئۇنچىلىك قىممىتىم يوق. مەندەك ئايالنىڭ پۈتۈن ئۆمرى سىزنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىڭىز بىلەن تەڭ ئەمەس. چۈنكى، سىزنىڭ ھەر بىر مىنۇتىڭىز ئىنسانلارغا گۈزەللىك تەقدىم قىلىش بىلەن، بىزدەكلەرنىڭ بولسا ئىنسان گۈزەللىكىنى بۇلغاش بىلەن ئۆتىدۇ. بۇندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئۆگەتكۈچىلىكىم يوق، شۇنداقتىمۇ ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆزىڭىزگە قارامىلىق قىلماڭ، ئەلۋىدا!» دەپ يېزىلغانىدى. مەن ھاڭ - تاڭ قالدىم، ئەتراپقا قارىدىم. 20، 30 قەدەم نېرىدىكى مەجنۇنتاللار ئارىسىدا! بىراۋنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندەك بولدى. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ تېخى يوتقان ئىچىدە يېرىم يالىڭاچ ھالدا يېتىپ قالغانلىقىنى بىلەتتىم. ئەمدىلىكتە شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولاتتىكى، مەن ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ دەلدەڭشىپ بۇياققا ماڭغىنىمدا ئۇمۇ كەينىمدىن كەلگەن بولسا كېرەك، ياكى ئۇ بۇرۇنمۇ مېنىڭ مۇشۇ يەردە ئولتۇرىدىغانلىقىمنى، بۇنىڭدىن باشقا بارار جايىم يوقلۇقىنى بىلسە كېرەك. ئۇ خېتىدە «... مېنىڭ تۈپەيلىمدىن ئۆزىڭىزنى ئۇپرىتىش ئارتۇقچە ئىش ... ئۆزىڭىزگە قارامىلىق قىلماڭ ...» دېگىنىدە مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈ-

ۋۇۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرىگىنىنى ئېنىق ئىدى. راستىمنى ئېيتسام، ئۆلۈم توغرۇلۇق ئويلىمىغان ئىدىم، مەسىلىكىمدىمۇ بۇنداق خىيال كاللامغا كىرمىگەن بولسا كېرەك... مەن يەنە ئەتراپقا قارىدىم، خېلى قويۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانلىقتىن 10 قەدەم نېرىدىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى... مەن شۇ چاغدا ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە بۇلاقتەك ئوخچۇپ، بەرق ئۇرۇپ تۇرغان گۈزەللىك يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى سەزدىم. مەن ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنمەگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ قەلبكە نەشتەر ئۇرۇپ يارا قىلغانىدىم. ئۇنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن بۇزۇلغانلىقىنى رەت قىلغىلى بولمايتتى، بىراق بۇنى ئۇ ھېچقانداق تاشقى كۈچنىڭ بېسىمىسىز، ئۆزلۈكىدىن ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئېيتقاندىمۇ يىپتىن - يىڭنىسىغىچە يوشۇرماي ئېيتقانىدى. ئاشۇنداق ئىشلاردا تولا ھاللاردا ئەر تەرەپ داۋراڭ قىلمىسا ئايال تەرەپنىڭ ئاشكارىلىشى ئەقىلگە توغرا كەلمەيتتى. بىراق، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى چىن دىلىدىن ياخشى كۆرگەن بىر كىشىسىگە — ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى. ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىسىدىن بۇلارنى يوشۇرۇشنى مۇھەببەتكە داغ چۈشۈرۈش دەپ تونۇغانىدى. مۇھەببەت كېمىسىگە چۈشكەن ھەر ئىككىلا كىشى ئۆز ۋۇجۇدىنى بېسىپ تۇرغان بۇرۇنقى يۈكلەرنى تاشلىۋەتسە يەڭگىللىشىدىغانلىقىغا، بەخت دېڭىزىدا تېخىمۇ يەڭگىل ئۈزىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلىغان ۋە بۇنىڭغا ئىشەنگەن بولسا كېرەك. ئېھتىمال، ئۇ، مېنىڭ ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك، شۇنداقلا، ھەمىشە باشقا ئەرلەرنىڭ ئىنتىلىشىنى، تەلەپ قىلىشىنىلا كۆرۈپ، ئاڭلاپ ئۆگىنىپ قالغان، ماڭا كەلگەندىلا ئۆزى ئىنتىلىپ، تەلەپ قىلغانلىقىغا ئاشۇنداق مۇكاپات ئالغانلىقىنى سەزگىنىدە خۇددى يوقىتىپ قويغان بولسىمۇ يەنىلا مېنى، مېنىڭ تەقدىرىمنى ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇ مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىپ ھېلىقى خەتنى يازغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى، مەن مەسىلىكتىن يېشىلگەندە «قاراملىق قىلىشىم»نىڭ ئېھتىماللىقىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك. ئۇ ھەتتا مەن بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلىشىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرغان.

— ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ چىقارغان خۇلاسەم شۇ بولدىكى، مەن ئۇ ئايالنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە خاتا ھۆكۈم چىقارغانىدىم، شۇ تاپتا ئۆزەمنىڭ ئۆتمۈشىگە نەزەر سېلىپ باقتىم. مەنمۇ بىر ئايال بىلەن ئۆي تۇتقان، كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ ئايالغا خۇددى باشتىكىدەكلا مۇھەببەت قويمىغىنىم بىلەن ئۆز نەزىرىمدىكى «پاك»، «غۇبارسىز»لىقىمنى يوقاتقانىدىم. خوش، مەن ئۆزەم پاك، تۇخۇمدىن ئاق بولمىغاندىكىن، باشقىلارنىڭ پاك، ئاق بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا نېمە ھوقۇقۇم بولسۇن؟ پەقەت، قانۇنىي جەھەتتىن نىكاھ قەغىزى ئالغانلىقىملا مېنىڭ ھېسسىياتىمنىڭمۇ پاك ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى بولالامدۇ؟ ماڭا قەلبىنى تاپشۇرغان بۇ ئايالچۇ؟ ناۋادا، ئۇ ئۆزى سەممىيلىكىگە ئېلىپ، ئۆزى ھەقىقىي سۆيمەكچى، سۆيۈپ ئۆتمەكچى بولغان كىشىسىگە — ماڭا ئۆز قەلبىنى، ئۆز ئۆتمۈشىنى ئېيتىپ بەرمىگەندە مەڭگۈ مەندىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرۇشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭدا ئاددىيلا قۇۋلۇق بولغىنىدا بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئېرىشەلەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ مۇھەببەت سېزىملىرى ئۆلمىگەنلىكىنى، ئاق كۆڭۈل قەلبكە ئۇچراشسا يەنە قايتىدىن بىخ سۈرۈپ، كۆكلەپ ياشنايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. مەن بالدۇرراق بۇنى چۈشىنىشىم، تونۇشىنىڭ زەربە-

سىدىن يۈرەك - باغرى ئېزىلگەن، بەخت ئۈمىدىنى يوقىتاي دەپ مېنى ئۇچراتقاندىن كېيىن، بۇ ئۈمىد شامى يانغان بىر ئىنسانغىمۇ بەخت بېرەلىشىم مۇمكىن ئىدى ... مەن كېچىكىپ قالدىممۇ؟ بۈگۈنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى قايتىدىن كۆڭۈللۈك ھايات كەچۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى قىلغىلى بولماسمۇ؟

— مەن ئاشۇ خىيال بىلەن يەنە ئەتراپقا قارىدىم. مەن گۇگۇمدە كۆرگەن كۆلەڭگە ئۆزىنى دەرياغا تاشلىمسۇن دەپ كۆزىتىپ تۇرغان ئاشۇ ئايالنىڭ كۆلەڭگىسى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مەن ئورنۇمدىن تۇردۇم - دە، ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق ئارىسىدىكى تاللىقلارنى ئارىلاپ چىقتىم، ھېچكىم كۆرۈنمىدى، ياكى ئۇ مېنىڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغانلىقىمنى قاراپ خاتىرجەم بولۇپ كېتىپ قالغان، ياكى مەن كۆرۈپ يېتەلمەيدىغان مەلۇم بىر ئورۇندا مېنى كۆزىتىپ، ئۆزى يېقىنلاشماي تۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا، ئىككى قېتىملىق مۇھەببەت زەربىسىدىن كېيىن پەيدا بولغان يارىسى بىلەن قانداق ياشايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بولۇپمۇ، ئۇ ئىشەنگەن، ئۈمىد - ئارزۇسىنىلا ئەمەس، ئۆتمۈشىنىمۇ بەرگەن مەندەك بىر ئادەمنىڭ زەربە بەرگىنىنى كۆتۈرۈپ قوپالىشى ئەقىلگە توغرا كەلمەيتتى ...

— قانچىلىك يۈردۈم، ئايلاندىم، يادىمدا يوق، ئۆيۈمگە قايتىپ كەلدىم، كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ يەنە شۇ ئۆيدە بولۇپ قېلىشىنى، مەيلى تارتىنىپ، ياكى خىجىل بولۇپ، ياكى ئۆچمەنلىك بىلەن پەيدا بولۇشىنى خالايتتىم. ئۇ قانداق قارشى ئالسىمۇ خۇشال بولاتتىم. ھەممە ھېسسىياتلىرىمنى، خىياللىرىمنى سۆزلەپ بەرگەن، ئۇنىڭ كەچۈرۈشىنى سورىغان بولار ئىدىم. لېكىن ئۇ ئۆيدە يوق ئىدى ...

— شۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلەر بىر خىل، ئازابلىق ۋە نېمىدۇر بىر نەرسە يېتىشمىگەندەك تۇيۇلۇپ ئۆتتۈۋەردى. ئىدارىمىزدىكىلەر مېنى تېخىمۇ جىمغۇر، تېخىمۇ ئىشۋاز بولۇپ كەتتى دېيىشەتتى. لېكىن ئىش ۋاقتى ماڭا ئازدەك، قىسقىدەك تۇيۇلاتتى، مەن شامال ئۇچۇپ تۇرغان ئۆيگە بېرىشتىن بىزار ئىدىم. چىداپ بولمايدىغان روھىي ئازاب ماڭا ئارام بەرمەيتتى. كېچىلىرى ئۇيقۇم كەلمەيتتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئاشۇ بىر ئايال ئۈچۈن بولۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. مەن ئۇنى قاچاندۇر بىر كۈنى كېلىپ قالار دېگەن تامادا يۈردۈم. ئاخىرى، مەن ھەمىشە بارىدىغان دەريا بويىغا بېرىپ سائەتلەپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم. بۇ يەر ئۆيدە ئولتۇرغاندىن ياخشىراق ئىدى، بۇ يەردە قۇشلارنىڭ سايرىشىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى، سۇ لايقىلىنىپ، مەن ئولتۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىدا تورۇلۇپ قايناپ ھاسىل قىلىپ ئاقاتتى. مەجنۇنتاللارنىڭ ئۇچى سۇ يۈزىدە ئوينايتتى. ئەمما، مېنى تەقىپ قىلىپ يۈرگەن ھېلىقى ئايالنىڭ سىيماسى ئوخشاشلا ئارام بەرمەيتتى. بىر قىسىم كىشىلەر ئېيتىدىغان «جىن تۇتۇۋالدى» دەيدىغان گەپ راستمىكىن؟ ئەگەر، راست دېيىلىدىغان بولسا، مېنى پاراكەندە قىلىۋاتقىنى ئاشۇ ئايالنىڭ جىنى ئىدى. كۆڭلۈمدە جىن ھەر قانچە چىڭ تۇتسا مېنى تۇتقانچىلىك تۇتار دەپ ئويلايتتىم. بىراق، بۇ مېنىڭ پاراكەندىچىلىكىمنىڭ بىر تەرىپى ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ئۆز ۋىجدانىمنىڭ ئازابلىشى ئىدى. مانا شۇ ئىچكى سەۋەبلەر بىرلىشىپ مېنىڭ قەلب ئاسمىنىمدا بىر سۈرەت يېتىشىپ چىقتى. ماڭا مەنزىرە، مەزمۇن تەييار ئىدى،

ئۆز تەسەۋۋۇرىمدىن يەنە بىر مۇنچە دېتاللارنى قوشتۇم. مەن بۇ رەسىمنى خۇسۇسىي ھېسسى -
ياتىمنىڭ مۈلكى قىلماي دەۋر ھېسسىياتىغا قوشۇپ يۇغۇرۇۋەتمەكچى ۋە ئۇنى جامائەتكە
تەقدىم قىلماقچى ئىدىم. ئۇ ھامان گۈزەل ھايات ئۈچۈن ئىرىشۋاتقان بىر ئايال ئىدى.
سەنمۇ بىلىسەنكى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ ھاياتنى سۈرەتلىشى گېزىتلەردىكى ئومۇملاشتۇرۇل -
غان خەۋەرگە ئوخشاش بولمايدۇ، ئۇ كونكرېت ئادەم ئۈستىدە مۇكەممەل ئوبراز يارىتىش
كېرەك. مەن بۇ رەسىمگە ئۇزاق ۋاقىت، ناھايىتى ئەستايىدىل، تىرىشىپ ئىشلىدىم ۋە
ئۈرۈمچىدە چىقىدىغان ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر ئەدەبىيات - سەنئەت ژۇرنىلىغا ئەۋەتىپ بەردىم.
«گۈزەل ھاياتنى دەپ ...» ماۋزۇ قويىغان بۇ رەسىمنى ئۇ ژۇرنال ئىشلەتمىدى ... بىر
ھېسابتا ئىشلەتمىگىنىمۇ ياخشى بولدى. مەن ئۇ ئىجادىيىتىمدىن ھېلىمۇ رازى ئەمەس، شۇ
چاغدا ئۇنى ئۆزەمنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ بەرگەن ھېسسىياتىمنى بېسىش ئۈچۈنلا ئەۋەتكەنىدىم.
ئەمەلىيەتتە، ئۇ رەسىمدە شۇ چاغدىلا نېمىدۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى غۇۋا ھېس قىلاتتىم.
ھېلىمۇ شۇنداق تەسىراتتىمەن. بىراق بۇ كەملىك نەدە، قانداق تولۇقلىغىلى بولىدۇ؟ بۇنى
بىلەلمەيۋاتىمەن. ئارىلىقتا ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتى، مەنمۇ پۈتۈنلەي ئۆزگەردىم، بە -
زى - بەزى ئۇ رەسىمگە قارىسام، ئۆتمۈش يادىمغا چۈشىدۇ، كەملىك تېخىمۇ روشەن بىلىنىدۇ.

كامىل سۆزىنى توختىتىپ ئۇزۇنغىچە ئۈھ تارتتى. چېچى تۆكۈلگەن ماڭلىيىنى بارماق -
لىرى بىلەن تاتىلغاچ دېرىزىنىڭ سىرتىغا قاراپ جىمىپ قالدى. مەن ھېلىقى رەسىمنى با -
سۇرۇپ قويىغان كىشىنىڭ ئۆزەم ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلايمۇ - قىلمايمۇ دەپ ئويلىنىپ
قالدىم. بەلكى ئۇ ئاغزىدا خۇشالمەن دېگىنى بىلەن بۇ ھازىرقى تونۇشى ئىدى. ئۆز ئىجا -
دىيىتى ھەر قانچە خام بولغىنى بىلەنمۇ ئۆز ۋاقتىدا ئېلان قىلىنىشىنى خالىمايدىغان ئاپتور
بولمايدۇ - دە! مەن، ئۆزەمدە ئۇنىڭ رەسىمنى ئېلان قىلمىغانلىق سەۋەبىنى ئۈستۈمگە ئالا -
لىغۇدەك جۈرئەت يوقلۇقىنى ھېس قىلدىم، شۇنداق، مەندە سۆھبەتدىشىمغا قارىغاندا ھالال -
لىق كەم ئىدى. كىمدە ھالاللىق بولسا شۇ باتۇر بولىدۇ. مەن باتۇر بولالمايتتىم. مەن
ھەممىگە ئىقرار قىلساممۇ ھەسەت قىلغانلىقىمنى، ئىچىمنىڭ يامانلىقىنى ئىقرار قىلالمايتتىم.
گەپنىڭ بېشى چىققان ئىكەن، سەۋەب - نەتىجىلىرىنى خۇلاسىلىۋېلىشقا كامىلنىڭ قۇربى
يېتەتتى. چۈنكى، مەن بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقان كىشى ئىنسان قەلبىنى ياخشى چۈشىنەلەي -
دىغان سەنئەتكار ئىدى - دە!

— ھەقىقەتەن تەسىرلىك كەچۈرمىشلەر ئىكەن، — دېدىم مەن ئوڭايسىزلانغىنىمنى
يوشۇرۇپ. كامىل گەپ قىلمىدى، ئۇ ھېلىغىچە دېرىزە سىرتىغا قاراپ ئولتۇراتتى، — قېنى،
ئىچەيلى دوستۇم، — مەن ئۇنىڭ رومكىسىنى توشقۇزۇپ قويدۇم، — بۇرۇنقىلارنىڭ ھەممىسى
ئۆتمۈش. سەنمۇ يېڭى ھايات يولىنى تېپىپسەن، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن كۆتۈرەيلى ...

مەن كامىلغا قارىدىم. ئۇمۇ رومكىنى قولىغا ئالدى. مەن رومكىنى سوقۇشتۇرۇش
ئۈچۈن قولۇمنى ئۇزاتقانىدىم، لېكىن ئۇ ماڭا قارىمايلا ئىچىۋەتتى ۋە تامغا يۆلەپ قويىغان
رەسىمگە قاراپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ رەسىم توغرۇلۇقمۇ گېپى باردەك قىلاتتى.

— بۇ رەسىممۇ ئەنە شۇنداق سەزگۈزمىشلەرنىڭ مېۋىسىمۇ قانداق؟ — سورىدىم مەن
ئۇنىڭ دەسلەپ ئېغىز ئاچمايدىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھالدا.

ئۇ لەپپىدە ماڭا، ئاندىن رەسىمگە قارىدى. زىناقلىرىدا كۆلۈمسىرەش بەلگىلىرى ئىپادىلەندى. قۇرۇق رومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭا هاراق قۇيۇشنى ئىشارە قىلدى.

— مەس بولۇپ قالىسەن،—دېدىم مەن.

— قۇيىۋەر،—دېدى ئۇ رومكىسىنى يەنىمۇ سوزۇپ،— ئەمدى ئايىغۇچىلىك نېمەم قالدى؟ مەن شۇ تاپتىمۇ مەس...

— مەن ئۇنىڭغا هاراق قۇيۇپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ رومكامغا قاراپ قويدى. ئۆزەمگىمۇ قۇيدۇم. ئۇ بۇ قېتىم هەممىنى بىراقلا كۆتۈرۈپ ئىچمەي يېرىمىنى ئىچتى-دە:

— بۇ رەسىمدىمۇ بىر سەرگۈزەشتە بار، تاپتىڭ،—دېدى ۋە سەل تىنىۋېلىپ داۋام قىلدى،—لېكىن بۇ سەرگۈزەشت بىر دوستۇمنىڭ هاياتىغا تەئەللۇق. ئۇ دوستۇم بىلەن مۇشۇ ناھىيىگە كەلگەندىن كېيىن تونۇشۇپ، چۈشىنىشكەن ئىدۇق. سوراپ قالدىڭ، خالىساڭ سۆزلەپ بېرەي...

—سېنى تەسىرلەندۈرگەن بولسا سۆزلىگىن، بەرىبىر تاڭ ئېتىشقا ئاز قالدى...

—نېمە؟—ئۇ چۆچۈپ سائىتىگە قارىدى،—ئاپلا، مەن سېنى ئۇيقۇسىز قالدۇرۇپتىمەنغۇ؟ خوتۇنۇمنى ماڭدۇرۇۋېتىش سېنى قوندۇرۇش ئۈچۈنىدى، چۈنكى، ئۆيۈمنىڭ تارچىلىقىدىن تاشقىرى بالىمىزنىڭ غەلۋىسى بىراۋىتە قىلىدۇ، دەپ ئەنسىرىگەنىدىم... چاتاق بوپتۇ...ماڭغۇ مەيلىدى...

— ماڭىمۇ مەيلى، ھېچگەپ يوق،—دېدىم مەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىشقا ئالدىراپ،— كۈندۈزى تازا ئۇخلىۋالغانتىم، هازىرمۇ ئۇيقۇم ئېچىلىپ كەتتى. قېنى، سېنىڭ ئۇيقۇڭ كەلمىگەنلا بولسا سۆزلەۋەرگىن.

— مېنىڭ ئۇيقۇم؟—ئۇ رومكىنى كۆتۈرۈپ بىكار قىلدى،—بۇ رەسىم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشتىن تاشقىرى، دوستۇم بىلەن بۇ قىزنىڭ تويى توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرەي. شۇ چاغدىلا بۇ قىزنىڭ نەقەدەر بىباھا، ئالىيجاناب ئىكەنلىكىگە قايىل قالىسەن. سېنىڭمۇ رەسىم سىزغۇڭ كېلىپ كېتىدۇ. بىراق، سەن رەسسام ئەمەس...

— بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى نەتىجىسى ناهايىتى قىسقا، يەنى مۇنداق: دوستۇم باشقا جەھەتلەردە ئامىتى يامان ئەمەس بولسىمۇ تۇرمۇشتا تەلىيى كەلمىگەن كىشى ئىدى. ئۇ بىر قېتىم ئۆيلەنگەن، باللىقمۇ بولغان، بىراق نىمىشقىدۇر ئايرىلىپ كەتكەن. كېيىن ئۇ بىر قىزنى ياخشى كۆرگەن، قىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىنگۈدەك سەزدۈرگەن. ئەمما، ئىش چېكىگە يەلىسىگە چىقىپ توي قىلىشنى دېيىشىدىغان چاغدا قىز ئەدەبىلىك بىلەن رەت قىلغان. قىسقىسى، كۈنلەر،ھەپتىلەر، ئايلار ئۆتتۈۋەردى، دوستۇممۇ بويتاق پېتى يۈرۈۋەردى. ئۇنىڭغا بىر ئائىلە كېرەكلىكىنى، ئۆمۈرۋايەت بويتاق ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بۇنداق ئۆتۈشنىڭ ھېچ بولمىغاندا، ئۇنىڭ خىزمىتىگە تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقىنى كۆپ چۈشەندۈرۈشكە توغرا كەلدى. دوستۇم ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بىر نەچچە ئاق كۆڭۈل بۇرادەرلەر بىر نەچچە جايدىن لايىق تاپتى، دوستۇم كۆردى، لېكىن بېشىنى چايقاپ رەت قىلىۋەردى، ئۇنى ئۆيلەپ قويۇشقا بەلباغلىغانلارمۇ تىرىشچانلىقىدىن تايمىدى. شۇنداق بىر كۈنمۇ كەلدىكى، تەقدىر دوستۇمنىڭ قىزلار تائىپىسىگە

مۇز بولۇپ قاتقان يۈرىكىنى ئېرىتتى. ئۇ بىر قىزغا — مۇشۇ رەسىمنىڭ پروتوتىپىغا
مەيلىنى بەردى. بۇ قىزنى كۆرۈشكە مەنمۇ بارغانىدىم. سەن بىلمەسەڭكىن، بىزنىڭ بۇ يەر-
لەردىكى قىز كۆرۈش سىلەر تەرەپتىكىگە ئوخشمايدۇ. بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ ئەڭ چوڭ
ئاشكارىلىنىشى، ئۇنىڭ چاي كۆتۈرۈپ كىرىشىدىنلا ئىبارەت بولىدۇ. سەن ئاشۇ پۇرسەتنى
غەنىمەت بىلىپ پۇختا، ئىنچىكە كۆرۈپ تەكشۈرۈۋېلىشىڭ شەرت. بۇنداق قىلىشنى ھېچكىم
ئەدەبسىزلىك، ھاياسىزلىق دەپ تونۇمايدۇ. خوش... بۇ قىز چاي كۆتۈرۈپ كىردى. ئۇ
شۇنچىلىك كېلىشكەن، غۇنچە بوي، نازۇك ئىدىكى، شائىرلار تەسۋىرىدىكى ئۆلچەمگە ئەي-
نەن توشاتتى. ئۇنىڭ چېچى گىجەك، بولۇق ۋە ئۇزۇن ئىدى. مەن رەسسامەن دوستۇم،
ئۇنىڭ بەدىنىنى ھەممىدىن ئوبرازلىق باھالىيالايمەن، ئەتىگەندىن-كەچكىچە خىيالەن تەس-
ۋىرلەپ بېرىشىڭ ساڭا ھېچقانداق ھېسسىي لەززەت بەرمەيدىغانلىقى ئېنىق. چۈنكى، سى-
لەر يازغۇچىلار تەسۋىرگە ئۇستا، بىز رەسساملار ئەينەن چىقىرىپ كۆرسىتىمىز. ھەر ئىككى-
لىسى سەنئەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن ۋە ئۆز ئوبيېكتلىرىغا ئىستېتىكىلىق زوق
بېرىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ يېزىقتىكى بايانى پورترېت تەسۋىر بوياقلار
بىلەن ئىشلەنگەن پورترېتقا يېتىشەلمەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبىنى سەن مەندىن ياخشىراق بىلى-
سەن، ئاۋۋالقىسى كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىغا غۇۋا (مەيلى ئۇ ھەرقانچە نازۇك، ئىنچىكە تەس-
ۋىرلىنىشىدىن قەتئىينەزەر) كۆلەڭگە پەيدا قىلالايدۇ. كېيىنكىسى بولسا پورترېتنىڭ نەق
ئۆزىنى تەقدىم قىلىدۇ. قىسقىسى، قىزنىڭ چىرايىمۇ «ئۆلچەملىك ئۇيغۇر قىزلىرى» نىڭ
چىرايى ئىدى. ماڭلىيىدىن قېشى ئارىسىغىچە بولغان پېشانىسى، يۈز كېپتىسىدىكى قاش،
كۆز، بۇرۇنلىرىنىڭ جايلىشىشى، مۇشۇ ئەزالارنىڭ ئۆزئارا ئارىلىقى ۋە دائىرىسى ھەممىسى
غايىدىكىدەك تەكشى، ئېۋەنسىز ئىدى. مەن دوستۇم، ئۆز كەسپىي ئالاھىدىلىكىمنىڭ تەلىپى
ئاساسەن ھەمىشە كىشىلەرنىڭ چىرايىغا، بەدەن قۇرۇلۇشىغا سەپسېلىپلا يۈرۈدىغان ئادەم
راستىنى ئېيتسام، مۇكەممەل، ئۆز جايىدا كېلىشىپ بەرگەن ئەزالارغا خاس چىرايلار تۇر-
مۇشتا كەم ئۇچرايدۇ. دوستۇمغا بۇ قىزنىڭ ياقماسلىقى مۇمكىن ئەمەس! ئۇ ئەلۋەتتە ياق-
تۇردى...

— مەن خېلى ۋاقىتلارغىچە بۇ قىزنىڭ بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى مۇكەممەللىككە چۈشى-
نەلمەي يۈردۈم. «ئۇنىڭ بەدىنىدە بىرەر نۇقسان بولماي مۇمكىن ئەمەس، — دەيتتىم ئىچىمـ-
دە، — ياكى ئۇنىڭ ئېزىقلىرىدا مەسىلە بار (ئۇ چاي ئېلىپ كىرگەندە ‹ئېلىشىسىلا› دەپ
بوش سۆزلىگەن، ماڭا بۇ سۆزنى ئۇ قىز ئەمەس باشقا بىرسى دېگەندەك تۇيۇلغانىدى. چۈن-
كى قىزنىڭ تۆۋەندىكى لېۋىنىڭ ئاستىدىن باشلاپ بويىنىغىچە رومالغا ئورالغان ئىدى) ياكى
بەدىنىنىڭ كىيىمگە ئورالغان قىسمىدا ناباپلىق بار... ئۇنداق ئەمەس دېيىلسە، شۇنچىلىك
گۈزەل، پەرى سۈپەت، تېخى يىگىرمىگە كىرگەن-كىرمىگەنىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر قىز نېمە
ئۈچۈن ياتلىق بولالمىدى؟ ئۇنى، ئۆيلەنگەن، باللىق بولغان، ياشلىق يېشىدىن ھالقىپ
چىققاي دەۋاتقان بىر كىشىگە ماقۇل بولۇشقا مەجبۇر قىلغان ئامىل نېمە؟

— مېنىڭ گۇمانىمنى كۈچەيتىدىغان ئىشلار كەينى-كەينىدىن سادىر بولۇشقا باشلىدى،
يۈز ئاچقۇ تويىنىڭ ئەتىسى مەن دوستۇمنىڭ چىرايىدىكى قورقۇنچلۇق ھالەتنى كۆرۈپ

ئەجەبلەندىم. ئۇ بىر دەم قارىداپ كۆمۈردەك بولۇپ كېتەتتى، بىر دەم گۆردىن ئېچىۋالغان ئۆلۈكنىڭ چىرايىدەك ئاقىرىپ كېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ھودۇقۇشلىرىغا خۇشاللىقى ئارىلىشىپ، ئالمىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئاستا پىچىرلاپ سورالغان سوئاللارغىمۇ، تەبرىكلەش چاقىرىقلىرىغىمۇ «ناھايىتى ياخشى، كۆڭلىمىز چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلدۇق...» دەپ جاۋاب بېرەتتى. تەبىئىيكى، مۇشۇنداق جاۋاب بېرىۋېتىپ قىزىراتتى ياكى تاتىرىپ كېتەتتى. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مەن: «قانداقراق، كۆڭلۈڭگە ياقمايدىغانراق تەرەپلىرى چېلىقمىغاندۇر...؟» دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلدىم. بۇ سۆزنى ئېيتقاندا تەلەپپۇزۇمغا سىرلىق تۈس بەردىم. ئەمما ئۇ: «ياخشى، كۆڭلىمىز چۈشۈپ قالغىنىدا گەپ يوق. كونا كىشىلەرنىڭ خۇدادىن ئىسسىقلىق بېرىشىنى ئىلتىماس قىلىشىدا مەنە بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟...» دېدى. گۇمانىم ئاقلانمىدى، خاتالىشىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم. ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە مېنىڭ دوستۇم تۇساتتىن ھاراقتا بېرىلىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئىشتىن چۈشكەندە مەن ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز قاۋاقتا كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرەتتىم. ئادەتتە سالام-سائەتلەردە بەك تۈجۈپىلەيدىغان، ئەدەب بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان دوستۇم ھەممىنى كۆرمەسكە سالاتتى. بۇنىڭ ئادەملەرگە ئارىلاشماسلىق، ئۆلپەتلەردىن قېچىشقا ئۇرۇنۇش ئىكەنلىكىنى سەزگەنلىكىمدىن مەنمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاشمىدىم. بىراق، ھېلىقى قىزغا تەۋە گۇمانغا تېخىمۇ يېپىشتىم...

— غەلىتىلىك كېيىن باشلاندى. دوستۇم يېڭى خوتۇنىنى ئېلىپ مەن دائىم دەم ئېلىش ۋە رەسىم سىزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان دەريا بويىغا قاتىرايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ بىر چۈشىنىشمەسلىكتەك تۇيۇلاتتى. ئۇلار مېنى كۆرۈپ قېلىشقاندا، يىراقتىن ئەگىپ نېرى كېتەتتى، كۆرمەسكە سالاتتى. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئىكەنلىكىنى مەن يەنىلا چوكانغا باغلاپ چۈشىنەتتىم. ئۇنداق بولمىغاندا مەزكۇر دوستۇم خوتۇنىنى باشقىلاردىن، يەنە كېلىپ مەندىن كۈنلەپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس ئىدى...

— سىرنى دوستۇمنىڭ ئۆزى يېشىپ بەردى. بىر كۈنى ئۇ دەريا بويىغا خوتۇنى بىلەن بىللە كەلدى. ئەمما، بىر نەرسىنى ئۇنتۇلۇپ قالغانمۇ ياكى باشقىچە سەۋەب بارمۇ، ئىشقىلىپ چوكان ئالدىراپ قايتىپ كېتىپ دوستۇم ئۆزى يالغۇز قالدى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا باردىم، نېرى-بېرى گەپلەردىن كېيىن خاپىلىقىمنى تۈپتوغرا يۈزىگە سالدىم: «سەن قەدىردانىم، مەندىن يوشۇرۇپ كېتەلمەيسەن،— دېدىم ئۇنىڭغا،— مەن سېنىڭ ئائىلىۋى بەختكە ئېرىشكىنىڭگە ئىنتايىن خۇشالمەن. ئەبەدىي شۇنداق بولۇپ ئۆتكىن. ئەمما، ساڭا چوڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇنداقلا ماڭىمۇ ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولمىغان سىرىڭنى، خالىساڭ ئېيتىپ بەر...» ئۇ ماقۇل بولدى. ئۇنىڭ ماقۇل بولۇشىنى يۇقۇرقى گەپلەر بىلەنلا قولغا كەلتۈردۈم دېمەكچى ئەمەسمەن. ئۇنىڭغا بۇنچىۋالا يېپىشىۋېلىشىمنىڭ سەۋەبىنىمۇ بىلمەيمەن. بەلكىم «ئۇششاق-چۈشەكلەر» ئارىسىدىن كەسپىمگە باپ كەلگۈدەك نەپ ئىزدىگەندىمەن...

— ئۇ مۇنداق دېدى: «قىز بىلەن توي خېتى ئالدىغان ۋاقىتتا ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتۇم. ئۇ يەنىلا شۇنداق گۈزەل، نازۇك ۋە تارتىنچاق ئىدى. ھامان يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى. مەن ئۇنىڭ ماڭا بەكرەك تىكىلىپ قارىشىنى، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە بىر قېتىم بولسىمۇ قارىشىنى شۇنچىلىك خالايتتىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ خالىشىمنى نەزەرگە ئالمىدىمۇ ياكى

سادىدىلىقىغا، تارتىنچاقلىقىغا ئالدىمۇ، ئېيتاۋۇر قىيا بېقىپمۇ قويمىدى. مەن ئارزۇيۇمنى ئەچ-
چە قېتىم ئېيتىشنى ئويلىغان بولسامۇ جۈرئەت قىلالمىدىم. بۇنىڭغا ئىككى ئامىل سەۋەبچى بولغانىدى.
بىرسى، بىز ئىككىمىزنى يالغۇز قويماسلىق ئۈچۈن ئاتايىن بىر «يەڭگە» يانىدىشىپلا يۈردى. بۇ
«يەڭگە» قىزنىڭ ھامىمسى ئىدى. ئۇ توي خېتى ئالغىلى بارىدىغان، يانىدىغان يولدا ئىككىمىزنىڭ
ئارىسىغا قىسىلىۋېلىپ ھەممە گەپنى ئۆزى كۆتۈرە ئالدى؛ يەنە بىر ئامىل شۇ ئىدىكى، نېمە
ئۈچۈنلىكىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، مەن بۇ گۈزەل قىزدىن تەپتارتىپ قالغانىدىم. ئۇنىڭ چە-
رايلىقلىقى، كېيىن مېنىڭ رەپىقەم بولۇپ قېلىشىنى چەتكە قاقىدىغانىدەك، مەن سەللا ئۇشۇق-
لۇق قىلسام، قىلدەك قوپال ھەرىكەت ياكى سۆز قىلسام ئۇ رەنجىپ قالىدۇ، دەپ قورقاتتىم.
ئۇنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشى تاسادىپىيلىقتەك، ئائىلە بېسىمى بولغانلىقتىن ياكى مېنىڭ
ئىجتىمائىي ئورنۇم، سالاھىيىتىم، مۇئاشىم رول ئوينىغاندەك تۇيۇلاتتى...مەن ئاشۇنداق ئەن-
دىكىش، خاتىرجەمسىزلىك ۋە ئەنسىرەش تۇيغۇلىرىنىڭ ھەمرالىقىدا بۇ قىز بىلەن قوشۇلدۇم.
قىز يۆتكەپ كېلىنگەندىن كېيىن خاتىرجەملىك ئاستا-ئاستا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. شۇن-
داقتىمۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، مەن ئۇنىڭ خىلى ئەمەس، تەڭتۇشىمۇ ئەمەس، بۇنداق
ئىكەن، ھامان بۇ گۈزەل پەرىزات مەندىن چانىدۇ؛ ئۆيىمىزنى ئائىلە دەپ ئەمەس، بەلكى
ئۆزىنى نەزەربەنت قىلغان قەپەز دەپ تونۇپ، ئۆزى مۇۋاپىق ھېسابلىغان شارائىتتا ئېرىش-
سىلا ئۇچۇپ كېتىشتىن يانمايدۇ، دەپ تەشۋىشلىنەتتىم. مەن بۇ بىئاراملىقنى يوشۇرۇپ قې-
لىشنى خالىمىدىم ۋە ئىككىمىز يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى زۆرۈر تاپ-
تىم. راستىنى ئېيتسام، قىزدىن يەنىلا تەپتارتىپ تۇراتتىم، توي كېيىملىرى بىلەن ئون
ھەسسە ئارتۇق كۆز قاماشتۇرىدىغان بولۇپ كەتكەن چىرايلىقىمىنىڭ قولىنى تۇتتۇم. ئۇنىڭ
بۇ قوللىرىنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن، خۇددى توكنى تۇتقاندەك بىلىندى. مەن ھودۇقۇپ:
«مېنى ئازراق بولسىمۇ ياخشى كۆرۈشنى خالامسىز؟» دەپ سورىدۇم. مەن يەنە بىرمۇنچ
نەرسىلەرنى سۆزلىمەكچى ئىدىم، لېكىن تىلىم گەپكە كەلمىدى، ئۇ يەنىلا يەردىن ئۈستۈر
قارىمايتتى، مەن ئۈچۈن ماگنىتتىنمۇ بەكرەك تارتىش كۈچىگە ئىگە سۆيۈملۈك لەۋلىرى يە-
نىلا ماڭا ئەمەس رومىلىنىڭ قىرىغا تېگىپ تۇراتتى. ئۇ تېخىمۇ پەس، نازۇك ئاۋاز بىلەن:
«سىزلا مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، خۇدا ھەققى، ئۆمۈرۋايەت قۇلىڭىز بولۇپ كېتىشنى خالايت-
تىم» دېدى-دە، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى ۋە باشقا گەپ قىلماستىن مېنى قىزغىن، چىڭ
قۇچاقلاپ يۈزىنى يۈزۈمگە ياقتى. مەن يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان مەشنى قۇچاقلاپ تۇرغاندەك
ئېرىپ كېتىۋاتقىنىمنى تۇيۇپ تۇراتتىم. شۇ پەيتتە پۈتۈن ئالەم بىز ئىككىمىز ئولتۇرغان كارىۋاتقا
يىغىنچاقلانغانىدى. غايىۋانە، پەرىشتىلەرنىڭكىدەك بىر ئاۋاز قۇلىقىمغا شۇنداق پىچىرلايتتى:
«جېنىم، مەن بىلەن توي قىلغانلىقىڭىزغا پۇشايمان قىلماڭ، مېنى تاشلىۋەتمەڭ. شۇنداق
قىلالىسىڭىزلا، مەن ئۆمۈرۋايەت قۇلىڭىز بولۇپ كېتىشكە قەسەم قىلىپ بېرىمەن...» قەسەمنى
ئۇ ئەمەس، مەن بېرىشكە باشلىدىم. ئەگەر ئۇلا مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولسا ئۆمۈرۋايەت
ئۇنىڭ قۇلى بولۇشقا ئەنت ئىچتىم. ئۇ يەنىلا ماڭا قارىغىلى ئۇنىمايتتى، كۆز ياشلىرىدىن
بوينۇم ھۆل بولۇپ كەتتى. بۇ مېنىڭ خۇشال ئەندىكىشلىرىمنى ئاۋۇتاتتى. مەن ئۇنىڭدىن
يەنە بىر قېتىم مېنى ياخشى كۆرۈشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى؛ ئەبەدىل-

ئەبەد ۋاپادار، كۆيۈمچان خوتۇن بولالىغانلىقىنى؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە ھەرگىز ئېغىرىنى سالمايدىغانلىقىنى، چۈنكى ئۇ دوپپا، كەشتە تىكىش، رەشىلىيە ئىشلەشتە ماھىر ئىكەنلىكىنى تەكرارلىدى. مەن كۆڭلۈمدە بارىنى — توغرىراقى گۇمانىمنى ئېيتتىم. يەنى، مەن ئاللىقاچان ئۆيلەنگەن كىشى، يېشىممۇ ئۇنىڭدىن چارەك ھەسسە چوڭ. چىراي-قىياپىتىم جەھەتتىنمۇ قىزلارنى جەلپ قىلالمايمەن. ئۇنى ماڭا شۇنچىۋالا باغلاپ قويغان سەۋەب نېمە، دەپ سورىدىم. ئۇ بىر-ئىككى قېتىم «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى. مەن سوراۋەرگەندىن كېيىن ئۇ، جاۋاب بەرسە مېنىڭ خاپا بولۇش - بولماسلىقىمنى سورىدى. مېنىڭ ماقۇل جاۋابىمدىن كېيىن ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى: «بىر قىز ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئەرلەرنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ۋىجدانەن ئىسپاتلىشىدىن ئارتۇق مۇھىم ھاياتىي كېپىللىك بولمايدۇ. سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىز مەن ئۇچۇن بەخت. مېنى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ھېچكىم بۇنچىلىك ھېرىسمەنلىك بىلەن ياخشى كۆرۈپ باقمىغان، ئېھتىمال، بۇندىن كېيىنمۇ ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. مەن ھازىرغا قەدەر، مېنى ياخشى كۆرمىسىمۇ خوتۇن ھېسابىدا كۆرىدىغان ئەركەكزاتى چىقمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. سىزنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزمۇ ئەتە مەلۇم بولىدۇ. مېنى ياخشى كۆرمىسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن تاشلىۋەتمىسىڭىزلا، بىر خوتۇن ئورنىدا كۆرسىڭىزلا...خۇدا ھەققى قۇلىڭىز بولۇپ كېتەي...»

مەن ھەيرانىدىم، خۇشاللىناتتىم ھەم ئەندىكەتتىم. ئۇنىڭ سۆزلىرىدە بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قاينام بۇلاقنىڭ سۈيىدەك تەشۋىش بار ئىدى. بۇ زادى نېمە ئۇچۇن؟ دەپ ئويلايتتىم. بىراق ئۇ ئاخشىمى تەشۋىشلەرگە نۆۋەت ئاشمىغاندەك تۇراتتى. ئەتىسى ئەتىگەندىلا مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەنىسى تېگىگە شۇڭغۇپ كىرەلىدىم: قىز — مەيىپ ئىدى! ئۇنىڭ تۆۋەنكى كالپۇكىدىن بويىنىغا قەدەر قىپقىزىل تاتۇق بولۇپ، ئاشلانغان تېرىدەك تارتىشىپ تۇراتتى. مۇشۇ سەت تاتۇق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئىڭىكى گېلىگە چاپلىشىپ قالغاندەك، مۇشۇ ھالەتتە ئۇنىڭ يۈزى، ئوقرىكىگىچە سوزۇلغاندەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئۇنى شۇنداق بىر ھالغا كەلتۈرگەن ئىدىكى، كۆزى، قاشلىرى، تۆكۈلۈشكە تەييار ھالەتتە تۇرغان كىرپىكلىرى، ئىككى قېشى ئارىسىدىن ساقىپ چۈشكەندەك جايلاشقان بۇرنى بىلەن يۇقارقى لېۋى ھېچقانداق گۈزەل بىلىنمەيتتى. ئۇ ئەمدى ئۇزۇن تەكىيگە ئوخشاش يۈزى بار غەلىتە مەخلۇققا ئايلانغانىدى. مەن ئەڭ زور مەنىۋى كۈچ بىلەنمۇ كۆزۈمنى ئۇنىڭ مېيىپ جايلىرىدىن گۈزەل ئەزالىرىغا يۆتكىيەلمىدىم. قانچە قارىماي دەپ باقساممۇ يەنىلا قىپقىزىل تاتۇق چاڭگاللىۋالغان تۆۋەنكى كالپۇكىدىن بويىنىغا قەدەر جايلىرى كۆزۈمگە چۈشەتتى. شۇ چاغدا بۇ قىز — ئەمدىكى مېنىڭ خوتۇنۇم ھېچقانداق ئىپادىسىز ماڭا قاراپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭدا ھودۇقۇش، خىجالەت تارتىش، ئىسەڭكىرەش ئالامىتى يوق ئىدى. مەن كۆزۈمنى يۇمدۇم. «قىز كۆرۈش» كە بارغان چاغدىكى بۇ قىزنىڭ چاي ئېپچىقىشى، «ئېلىشىسلا» دېيىشى، بۇ سۆزنى دېگەندە يەردىن ئۇستۇن قارىماي رومىلى بىلەن تۆۋەنكى كالپۇكىنىڭ پەس تەرىپىنى ئوراۋېلىشىنى يادىمغا ئالدىم. توي خېتى ئالغىلى بارغان ۋە يانغان چاغدىكى كۆرۈنۈشلەر، «يەڭگە»نىڭ سوڭدىشىپ بىللە يۈرۈشى كۆز ئالدىمغا كەلدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ تاتۇقنى يوشۇرۇش، مېنىڭ كۆرۈپ قېلىشىمنىڭ

ئالدىنى ئېلىش ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى، قىزنىڭ «سىزلا مېنى ياخشى كۆرسىڭىز، خۇدا هەققى، ئۆمۈرۋايەت قۇلىڭىز بولۇپ كېتىشنى خالايتتىم...» ۋە «مېنى ياخشى كۆرمىسىمۇ خوتۇن هېسابىدا كۆرىدىغان ئەركەك زاتى چىقمايدۇ... سىزنىڭ قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغىنىڭىزمۇ ئەتە مەلۇم بولىدۇ...» دېگەن سۆزلىرىنى يەنە بىر ئاڭلىغاندەك بولدۇم...مەن نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. شۇ هالەتتە بىر قېتىم قىزنىڭ كېچىچە مەندىن ئالغان ۋەدىسى، مېنىڭ قەسەم ئىچكىنىم غوۋۋا ئېسىمگە كەلدى. ئەمما، بۇ شۇنچىلىك تېز ئۆتكەن ئەسلىمە بولدىكى كۆز ئالدىمغا سەت، بەد-بەشىرە تاتۇقلار كېلىۋېلىپ هەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇنىڭ هەممىگە تەييار هالەتتە تۇرغان قىياپىتىمۇ مېنىڭ ئىچكەن قەسەممنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

«مەن ئۆيۈمگە كېتەيمۇ؟» دېدى ئۇ مېنى داۋاملىق ئويلاشتىن قايتۇرۇپ. مەن بۇ خاتىرجەم ئاۋاز بىلەن تەڭ چۆچۈپ كۆزۈمنى ئاچتىم ۋە ئۇنىڭ يەنىلا هېچنەرسىنى ئىپادىلىمەي قاراپ تۇرغان كۆزىدىن كۆزۈمنى قاچۇرۇپ ئۆزەممۇ سەۋەبىنى بىلمىگەن هالدا: ياق...ياق...دەۋەتتىم.

ئۇ ئېتىلىپ كېلىپ ماڭا تاشلاندى. يۈزىنى يۈزۈمگە مەهكەم يېقىپ: «رەهمەت، رەهمەت...» دەپ پىچىرلىدى. خۇددى ئاخشامقىدەك بوينۇم يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆز يېشىدىن نەملەندى. بىراق مەن ئۇنىڭغا نىسبەتەن هېچقانداق ئىپادە بىلدۈرمىدىم. سۆيۈشلەر سوغۇق، كۆز ياشلار مۇزدەك ئىدى. ئاخشام كۆيۈپ تۇرغان مەشنى قوچاقلاپ تۇرغاندەك تۇيۇلغان بولسا، مانا ئەمدى بىر خالتا مۇزنى بوينۇمدىن ساڭگىلىتىپ مەيدەمگە باغلاپ قويغاندەك سېزىلدى. مەن شۇ چاغدا ئۇنى هەيدىۋېتىشنىڭ ئۇنىڭ بېشىغا چىقىدىغانلىقىنىلا ئويلىغانىدىم. ئۇنى كەتكۈزۈۋەتسەم يىراق- يېقىنغا بۇنى چۈشەندۈرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ سەت، قىپقىزىل تاتۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىشقا توغرا كېلەتتى. نەتىجىسى شۇ بولاتتىكى، ئۇنىڭ كېيىنكى هاياتىدا هەقىيقەتەن هېچكىم ئۇنى ياخشى كۆرۈش تۆگۈل «خوتۇن» ئورنىدىمۇ كۆرمىگەن بولاتتى... مەن مانا شۇلارنى ئويلىغانىدىم، قەسەم-پەسەم دېگەنلەر ئېسىمگە كەلمىگەنىدى. «بۈگۈن يۈز ئاچقۇڭىز بولىدۇ،— دېدىم مەن ئۇنىڭغا قارىماسلىق ئۈچۈن چەتكە بۇرۇلۇپ،—كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ بىرەر-يېرىم هەپتە ئۆتسۇن، هازىرلا كەتسىڭىز كىشىلەر ئالدىدا ياخشى بولمايدۇ...»

«رەهمەت» دېدى ئۇ يەنە هېچقانداق تەسىر بەرمەيدىغان تەلەپپۇزدا. لېكىن ئۇ كەتمىدى. مەن هەر كۈنى دېگۈدەك ئۇنى، ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمىزنى ئويلايتتىم. ئۇ شۇنچىلىك مېهرىبان، ئاق كۆڭۈل ئىدى. ئۆي ئىشىغا پۇختىلىقى، تاماققا ئۇستىلىقى توغرىسىدا سۆز بولۇشى ئارتۇقچە. ئىشتىن كەلسەم، ئىشقا ماڭسام بوينىنى قىسىپ، يەرگە قاراپ قارشى ئالاتتى ۋە ئۇزىتاتتى. مېنىڭ ئىچىم سېرىلىپ كېتەتتى. ئاخىرى مەن زىددىيەتلىك هېسسىياتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالدىم. مەن ئۇنى كۆرمىسەم ناهايىتى سېغىناتتىم. كۆرگۈم كېلەتتى، ئۆيگە ئالدىرايتتىم، ئۇنى كۆرسەملا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەك بېسىپ، بىر جايدا ئولتۇرالماي مۆڭلۈنۈپ ئۇھ تارتاتتىم، كەچلىرى ئۇ ماڭا خاتىرجەملىك، ئېسەنلىك تىلەپ باشقا ئۆيگە چىقىپ كېتەتتى. مەن ئۇ سېلىپ قويغان ئورۇن-كۆرپىدە ئوڭ-

دامدا ياتقىنىمچە سائەتلەپ خىيالغا چۆكەتتىم. بەزى كېچىلىرى تاڭ ئاتقىچە ئۇيقۇم كەل-
مەيتتى ۋە بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭمۇ ئۇخلىمايدىغانلىقىنى سېزەتتىم. بىر مەزگىلدىن كېيىن
ئۇنىڭ كېچىلەپ ناماز ئوقۇپ چىقىدىغانلىقىمۇ مەلۇم بولدى. ئىككى قېتىم پۇتۇمنىڭ ئۇچى-
دا دەسسەپ ئىشىكنىڭ تېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلاپ باق-
تىم. ئۇ پەقەت ئوقۇغان نامىزىنىڭ مەقبۇل بولۇشىنى، ئېرى (يەنى مەن) ئالدىدا گۇنا
سادىر قىلىپ قويۇشتىن ساقلاشنىلا تىلەيتتى. مېنىڭ پەقەت ئىچىم ئاغرىيتتى،
خالاس. مەن ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ ياخشى كۆرۈش مەنىۋى ئامىل-
لاردىن تاشقىرى بىر خىل تارتىش كۈچىنى ئۆزىگە تىرەك قىلغانىدى. بۇنى
ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. شۇنداقلا قانداق قىلىپ مۇشۇنچىۋالا بىر
مېيىپنى ئۇچراشتۇرۇپ قالغانلىقىمۇ ئىچىمنى ئۆرتەيتتى. بۇلار مېنىڭ شوپاڭغا قاتنىي-
دىغانلىقىم ئۈچۈن باھانە ئىدى ـ يۇ، ھاراق ھېچقانداق ياردەم بەرمەيتتى. ئۇ ھەسرىتىمگە
دەرد قوشاتتى، ئىچ پۇشۇقىمنى تۈگىتىش ئورنىغا ئاۋۇتاتتى. شۇنداق بىر ئاخشىمى
مەن چالامەس ھالىتىدە ئۆيگە قايتىپ بېرىپ: «نېمىشقا كەتمەيسەن...» دەپ ھۆكۈرىدىم.
مېنىڭ خۇداگۇيى خوتۇنۇم نامىزىنى بۇزۇپ، جەينامازدىن تۇردى ـ دە، بويىنىنى قىسىپ
تۇرۇپ پەس ئاۋاز بىلەن: «سىزدىن ئىجازەتسىز قانداق كېتىمەن؟ ـ دەپ جاۋاب بەردى، ـ
كەت، دېسىڭىز، ھازىرلا كېتەي، ھەرگىز خاپا بولماڭ...» مەن دۇدۇقلاپ قالدىم. نېمىشقا
«كەت!» دېمىگەنلىكىمنى چۈشەندۈرەلمەيمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇ تاتۇق چىرايىنى مېنى
كۆرسۇن دېگەندەك قىلىپ ھەمىشە ئوراۋالىدىغان روملىنى تاشلاپ قويۇپ يېنىمغا كىردى.
مەن تېخى ئورنۇمدىن تۇرمىغانىدىم. ئۇ كاردىۋىتىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇساتتىن تىزلاند-
دى ـ دە، پەس لېكىن قەتئىي ئاۋازدا: «ئۆتىنىپ سورايمەن، ماڭا رۇخسەت قىلىڭ،
كېتەي!» دېدى. «نېمىشقا؟ ـ سورىدىم مەن تورۇسقا قاراپ ئوڭدا ياتقان پېتىم سىناق
تەرىقىسىدە، ـ مېنىڭ ھاراق ئىچىشىم نامىزىڭغا دەخلى بېرەمدىكەن؟» ئۇ سەل تۇرۇۋالدى ـ دە،
«ھەممە ئەيىب مەندە. سىزنى قىيناپ قويدۇم. مېنى دەپ بىكاردىن ـ بىكار ئۆزىڭىزنى
ئالدۇرۇپ قويماڭ» دېدى. «سەنچۇ؟ مەن قىينىلىپ سەن مۇرادىڭغا يەتتىڭمۇ؟» دېدىم.
«ھەئە. مەن بۇ دۇنياغا كېلىپ بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتىدىغان بەندىچىلىكىمنى ئادا
قىلدىم...» مەن ئۇنىڭ خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ ھەيران بولۇپ ھېچنېمە دېيەلمىدىم ۋە
ئېغىر تىنىپ قويۇپ تەتۈر ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدىم. ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدىم. ھە،
ئۇ ئادىتىگە ئاساسەن تۇيدۇرماي، ئاستا مېڭىپ چىقىپ كەتكەنىكەن. مەن ئويلىنىپ
قالدىم، ئۇنىڭغا تەلپۈنگەنلىرىم، ئۇنىڭ كۆلۈمسىرەشلىرىنى كۆرۈشكە تەشنا بولغانلىرىم، ئۇنىڭ
بىلەن توي قىلىپ ئۆيلۈك بولۇشقا ئالدىراشلىرىمنىڭ ھەممىسى كۆز ئالدىمدىن بىر ـ بىرلەپ
ئۆتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ قىزنىڭ، ئەمدىلىكتىكى خوتۇنۇمنىڭ چىرايى، تەن قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈن بولغانلىقىنى، مېنىڭ يېنىمدا ھېلىمۇ شۇ چىراي ۋە شۇ قامەت بار ئىكەنلى-
كىنى يادىمغا ئالدىم. مېنى پاراكەندە قىلىۋاتقان نەرسە نېمە؟ ئۇ ئاشۇ تاتۇق ئەمەسمۇ؟
بىراق، بۇ تاتۇقلار بالدۇرمۇ بار ئىدى، ئۇ، مەن بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن تاسادىپ
ئاپىرىدە بولۇپ قالغان تاتۇق بولماستىن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەنىدى. ئەمدىلىكتە

گۈزەل چىرايىغا ئىگە، ياۋاش، ساددا، مۇلايىم ۋە مېھرىبانلىقتا تولغان بۇ ئايال نېمىشقا
خورلىنىشقا تېگىشلىك ئىكەن؟ ئەگەر ئۇنىڭ تاتۇقلىرى بولمىغىنىدا مېنىڭ بۇنچىۋالا
ھۆكۈرەپ، گۈلدۈرلەپ، ئۇنىڭغا چىراي ئاچماي يۈرگىدەك قانچىلىك ھوقۇق، ئىمتىيازىم
بار ئىدى؟ ئۇ ئۆزى تەلەپ قىلىپ، ئارزۇلاپ تاتۇق بولۇۋالغانمۇ؟... ئەنە شۇنداق بىر
تالاي سوئاللار تورۇسقا قارىسام تورۇستا، دېرىزە تەرەپكە قارىسام دېرىزىدە، تام تەرەپكە
قارىسام تامدا ئېسىلىپ تۇرغاندەك كۆرۈندى. مەن شۇ كۈنى كەچكىچە قوپماي ياتتىم.
قانداقتۇر نامەلۇم كۈچلەر ماڭا خىرىس قىلىپ ۋىجدانىمنى سۆزلەشكە ئۈندەيتتى. توي
بولغان «شېرىن كېچە» تاڭ ئاتقىچە بەرگەن ۋەدىلەر، ئىچكەن قەسەملەرنى يادىمغا
سالاتتى، ئەگەر ئۇ تاتۇق، مېيىپ بولمىغان ھالەتتە قانداق مۇناسىۋەت شەكىللىنەتتى، دەپ
سورايتتى. ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، قىز تولۇق، مۇكەممەل بولغىنىدا ئۇ
ماڭا ھەرگىزمۇ ئاشمايتتى. مۇناسىۋىتىمىزدە مەن خوجايىن، ئۇ مۇلايىم، مۆمىن قۇللۇق
ھالەت بولمايتتى. ھەتتا ھازىرقى ئورنىمىز ئۇ سەل - پەل ئىنسابلىق بولمىغىنىدا ئالمىشىپ
قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. مەن ئاشۇلارنى ئويلىغىنىمدىن ۋە تونۇغىنىمدىن كېيىن ئۇنىڭ
تاتۇقلىرى ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈزەللىكنى بېسىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، بىر ھېسابتا ئۇنىڭ
ئادەم ئەقلىنى يوقاتقۇدەك چىرايى ئۈچۈن «كۆز تېگىش» تىن ساقلايدىغان تۇمار رولىنى
ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، ئۇنىڭ چىرايىدىنمۇ ئون
ھەسسە، يۈز ھەسسە گۈزەل قەلبىنى كۆرەلمىگىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنى ئەيىبلىدىم. كۆز ئال-
دىمدا ئۇنىڭ سىيماسى بارغانسېرى ئېگىزلەپ مەن كۆرەلمىگۇدەك دەرىجىدە يۈكسەكلىشىپ،
مەن بولسام بارغانسېرى كىچىكلەپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. چۈنكى، ئۇ يۈز ئاچقۇسى
بولماي تۇرۇپلا كېتىشكە ئىجازەت سورىغانىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن ئۇنىڭغا تۆپىلەپ
زەربە بەرگەن، قوپال مۇئامىلە قىلغانىدىم. مەن ئەتىدىن - كەچكىچە قاپىقىمنى ئاچماي،
ئۇنىڭغا يېقىنلاشماي ئۆزەمنى قىيناش بىلەن تەڭ ئۇنىمۇ قىيناپ ئازابلىغانىدىم. ئۇنىڭ
قەلبىگە جاراھەت سېلىپ بۇرۇقتۇم قىلىۋەتكەنىدىم. ئۇ ھازىر تېخى مېنىڭ يېنىمدا
تۇرۇۋاتقىنىدا پەيدا بولغان ھاڭنى تولدۇرۇشقا بولامدىكىن؟ ... شۇلارنى خىيال قىلغىنىمدا،
مەن ئۇنىڭ مەلۇم بولغان مىجەزىگە ئاساسەن «ھاڭ بولمايدۇ» دېگەن خۇلاسىگە كەلسەم
بولىدىغاندەك تۇيۇلدى. ئۇنىڭ قەلبى توغرۇلۇق ئويلاۋېرىپ ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكنىڭ
مەن كۆرگەن، مۆلچەرلىگەن، ئەمەلىيەتتىمۇ دەڭسەپ سىناپ باققاندىن كۆپ يۈكسەك
ئىكەنلىكى بىلىندى. ئۇنىڭ تاتۇقلىرىمۇ گىل سۈركەلگەن ئۆچكە تېرىسىدەك ئەمەس،
ئۇنىڭغا ھۆسن، جازىبە بېرىدىغان ئالاھىدە گىرىم بولۇپ كۆرۈندى...

ئۇ، ئادىتى بويىچە ئەتىگەنلىك، چۈشلۈك تاماقنى تەييارلاپ، مەن چىقمىغاندىن
كېيىن ئۆيگە ئەپكىرىپ تومپوچكا ئۈستىگە قويۇپ قويغانىدى. ئالدىنقى ئاخشىمى
كۆپ ئىچىۋەتكەنلىكىنىڭ ئۈستىگە چېكىش خىياللار، روھىي قالايمىقانچىلىقلارنىڭ تەسىرىدە
ئىشتىيىم بوغۇلۇپ كېلىمدىن ھېچنەرسە ئۆتمىدى. كەچكە يېقىن پىكرى ئازادلىق، روھىي
ئەركىنلىك مېنى يەڭگىللەتتى. مەن ئەمدى پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان مەنىۋى كۆتۈرەڭگۈ-
لۈك بىلەن مەھبۇبەم ئالدىغا چىقتىم. مەن مەھبۇبەمنىڭ خۇپتەن نامىزى ئاياقلاشقىچە

كۆتتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا كىردىم. ئۇ مېنى قارشى ئالدىغانلىقىنى ياكى قارشى ئالمايدىغانلىقىنى بىرەر ئىپادە بىلەن بىلدۈرمىدى. مەن ئالدىرىماي بېرىپ ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ، كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزى ياش پەردىسى لىغىلداپ تۇرغانلىقتىن تۇتۇق كۆرۈندىمۇ ياكى مېنىڭ كۆزۈم تۇتۇقمۇ، ئەيتاۋۇر ھېچنەرسە ئېنىق، روشەن جۇلالىمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇ، مەن تويدىن ئىلگىرى كۆرگەن قىياپىسىدە گەۋدىلەندى. «مېنى كېچۈرۈڭ،—دېدىم ئۈنۈم بوغۇلغان ھالدا،—مېنى ھېلىقى بىر ئاخشىمىدەك ياخشى كۆرۈشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن...» ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلىرى تاراملاپ، دومىلاپ چۈشتى. ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «رەھمەت سىزگە... ھېچكەپ بولغىنى يوققۇ... نېمىلا بولمىسۇن، سىز مېنى كەتكۈزۈۋەتمىدىڭىز...» دېگىنىچە ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى، ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلايتتى، مامۇقتەك يۇمشاق بارماقلىرى بىلەن چېچىمنى، گەدىنىمنى، بوينۇمنى سىلايتتى. مەن قاندىلىق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنى يىغىدىن توسۇش كېرەكلىكىنى چۈشەنسەممۇ، ئەمەلىيەتتە، ھېچنېمە قىلالمىدىم. ئۇمۇ ئاۋازىنى چىقارماسلىققا تىرىشسىمۇ ئۆزىنى تۇتالمايۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنى بوزلىغاندەك، توكۇپ كەتكەنلەرنىڭ ئۈنىدەك چىقاتتى. ئۇ مېنىڭ كەچۈرمەسلىك تۇغرىسىدىكى ئۆتۈنۈشلىرىمگە «رەھمەت، ئۆمرۈم بويى رەھمەت...» دەپلا جاۋاب بېرەتتى...

— تۈگىدى، — كامىل كۈلۈمسىرەپ قاراپ جاۋغىيىنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن ئېتىپ قويدى، — ئاڭلىشىمچە، دوستۇمنىڭ خوتۇنى شۇنداق ماھىر ھۈنەرۋەن ئىكەنلىكى. بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئۆيى يىراق - يىراقتىن ھەتتا چەت ئەللىكلەر ئارىسىدىمۇ ئىزلەپ كېلىدىغان كىشىلەرنىڭ زىيارەتگاھى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ دوپپىلىرىنىڭ، كەشتىلىرىنىڭ، رەشلىيەلىرىنىڭ نۇسخىسىنى كۆرەرمىش، سۈرەتكە ئېلىپ كېتەرمىش. قېنى، قۇي ھارىقىڭنى!

مەن بوتۇلكىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭدا قالغان ھاراق يېرىم رومكىغىمۇ توشمايتتى. كامىل ئۈچۈن شۇمۇ ئۇششۇقلۇق قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ بوتۇلكىنى ساقتىۋاتقىنىمنى سېزىپ قېلىپ شىرەنىڭ ئارتىمىسىدىن يەنە بىر بوتۇلكا «ئەرگوتۇ» نى ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىۋەتتى. مەن توشقۇزالمىغان رومكىنى ئېلىپ ئۆزى قۇيدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن بوتۇلكىنى ئېلىۋېلىپ ئاغزىنى ئېتىپ قويدۇم.

— ئۆزەڭگىمۇ قۇي! — بۇيرۇدى ئۇ تەلەپچانلىق بىلەن، — مەن بۈگۈن سەن بىلەن ئۇلپەتلىشىپ ئولتۇرغىنىمدىن ئۈچۈن خۇشالمەن. كۆرۈشمىگىلى شۇنچە يىللار بوپتۇ. ئۆزەم ئۈستىدىن ۋە ئەتراپىمدىكى مۇھىتتىن بۇنچىۋالا نۇرغۇن گەپ - سۆزلەر يىغىلىپ قالغانلىقىنى سەزمىگەن ئىكەنمەن، باياتىندىن بېرى نېمىلەرنى دەپ كاسىلداپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن، لېكىن، دوستۇم ئىشەنگىنكى، سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسى راست. سەن مېنى مەس بولۇپ قالدى، قىلغان گېپىنىڭ تۇتامى يوق دەپ قالما. ئەگەر مېنى مەس دېيىشكە توغرا كەلسە ھاراقتىن ئەمەس، ئاشۇ سەرگۈزەشتىلەرنى ئەسلەشتىن مەس بولدۇم. قېنى، ئىچەيلى!

— خوشە! — مەن بىر كۆتۈرۈشتە يېرىمىنى تۈگەتتىم. — يادىڭىزدا بارمىكىن، سەن بىر

چاغدا «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە...» دېگەن ئىدىڭ. دوستۇڭدا سادىر بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى نېمە دەپ چۈشەندۈرىسەن؟ ئۇنى سەن ئىزدەپ يۈرۈپ ئەھۋالىشىپ چۈشىنىپسەنغۇ؟

مېنىڭ بۇنداق سورىشىمدا گۇمانىم بار ئىدى. كامىل ناھايىتى بېرىلىپ سۆزلىگەن بۇ «دوستۇم» ئۇنىڭ ئۆزىمكىن دەپ ئويلايتتىم. مېنىڭ سوئالىمغا ئۇ دۇدۇقلاپ لېكىن ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەردى:

ــ مەن ھېلىمۇ... گۈزەللىك ... ئىزدىمە، ئۇ سەندە ... دەپ چۈشىنىمەن ... دوستۇڭنىڭ قەلبىنىمۇ ... ئۆزەڭدە بار گۈزەللىك بىلەنلا چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلەيسەن...

بۇ مېنىڭ گۇمانىمنى ئاقلىيالمايتتى. مەن قولۇمدىكى چوكىنى قويدۇم ـ دە، ئۇنىڭدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ سورىماقچى بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم. مېنىڭ كۆرگىنىم ئۇنىڭ مەسلىك ھالىتى ئىدى. ئۇ قولىدا ئۆرۈلگەن رومكىنى چىڭ سىقىمداپ، بېشىنى شىرەنىڭ بۇرجىكىگە قويغىنىچە ئۇخلاپ قالغانىدى. ئېغىر پۇشۇلداشلىرى ئارىسىدا بىرەر ـ بىر غىڭشىغاندەك ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى.

ھاراق مېنىڭمۇ بېشىمنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىغان. شۇنداقتىمۇ، مەن ئۇنى ـ بۇنى ئىلغا قىلالايتتىم. ئەڭ مۇھىمى، بۈگۈنكى سۆھبەت كامىلنى مەس قىلىپ قويغىنىغا ئىشىنەتتىم. ئۇنى بىر ئاماللاپ كارىۋاتقا ياتقۇزدۇم. چاپىنىنى بىلەن پەتىنكىسىنى سالدۇرۇپ، تۈرمەكلىنىپ يىغىپ قويۇلغان يوتقاننى ئۈستىگە يېپىپ قويدۇم. سائەت بەش يېرىم بولدى، دېرىزىدىن ئاستا ـ ئاستا تاڭدىن بەلگە بېرىپ يورۇق كېرىشكە باشلىدى. مەن يەنە يېرىم سائەت ئولتۇرۇپ قايتىپ كەتمەكچى بولدۇم.

بۈگۈن كېچىلىك سۆھبەت مېنى ھاياجانلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇخلاپ قالغان مەس دوستۇمنى تۈنجى قېتىم چۈشىنىۋاتقانلىقىمدا گەپ يوق، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھېلىقى قىممەتلىك گۈزەل ئەسىرىگە ھەسەت قىلىپ باسۇرۇۋەتكىنىم ئۈچۈنمۇ چىداپ بولمايدىغان ۋىجدان ئازابى تارتتىم. مەن ئۆز رومكامغا تولدۇرۇپ ھاراق قويدۇم، كامىلنى دوراپ بىر كۆتۈرۈشتىلا بىكار قىلدىم ۋە شۇنداق قىلىشقا ئۆگەنمىگەنلىكىمدىن قاقىلىپ، يۆتىلىپ دېمىمنى ئالالماي قالدىم.

كۆزۈم يۆلەكلىك تۇرغان رەسىمگە چۈشتى، مەن بۇ ئۆيگە دەسلەپ كىرگەندىلا ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغان بۇ گۈزەل رەسىم ئەمدىلىكتە مېنى پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىپ قويغانىدى. كامىل بۇ رەسىمنى «پىروتوتىپ» دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى يالغان دېمەيتتىم. ئۇ سۆزلەپ بەرگەن «دوستى» نىڭ بۇ ئايالى ھەقىقەتەن رەسىمنى سىزغۇدەك ئالىيجاناب ئىدى. ئۇنىڭ سىرتقى گۈزەللىكىگە ۋىجدانلىق، سەمىمىيلىكى قوشۇپ ئىپادىلەنگەنلىكىدىن رەسىم تېخىمۇ جەلپ قىلارلىق بولۇپ كەتكەنىدى. مېنىڭ، بۇ ئايال توغرىسىدىكى ۋەقەلەرنى ئاڭلىمىغان چېغىمدا ئالغان رەسىم تەسىراتىغا قارىغاندا، ھازىرقى تەسىراتىم تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە لەززەتلىك ئىدى. بىراق، كامىل ئۆزى بىۋاسىتە تەسىرلەنمەي، ۋاسىتىلىك تەسىرلىنىش بىلەنلا «ھاياتنى قۇرۇۋاتقان ئايال...» نى سىزىپ چىقالامدۇ؟ بۇنىسى خېلىلا مۇجمەل ئىدى. مېنىڭ مۇشۇنداق ئويلىشىمنى رەسىمنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى

ئېخى پۈتمىگەن بۆلىكى تەستىقلاپ تۇراتتى. مېنىڭچە، رەسىمدىكى ئايال دوپپا تىكىسىمۇ، كەشتە تىكىسىمۇ ئىپادىلەنگەن مەركىزىي ئېمىغا نۇقسان يەتمىگەن بولار ئىدى. رەسىم ئىشلەشتىكى بىرمۇنچە تەجرىبىلىرىنى سۆزلەپ بەرگەن كامىل ئايالنى كەشتە ياكى دوپپا تىكىش يولى بىلەنلا ھاياتنى قۇرغۇزۇشقا قانائەتلەنمەيتتى. ئۇ ئۆزى ھاياتنى قۇرۇش ئىشىغا قاتنىشىپلا قالماي باشقىلارنى (بۇ يەردە ھېچ بولمىسا ئېرىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ) ھاياتنى قۇرۇشقا ئۈندەۋاتقان، تەشكىللەۋاتقان بىر ئوبرازنى چىقىرىشقا تىرىشىۋاتسا كېرەك ...

مەن كامىلغا قارىدىم. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى ئەقەللىي ئىلمىي ئادەمگە زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇنى شۇنداق تالانتلىق رەسسام دېگەندىن كۆرە هاراقكەش پىيەنچۇك دېسە كىملا بولمىسۇن ئىشىنىشى مۇمكىن. مەن ئۆزەم شۇغۇللىنىۋاتقان يېزىقچىلىقىمىزدا ئەنە شۇنداق تەسۋىرلەيتتۇق ۋە كىتابخانلارنى شۇنىڭغا ئىشىنىشكە مەجبۇر قىلاتتۇق. مۇشۇ مەنەدىن ئېيتقاندا، بىز گۈزەللىكنى ئىزدەپ، بولمىسا سۈنئىي ياساپ يېزىۋەردۇق. ئۇنداقتا كامىلنىڭ ئېيتقىنى يۈزدە - يۈز توغرا بولۇپ چىقىدۇ. «گۈزەللىك ئىزدىمە، ئۇ سەندە...» بۇنى يەنىلا ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە ئىزاھلاشقا توغرا كېلىدۇ. سىرتقى گۈزەللىكنى سىزىش ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال سەندە گۈزەللىك بولۇشى كېرەك...

سىرتتا رادىئو چېلىندى. مەن بىر ۋاراق قەغەزگە قايتقانلىقىمنى، كەچتە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىمنى يېزىپ قويۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. گۈزەل ئايالنىڭ مېھرىبان، ئىللىق چىرايىغا قىياسلىق بىلەن قارىۋالغاندىن كېيىن سىرتقا چىقتىم. يولدا كېتىۋاتقىچە بىردە ئۇنى، بىردە بۇنى خىيال قىلىپ ماڭدىم. ئۆز ياتىقىمغا كېلىپ كىيىممنى سالمايلا ياتتىم-دە، ئۇيقۇغا كەتتىم. چۈشۈمدە پۈتۈنلەي كامىل سۆزلىگەن ۋەقەلەرگە يېڭىباشتىن قاتنىشىپ چىقىپتىمەن...

7 - ساندا تۈزىتىش

| بەت | كالونكا | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| 14 | 2 | — | 8 | راست بولىدى-دە، بولدا | راست بولدا |
| 35 | 2 | 16 | — | تۈگەنچۇ،... | تۈگەنمۇ، ... |
| 47 | — | 14 | 1 | ئۇنى | ئوتى |
| 47 | — | 17 | — | قىزىق بىلەن تۆمۈز، | قىزىق تومۇز، |
| 93 | — | 16 | — | بېشى | يېشى |
| 99 | 1 | 6 | — | بۇيرۇيالايدىغان | بۇرىلالايدىغان |
| 102 | — | — | 6 | ئاددىي | ماددىي |
| 131 | — | — | 1 | (ئاخىرى 158 - بەتتە) | (ئاخىرى 156 - بەتتە) |
| 156 | — | 7 | — | چاققان | چاچقان |

تۇردی سامساق

# ئاقسۇ ئىلھاملىرى

## نۇر ئارىلاپ

ئاقسۇ بويلاپ نۇر تۆكەر قۇياش،
ئاسفالت يولدا ئاپتاپ زىياسى.
پىكاپلارغا بولغان ئاھاڭداش
ئۇنىئالغۇلار نەغمە ـ ناۋاسى.

ئەتراپلاردا ھەيۋەت بىنالار
بوي تالىشىپ كۆتەرگەن قامەت.
ھەر كۆزنەكتىن كۆرۈنەر كۆپلەپ،
ئەۋلادلارنىڭ ئەجرىدىن ئامەت.

نۇر ئارىلاپ باراتتۇق ئىلدام،
سۆھبەت، چاقچاق قىزىپ بەس ـ بەستە.
بېغىشلايتتى ئىجادىي ئىنئام
يېڭىلىقتا چۆمگەن ھەر رەستە.

ئارامى، شاد كېتىپ بارىمىز،
نۇر پاياندار يېپىلغان يولدا.
يۈرەكلەرنىڭ ئاڭلىنار سازى
زامان زوقى كۈچ قوشقان رولدا.

## دوستلۇق بەزمىسى

كەڭ زال تولغان دوستلۇق پەيزىگە،
ھەر تەرەپتە بۇرادەرلەر جەم.
ئۈستەللەردە ئالتۇنرەڭ ئامۇت،
ئۈزۈملەرنىڭ بەھرىدە زەمزەم.

قىزىپ بارار باھار تويىدەك،
گۈزەل زالدا دوستلۇق بەزمىسى.
جان كىرگۈزگەن بۇلبۇل كۈيىدەك
شائىرلارنىڭ ئويناق نەزمىسى.

كۆز چاقنىتار رەڭدار چىراقلار،
شىشىلەردە شادلىق شارابى.
كۆڭۈللەرنى كۈلدۈرەر تەكرار
خاسىيەتلىك تونۇر كاۋاپى.

خۇشچاق ئۆتەر كۆڭۈللۈك كۈنلەر،
كەڭ زال بويلاپ جامائەتلەر جەم.
جۆر بولۇشۇپ شادىيان ئۈنلەر،
ئالقىش ئارا باشلاندى ئەجەم.

## يۈرەك ناخشىسى

ناخشىمۇ بۇ، نۇر دولقۇنىمۇ
كەڭرى زالنى ئارىلاپ ئاققان؛
شوخ ئاۋازى، خۇش خۇلقى بىلەن
ھەر يۈرەككە بىر چىراق ياققان؛
تەكرار ئاتاپ ئۇنىڭ نامىنى،
كۆزلەر شۇيان ئىنتىزار باققان.

ئامانگۈل

ئامانگۈل دېگەن ساز ئۈنلەر
ئاڭلىناتتى ھەرياقتىن شۇ ئان.
سۇمبۇل چاچلىق، قەلەمقاشلىق قىز
كاككۇك كەبى قىلاتتى جەۋلان.
ئىشتىياققا ئىشقىنى ئوراپ،
ئاقسۇ دىياردا چاقنىغان چولپان.

«ئەسمەرەم» نى ئۇرغۇتقاندا ئۇ،
ئىستانبۇلنى ئەسكە سالاتتى.
«مەستۇرە» گە مەرغۇللاتقاندا،
ئەرەب قىزى ھەيران قالاتتى.
«تولۇنئاي» نى تولقۇنلاتسا، بەس،
شائىخەي قىزى چاۋاك چالاتتى.

ناخشىمۇ بۇ، نۇر دولقۇنىمۇ،
گۈزەل زالنى ئارىلاپ ئاققان؛
مىكرافونغا مېھرىنى ئۇلاپ،
ھەر كۆڭۈلگە بىر چىراق ياققان؟
ئامانگۈلسەن، ئامان بول، ئامان،
ناخشىلاردەك نۇرلىنار زامان.

## ئاۋاتتا

شاختىن شەربەت ئاققۇزغان ئۇلار
ئاۋات قىلىپ ئانا يۇرتىنى.
مۇناسىپ نام ئىزلىشىپ ئاخىر
«ئاۋات» قويغان بۇ يۇرت ئېتىنى.

ئاۋات ئەھلى خىسلەتلەرگە باي،
باياشادلىق باغى، بوستانى.
كۆرسەتمەكتە مەردلىكلىرىنى
كۆڭلىدەك كەڭ يايغان داسقانى.

تولدۇرۇشقان، ئارمانسىز ئۇلار
داسقىنىغا خىلمۇخىل نېمەت.
يۇرەكلەرنىڭ سۆيگەن سۆزلىرى:
«دەم غەنىمەت، دىدار غەنىمەت...»

## تەلەي سىناش

تۇخۇم تۇتتى سەھرا گۈزىلى،
تاللىۋالدىم تەلەي سىناشتا.
شاھىت بولۇپ دوستلار كۈلۈشتى،
بىر شەرتكە بىر كېلىشتۇق باشتا.
جۈپ ئىستاكان تۇراتتى قاتار،
بالقىپ ئۇندا رەڭدار مۇسەللەس.
مەيلى مېنى يەڭسەڭ، ئەي دىلدار،
مېھماندوستلىقىڭ ماڭا مۇقەددەس.

## دولان مەشرىپى

داپقا تەڭكەش دولان راۋابى،
چاقچۇق چالار تىۋقسان ياشلىق چال.
قېنى سەن ئەي سەنئەت ئەربابى؟
بۇ قىسمەتنى دەستۇرىڭگە ئال.
ئال ھىممەتلىك جاھاننامەڭگە،
قانالارنىڭ قانغاي تەشناسى.
مەرد يىگىتلەر، مەردانە قىزلار،
كۆر، بۇ يۇرتنىڭ گۈلى - رەناسى.
نەپىس ئۇسسۇل نازاكىتىدىن
نۇر چاقنىتار كۆزى شەھلاسى.
شانى شۇكى، بۇ يۇرت ئەھلىنىڭ
بارچىلىرى سەنئەت شەيداسى.

## مۆلجەر تاغ مەشئەللىرى

ئۆچتۈرپاندا، مۆلجەر تاغدا بىر،
ئاسمان - پەلەك بۈيۈك راۋاقتا.
تۈيۈلاتتى بالقىغان قۇياش،
نۇر چاچقاندەك ئالتۇن تاۋاقتا.
ئاستىدا توققۇز بۇلاق، كۆل،
كۈمۈش كەبى چەشمە فونتانى.
جۇلالىنىپ كۆرۈنەر پۈتكۈل —
ئۆچتۈرپاننىڭ باغۇ - بوستانى.
ئاپپاراتلار...
ئامەتلىك كۆزلەر،
سۈرەتلەرنىڭ سۈرئەتلىرىدە.
كامالىنى تاپاتتى سۆزلەر
چەۋەندازلىق سەنئەتلىرىدە.

## تارىخ ئوغلى

بايدا باھار باشلانغان كۈنلەر،
كۈمۈش كۆلدەك سىماۋى ئاسمان.
چوڭ يول بويى تېرەكلىك دۆڭدە
ئۇخلاپ ياتار ئۇلۇغ بىر ئىنسان.

قەھرىمانلىق قىسسىسى كەبى،
بۇ مەقبەرە كىمنىڭ بىلەمسەن؟
ئۆتكىنىڭدە ھەر بار ئالدىدىن
ھۆرمەت بىلەن سالام بېرەمسەن؟!

بىر ئىنسانكى، تارىخ ئوغلى ئۇ،
ئۆلمەسلەرنىڭ ئۆرنەك، سىماسى.
ساداقەتتە كېپەنلەپ ئۇنى،
ساقلاپ كەلگەن سايرام سەھراسى.

بىل، بۇ قەبرە بۈيۈك بۇزرۇكۋار
بىر ئۇستازنىڭ مۇكەللۇق قەۋرىسى.
موللا مۇسا سايرامى دېگەن،
زامانلارنىڭ تارىخ ئىزچىسى.

## مىڭ ئۆي سۈرەتلىرى

مۆجىزاتلار ماكانىمۇسەن،
ئەي تاغلارنىڭ تىلىسىم جىراسى؟
تاشلىرىڭغا تامغا بېسىلغان،
ئەۋلادلارنىڭ ئۆلمەس مىراسى.
ھەر - بىر سۈرەت گىگانت بىر تارىخ،
ئەجدادلارنىڭ ئۆچمەس ئىمزاسى.

## خوش، ئاقسۇ

خوش، ئاقسۇ، ياخشى قال قەدىناس دىيار،
غەنىمەت پۇرسەتلەر يەنە بولغاي يار.
ياد ئېتىپ قەلەمكەش، قەدىردانلىرىڭ
قەلبىدىن شەنىڭگە شەربەتلەر قۇيار.
قېنى ئال، شۇ رەڭدار قەدەھنى كۆتەر،
دوستلۇقلار شەنىگە جاراڭلىسۇن جام.
قۇياشتەك نۇرلىنىپ، ئۆمۈرلەر ئۆتەر،
ئامەتكە ئۇلپەت بوپ ياشايلى خۇررام.

1986 - يىل، فېۋرال، ئاقسۇ — ئۈرۈمچى.

**نەسرۇللا قارى پەرھەتى**

## زىكرى ئەلپەتتاغا مەرسىيە

بولۇپ ئېغىر كېسەلگە جانۇ-جىسمىڭ مۇپتەلا زىكرى،
تېپىلماي قالدى دەردىڭگە سەۋەب دارۇ-داۋا زىكرى،
چېكىپ زەخمەت، كۆرۈپ كۆلپەت ئۇزاق تارتتىڭ جاپا زىكرى،
ئەجەل يەتكەن ئىكەن جانغا، نىتەي ئاھ ھەسرىتا، زىكرى،
ئېغىر ماتەم چېكىپ سەندىن بولۇپ قالدۇق جۇدا، زىكرى.

ئىشتىكەچ رىھلەتىڭنى① قالمىدى كۆڭلۈمدە بەرداشىم،
ئىچۈك تىنسۇن ئېغىر ماتەم ئىچرە كۆزدىكى ياشىم،
ئىدىڭ بىر جانۇ-جان دوستۇم، قەدىردانىم، قېرىنداشىم،
پىراقىڭدا ئېغىر ھەسرەتكە قالدى ناتاۋان باشىم،
ھەمىشە ئادەتىڭ ئەردى سېنىڭ مېھرۇ-ۋەفا، زىكرى.

گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتىڭ خالايىققا ئىدى مەنزۇر،
سېنىڭدەك مۆتىۋەر سەنئەتچىمىز بار دەپ ئىدۇق مەغرۇر،
ھازادار ئائىلەڭدىن ئالدى غەم-ھەسرەت، ئەلەم ماغدۇر،
دۇتاردا «گىريە»②، «مۇڭزار»③ چېكىپ نالە قىلۇر تەمبۇر،
غەنچەكلەر يىغلىشىپ، نەيمۇ قىلۇر ئۇتلۇق ناۋا، زىكرى.

تۇسۇپ قويدى ئۆلۈم بىزلەرگە بەك شېرىن ۋىسالىڭنى،
مۇيەسسەر بولمىدى نەيلەي كۆرۈشكە نۇر جامالىڭنى،
مۇقامچى تۇردى ئاخۇندەك دېسەم يۈللۇق مىسالىڭنى،
كۆزۈم ھەسرەت ياشى تۆككەي قاچان قىلسام خىيالىڭنى،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە رەسمىڭ تۇرار ھەر دائىما زىكرى.

كېلىپ تەككەچ خازان بادى ھەياتىڭ گۈلى بارىگە،
چىرايلىق قامىتىڭ كىردى قارا تۇپراق كانارىگە،
ئەجەل باقماس ئىكەن ھېچ بىر كىشىنىڭ ئاھۇ-زارىگە،
قوشۇلدۇڭ ئاخىرى بارىپ «قېدىرخان»لار قاتارىگە،
چەۋەر ئامانىساخانلار سەلام بەرگەي ساڭا زىكرى.

---

② رىھلەت: — ۋاپات بولۇش.
② «گىريە» — (يىغلاش) ئۇزۇبېك خەلق ئاھاڭى.
② «مۇڭزار» — ئۇيغۇر خەلق ئاھاڭى.

يېتۈك سەنئەتچىلەرنىڭ جانىجان ئۇستازى ئېردىكسەن،
قولىدا سازى جانلىق، ناخشىدا ئاۋازى ئېردىكسەن،
ئاھاڭ ئىجادچىلەرنىڭ ئۆلگىلىك مۇمتازى ئېردىكسەن،
قەدىرلىك پېشىۋالارنىڭ يېقىن ھەمرازى ئېردىكسەن،
ۋۇجۇدۇڭ بىباھا گەۋھەر كامالەتتە راسا زىكرى.

تىلىڭدىن يا قولۇڭدىن ھېچ كىشىگە يەتمىگەن ئازار،
تامامەن ئەر - ئايالار سەندىن ئېردى تازە مىننەتدار،
تۇتۇپ ئۆزۈڭنى بەك كەمتەر يىغانلىق قىلمادىڭ زىنھار،
مۇغەننىلەر ئىچىدە بارمۇ سەندەك كامىل ئىجادكار،
پۈتۈن چالغۇچىلەرگە پېشىۋا، چوڭ رەھناما زىكرى.

ئېيتاتتۇق جۆر بولۇپ «دۇگاھ»، «بەيات»، «شاھناز» بىلەن «گۆليار»①،
مۇناسىپ بىرلىشەتتى قولىمىزدا تەمبۇرۇ - دۇتار،
قېرىنداشلار ئوقۇپ رەھمەت، بولاتتى تازا مىننەتتار،
ئارامىزدا مۇھەببەت رىشتەسى مەھكەم ئىدى بىسيار،
قاچانكىم ئۇچراشىپ قالساق ئېيتاتتىم مەرھابا زىكرى.

بېرىپ خەلقىڭگە تۆھپە، مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئەسەر قويدۇڭ،
خەلقىڭنىڭ ئېھتىرامىدىن باشىڭگە تاجى زەر قويدۇڭ،
گۈزەل ئىجادىيەتتە قەدرى ئالىي چىن گۆھەر قويدۇڭ،
ئېغىزدىن تەمى كەتمەس مۆتەبەر شېرىن سەمەر قويدۇڭ.
ئىجادىڭ مېۋىلىك چىڭ باغ، مەقالىڭ دىلرەبا زىكرى.

ئىشتىكەن چاغدا ئالەم خەلقى «رۇخسارى» مۇقامىڭنى،
ئالۇر تىلغە كېچە - كۈندۈز سېنىڭ ھۆرمەتتە نامىڭنى،
سېنى تارىخ ئۇنۇتمايدۇ ۋە يۈكسەك ئېھتىرامىڭنى،
نىشانغا يەتكۈزۈرمىز كۆزلىگەن مەقسەد - مەرامىڭنى،
ئەمەلگە ئاشقۇسى بارچە مۇرادۇ - مۇددىئا، زىكرى.

مازارىڭگە بېرىپ ھەر يىل زىيارەتلەر قىلاي مەن ھەم،
بېشىڭدا ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق تىلاۋەتلەر قىلاي مەن ھەم،
مۇنارلىك خاتىرە تىكلەپ ئىمارەتلەر قىلاي مەن ھەم،

① «دۇگاھ»، «بەيات»، «شەھناز»، «گۆليار» — ئۆزبېك خەلق ئاھاڭلىرى.

يېزىپ تارىخىي داستانلىق ھېكايەتلەر قىلاي مەن ھەم،
ئىدىنىڭ نەسرۇللا قارىيگە قەدىردان ئاشنا زىكرى.

قېرىنداش ئۇيغۇر، ئۆزبېكنىڭ گۈزەل، باي سەنئىتى دېسەم،
خاتا بولمايدۇ ئەلبەتتە كۆڭۈللەر پەرھەتى دېسەم،
قۇدە ـ باجە، قەدىردانلىقدە كۆبدۇر بەركەتى دېسەم،
ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق خەلقىمىزنىڭ دەۋلەتى دېسەم،
كۆلەتتىڭ روھلىنىپ «بۇ توغرا سۆز» دەپ مۇتلەقا زىكرى.

1986 - يىل، ئاپرېل، غۇلجا.

تۇردى داۋۇت

## روھى ئەل بىلەن ھايات

(خەلق سەنئەتكارى زىكرى ئەلپەتتانىڭ ۋاپاتىغا بېغىشلايمەن)

سەنئەت ئاسمىنىدىن ئۆچتى بىر يۇلتۇز،
ھۆرلەر تۆكەر ياش،
دىللار پەرىشان.
ئورمانلار سۈكۈتتە ئېگىپ بېشىنى،
گىيالار ماتەمدە
چەكمەكتە پىغان.
تەمبۇرلەر ھەسرەتتە
ئۇنلەيدۇ بۇغ - بۇغ،
دۇتارلار بوتىلاقتەك بوزلايدۇ مۇڭلۇق.

بۇلاقلار،
ئېقىنلار
يىغلار ئۇنى سېغىنىپ،
ئىلمۇ① تولغىنىپ ئاقار قايغۇلۇق.
ھەسرەتا!
بۇ تەقدىر قانداق رەھىمسىز،
ئېپكەتتى ئۇستازنى مەڭگۈگە بىزدىن،
روھى ئۆلمەيدۇ، ئەل بىلەن ھايات،
ئەۋلادلار ئىز بېسىپ بارار ئىزىدىن.

قۇربان ئىمىن

# شېئىرلار

## ئالتۇن ماكان سۈرىتى

ـ تالانتلىق رەسسام غازى ئەھمەت سىزغان «شىنجاڭنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيىسى» سەرلەۋھىلىك تام سۈرەتنى كۆرگەندىن كېيىن ...

كەڭرى بىر مەيدان ئارا باغلاپتۇ دار،
كۆكتە ئارقان بىر ئۇچى يەردە تۇرار.
لاله رەڭلىك تون بىلەن ئۇيغۇر يىگىت
دارغا چىقماقتا، ئۇنىڭدا زور ئۈمىد.

① ئىلى دەرياسى كۆزدە تۇتۇلدۇ.

مەنمۇ قالدىم بۇ ئويۇنغا تەنتەنە،
بۇ دېمەك، خەلققە تونۇشلۇق ئەنئەنە.
قىزدىقى «سارغايدى»نى بىر كۆرگۈلۈك،
ئۈچ پەرىزات بەسلىشىپتۇ كۈلكىلىك.
رەڭگى پىشقان ئالمىدەك، تىنماي ئۇچار،
ئۇ چۈشۈپ گويا ئېگىز كۆكنى قۇچار.
يۇرتىمىز بەرنالىرى، چولپانلىرى،
ئۇچۇشار «سارغايدى»دا چوكانلىرى.
ماۋۇسى، ئاتلىق چەۋەندازلار ئىكەن،
ئۇچۇشار دۇلدۇللىرى شۇنداق بەلەن.
ئېگىشىپ ئالماقتا يەردىن تەڭگىنى،
زەڭ سېلىپ كۆردۈم شۇ باتۇر رەڭگىنى.
بۇ تەرەپ يايلاقتا «ئوغلاق تارتىشش»،
شۇنچە راھەت بۇ ئويۇنغا قاتنىشىش.
مەردنى مەيداندا سىنايدۇ خەلق ئۆزى،
ئىتتىپاق، مەردلىك ئويۇننىڭ مەقسىتى.
«قىزقۇۋار» مۇ بەك كۆڭۈللۈك، بەك قىزىق
بۇ رەسمدە بەرق ئۇرۇپتۇ ئۇستىلىق.
چىنىقىشنىڭ نەچچە تۈرلۈك ئۈلگىسى —
بۇ رەسىم تۇرمۇشنىڭ ئەينەن كۆزگۈسى.
تەسىرات دەرياسىدا ئاقتىم ئۈزۈپ،
يايرىدىم غەۋۋاس كەبى ئۈنچە سۈزۈپ.

## دىلبەرىمگە

رەقىبنى كۈلدۈرۈپ جانان ئەجەپ قىلدىڭ - ئەجەپ قىلدىڭ،
قىلىپ پىنھان جامالىڭنى كۆزۈم ياشىن سەلەپ قىلدىڭ.
كۆرەڭلەپ بوينىنى غازدەك تۇتۇپ ماڭسا رەقىب يولدا
«سەمەندەر ئوتتا يايرايدۇ، ئۆكۈنمە!» دەپ تەلەپ قىلدىڭ.
رەقىب پىتنە - پاسات ئوقياسىنى ئاتسا يۈرەكىمگە
چىدامىلىق، كەڭ قورساقلىقنى ماڭا خىسلەت - ئەدەب قىلدىڭ.
ئۈمىدىم - ئارزۇيۇم ھەم سەن، ئەقىدەم سەن، ھىماتىم سەن،
بېشىمنى سىيلىماي يانتۇ قاراپ بىر پەس «غەزەپ» قىلدىڭ؟
سېنىڭ نۇرۇڭ بىلەن پارلاق مېنىڭ بەختىم، ھايات قەدرىم،
سېنى سۆيمەككە ھەقلىقمەن، سۆيۈشنى شان - شەرەپ قىلدىڭ.
«رەقىبنىڭ كۈلكىسى چاغلىق، — دېدىڭ، — يازدا ئېرىيدۇ مۇز»،
ئەزەلدىن بۇ مۇھەببەتنى ماڭا دەريا - سەلەپ قىلدىڭ.
يەنە ئاۋۋالقىدەك چىڭ تۇت قولۇمنى ئامرىقىم جانان،
شۈكۈركىم ئۇشبۇ قۇربانىنى ھەقىقەت بار تەرەپ قىلدىڭ.

## ئاسمانغا

يامغۇرۇڭ يوق، گۈلدۈرۈڭ بار، ئاجايىپ بىر تاراقلايسەن،
گويا ئاسمان تۈمەنىڭ پارە بولغاندەك قاراسلايسەن،
كىشىگە ھەيۋە قىلماقدەك يېنىپ يالت - يۇلت چاراقلايسەن،
كىگانىت تاغلار سوقۇشقاندەك سېلىپ دەھشەت شاراقلايسەن،
تۇرۇپ تەرىڭنى مۇز ئوخشاش نىچۈن يەرنى مازاقلايسەن؟

ئىرادە، غايىدىن خالى بولۇت پالۋانلىرىڭ باردۇر،
زىرائەت دۈشمىنى — مۆلدۈر، زىيان سالغانلىرىڭ باردۇر،
جاھاننى چاڭغا توشقازغۇچ بوران - قالقانلىرىڭ باردۇر،
تېگىشلىك ۋاقتىدا ياغماي، بىئەپ ياغقانلىرىڭ باردۇر،
ئېرىق - ئۆستەڭگە سۇ كەلسە، تۆكۈپ يامغۇر شاپاشلايسەن.

سېنى تىزگىنلىدۇق ئەمدى، ئۆرە بولماقلىقىڭ يوقتۇر،
جامائەتكە، زىرائەتكە زىيان ئۇرماقلىقىڭ يوقتۇر،
ئىلىم - پەندىن قۇراللاندۇق، توزاق قويماقلىقىڭ يوقتۇر،
توسالدى كەلكۈن - ئاپەتلەر، قېچىپ تۇرماقلىقىڭ يوقتۇر،
قولاق سال سۆزگە سەن ئەمدى، نېمە شۇنچە پالاقلايسەن؟

چىرايلىق قىزغا ئوخشايسەن، يۈزۈڭدىن پەردىنى ئالساڭ،
قۇياش ئالەمگە نۇر چاچسا، يېقىملىق سازنى سەن چالساڭ،
چېچەك - مۇنچاقنى باغلاردا ئۇسسۇلغا، ناخشىغا تارتساڭ،
خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشلۇق، ھوسۇلغا مول ھوسۇل قاتساڭ،
پۈتۈن خەلقلەر ھوزۇرلانسا، كۈلۈپ سەنمۇ قاقاقلايسەن.

**ئابدۇللا سۇلايمان**

## جۈپ - جۈپ

سەھەردە چۈشتى تاغدىن بۇغا - مارال،
بۇلاقتا سۇ ئىچكىلى بولۇپ جۈپ - جۈپ.
بۈركۈتلەر شىكار ئۈچۈن تىك قىيادىن
شۇڭغۇدى نۇر ئىچىگە، ئۇچۇپ جۈپ - جۈپ.

قونۇشتى جىلغىدىكى قارىياغاچقا،
ئاشۇ دەم بىر توپ قۇشقاچ كېلىپ جۈپ - جۈپ.
قوتاندىن چىقتى مەرەپ قوزا - ئوغلاق،
ياپ - يېشىل يايلاقتا يول ئېلىپ جۈپ - جۈپ.

قولىدا يېپەك قامچا قىز - يىگىتنىڭ،
ئات سېلىپ مال كەينىدىن كېلەر جۈپ - جۈپ.
قالسىمۇ ئاۋۇلدا پالۋان ئاتا،
ئۇلار ئۆز يېنىدا دەپ بىلەر، جۈپ - جۈپ.

ئېگىزدە سوزۇلغان يول، پەستە دەريا،
يىراقتا كېتەر ئۈپۈق بويلاپ جۈپ - جۈپ.
دەريادا ئۈزەر يەلكەن، يولدا كارۋان،
كىشىلەر ئۆتەر ئارزۇ ئويلاپ، جۈپ - جۈپ.

ئىلكىدە سەھەرنىڭ بۇ گۈزەل زېمىن،
شۇ تاپتا قار يېپىنغان تاغلار جۈپ - جۈپ.
گۈل - چېچەك دۇنياسىدۇر ۋادىلارمۇ،
بىرىگە بىرى تۇتاش باغلار جۈپ - جۈپ.

چىن سۆيگۈ ۋىسالىغا قانال ھەممە،
بۇ سۆيگۈ دىلنى دىلغا چاتار جۈپ - جۈپ.
ئېھ! گۈزەل، شوخ ھاياتلىق تاڭ سەھەرگە،
مۇھەببەت دەريا كەبى ئاقار جۈپ - جۈپ.

## سېرىنگۈل سىرىمىزنى قىلدى ئايان

ياز كېلىپ باغلار ھۆسنى تولدى كۆلگە،
ھەر ئاخشام قىلدۇق ئۇندا خۇشال سەيلى.
كۆكاتلىق چىغىر يولدا قول تۇتۇشتۇق،
مەن مەجنۇن ئىدىم، ئۆزەڭ گۈزەل لەيلى.

سېرىنگۈل تۈۋى ئىدى مەنزىلىمىز،
سۆھبەتكە تېما ياشلىق، ئارزۇ، ۋىسال.
گاھىدا پىچىرلاشاق قۇلاق يېقىپ،
كۈلەتتى ئۈستىمىزدە نۇرلۇق ھىلال.

ئۆتتىكىن قانچە ئايدىڭ ئاخشاملىرى،
بىر كۈنى سەھەر باردىم باغقا يالغۇز.
ياپراقلار چېلىپ چاۋاك قارشى ئالدى،
سۇ تەلەپ قىلدى سەبدە، ئەترە، يالپۇز.

ئەگىشىپ ئۇيناق چەشمە شاۋقۇنىغا،
شۇ سېرىنگۈل تۈۋىگە كېلىپ قالدىم.
ئۇنىڭ غول - ياپراقلىرى، غۇنچىسىگە
قارىدىم، سېنى ئەسكە ئېلىپ قالدىم.

پىچىرلاپ ئېيتقان تالاي سۆزىمىزنى،
غۇنچىلار قىلدى ماڭا قايتا بايان.
غولىغا چىرماشقان شاخ - نوتىلىرى،
ئاخشاملار شادلىقىنى قىلدى ئايان.

ئاڭلاساڭ سىرىنىڭ ئايان بولغىنىنى،
بىلمەن، ئويۇلسەن يەرگە بېقىپ،
ئويالما، ئاڭا سۆيگۈ ئۆگەتتۇق بىز،
ياشنىسۇن گۈلى غولغا كۆكرەك يېقىپ.

جېلىلى

## غەزەللەر

1

كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن دىيارىڭدىن كەچمىگىن،
بەختىڭ كۈلۈپ ياشنىغان ناھارىڭدىن كەچمىگىن.

باغدا گۈللەر ئېچىلغان، خۇش پۇراقلار چېچىلغان،
بۇلبۇل كۈيلەپ قانمىغان باھارىڭدىن كەچمىگىن.

ئۆزەڭ تىككەن كۆچەتنىڭ بەكمۇ شېرىن مېۋىسى،
ئۈزۈم، ئەنجۈر، ئالما ۋە ئانارىڭدىن كەچمىگىن.

مۇقاملارغا جۆر بولۇپ مەشرەپلەرگە جان بەرگەن،
دىلىڭ سۆيگەن داپ، راۋاپ، ساتارىڭدىن كەچمىگىن.

كونىلىققا ئوت ئېچىپ، ئىجاد قىلدىڭ يېڭىنى،
ئېلىم ئاتلىق گۈزەلىڭ — نىگارىڭدىن كەچمىگىن.

پەللە ئېشىپ مەردانە چوققىلارغا ئۆرلىدىڭ،
سېنى جەۋلان قىلدۇرغان تۇلپارىڭدىن كەچمىگىن.

دېدىڭ: «تەقدىم بارلىقىم ۋەتەن ئۈچۈن، ئەل ئۈچۈن!»
دوستلىرىڭنىڭ ئۈمىدى: قارارىڭدىن كەچمىگىن.

2

ئىشىڭ تاپقاي راۋاج، دوستۇم، جاپانى چىن ھوزۇر بىلسەڭ،
ئۆتەر راھەت - پاراغەتتە ھاياتىڭ شاد، پۇزۇر، بىلسەڭ.

قىلىپ جۈرئەت بىلەن پەرۋاز قۇچارسەن كۆللى ئاسماننى،
نىيەت - مەقسەتتە ھەر دائىم ئۆزەڭنى ئەلگە جۆر بىلسەڭ.

غازاتتا قان تۆكۈپ ئەجداد ئانا تۇپراققا جان بەرگەن،
بېسىپ ئىز روھىنى كۆلدۈر، ئۇنى سەن قۇت، غۇرۇر بىلسەڭ.

ئۈمىد ئادەمنى يەتكۈزگەي نىشانغا — ھۆر كېلەچەككە،
ئۈمىد بىرلە ياشا، ئۆرلە، گۈزەل ئىقبالنى نۇر بىلسەڭ.

جۇلالاپ مەنىلىك ئۆتكەي سېنىڭ ياشلىق باھار پەسلىڭ،
قەدىرلەپ بىباھا، ئۈچقۇر ۋاقىتنى خۇددى دۇر بىلسەڭ.

دەۋرنىڭ پويىزى ئۇقتەك تىنىمسىز ئالغا ئۇچماقتا،
ئۇنىڭغا جان نىسار ئەيلە ئۆزەڭنى بىر موتور بىلسەڭ.

دېسەڭ نۇرانە بەختىمنى زەپەر - شان گۈلگە پۈركەي،
ئىجاد - مېھنەت دىيارىدا كۈرەش قىل بىر ئۆمۈر، بىلسەڭ.

3

دىلىمدا ئانا يۇرتۇمنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشتىياقى بار،
لاۋۇلداپ ماگىمدەك خۇددى يېنىپ تۇرغان پىراقى بار.

ئانا يۇرتۇم گۈزەل باغدۇر، سىماسىدىن خىجىل جەننەت،
ئۇنىڭدا تىلنى چاك ئەتكۈچ ئانار، ئەنجۈر، مۇناقى... بار.

شېخىدا گۈل - چىمەنلەرنىڭ ئازاد بۇلبۇل قىلۇر خەندە،
دىماقنى مەس قىلىپ مەيدەك چېچىلغان خۇش پۇراقى بار.

ياساندى توز كەبى يۇرتۇم، قېلىشماس ئۇز شەھەرلەردىن،
چاراقلاپ تۈننى يورۇتقان كۈمۈش نۇرلۇق چىراقى بار.

چۈمۈلدى بۇ ئانا يۇرتۇم زەپەر، شادلىق بۇلاقىغا،
دېھقانلار چېھرىدە گويا ئەتىرگۈلنىڭ سىياقى بار.

يېڭى بەيگىگە ئات سالدى بۈگۈن شىددەت بىلەن يۇرتۇم،
ئاڭا كاتىپى تارىخنىڭ يېزىپ بەرگەن ساۋاقى بار.

4

ئىشلە، دوستۇم، ئەل ئىشىنى ئەڭ ئۇلۇغ خىزمەت بىلىپ،
ئەل ئۈچۈن چەككەن جاپانى زور شەرەپ، راھەت بىلىپ.

تاپشۇرۇپ خەلقىڭ ۋەزىپە بۇيرۇسا نەگە سېنى،
بەلنى باغلاپ بار شۇيەرگە، سەن ئۇنى ئامەت بىلىپ.

تاشتا گۈل ئۈندۈر تەرىڭدىن، چۆلدە باغ بولسۇن بىنا،
ئەل ئۈمىدىنى ئۆزەڭگە بىھىساب قۇۋۋەت بىلىپ.

ۋاقىت گويا ئۇچقۇر قېيىقتەك ئالدىراپ ئۆتمەكتە تېز،
سەن ئۇنى چىڭ تۇت داۋاملىق بىباھا - قىممەت بىلىپ.

«ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك»تۇر، ئەلنى سۆي ھەم ئەلگە كۆي،
«ئەر غېمى ئەلدە» دېگەن ماقالنى چىن ھېكمەت بىلىپ.

«ئەلگە ياقىقان خار ئەمەس»تۇر، بۇنى ئەستە ساقلا چىڭ،
ئايىما ئەلدىن كۈچۈڭنى، ئەلنى قۇت - دۆلەت بىلىپ.

بۈك - باراقسان ياشنىغاي ئۆمرۈڭ چىنارى مەڭگۈگە،
بارچە شائىر كۈيلىگەي تۆھپەڭنى شان - شۆھرەت بىلىپ.

## پەرۋانە قوشىقى

كىچىككىنە جانىۋار مەن،
ئىسمىم مېنىڭ پەرۋانە.
تالماس پەقەت قانىتىم،
قىلسام ئىنىماي جەۋلانە.

بولسا نەدە ئوت، شۇئان
ئەتراپىدا پەيدا مەن.

چۈرگىلەيمەن توختىماي،
نۇرنى سۆيۈپ هامانە.
ئوت باغرىنى قۇچىمەن،
بولۇپ قەيسەر مەردانە.

نۇر ئىشقىدا مەجنۇنمەن،
نۇر بىلەن هەل تىلىكىم.
نۇرنى كۆرسەم كۆڭلۈم ـ تۇن،
ياشناپ كېتەر يۈرىكىم.

كۆيۈپ كەتسەم رازىمەن
ئوتقا تاشلاپ تېنىمنى.
بەختىم دەيمەن نۇر ئۈچۈن
قۇربان قىلسام جېنىمنى.

شۇ سەۋەبتىن بىر ئۆمۈر
نۇرغا ئامراق ـ شەيدا مەن.

**تەلئەت ناسىرى**

# ئۈچ شېئىر

### ئەگەردە...

مۇشت تەگسە باشقا،
كۆزدىن ئوت چاقنىتىپ،
ئاغرىقى بىر مەهەل كەتمەس تەندىن.
سۆز تەكسە دىلغا،

پېتىپ جانغا،
ئۇنىڭ دەرد ـ ئەلىمى
ئۆمۈرلۈك چىقماس ئەستىن.

### سوئال

سوئال
ئۇ، هەرىكەت ئاچقۇچى،
مېڭىدە سوئال بولمىسا،
ئادەمنى غەپلەت بېسىپ،
تاشتەك قېتىپ،
ئەقلى قاچقۇسى.
سوراش،
بىلىش،

ئىنتىلىش
سوئالدىن كېلىدۇ.
نېمىشقا؟
نېمە ئۈچۈن؟
دېگەن سۆزلەر
ئىزدىنىش چۆلىدە
پىكىر بۇلىقىنى ئاچىدۇ.

## شائىر ۋە شېئىر

شائىر،
شېئىر
رەڭداش ھەم تەڭداش،
بىر - بىرىگە
مەھلىيا - ئاشىق.
شائىر شېئىرنى يوقتىن بار قىلسا،
شېئىر شائىرغا يازىدۇ تارىخ.

شېئىردا سىر يوق،
شائىردا سېھىر.
بىراق،
ئىلھامنى ئەسىر قىلالماس
بولسىمۇ ئىنسان ھەممىگە قادىر.
بولمىسا تالانت، ئىجتىھات ئەگەر
شائىرمۇ ھەقىقىي بولالماس شائىر.

شائىرلىق مەنسەپ ئەمەس
دەۋران سۈرگىلى،
ھۈنەر ئەمەس ئۆگىنىۋالغىلى.

ئۇنىڭ كىتابى يوق
يادلاپ ئالغۇدەك،
مەكتىپى يوق
دېپلوم بەرگىلى.

بەزىلەر شېئىردىن
نام - شۆھرەتنى كۆزلەيدۇ.
بىراق، شېئىر
چىن شائىرنى ئىزلەيدۇ.
دېمەك،
شائىرمۇ بولىدۇ ئىككى خىل،
ھەر ئىككىسى يازىدۇ شېئىر:
بىرى،
ئەل سۆيگەن شائىر،
ھېسسىياتى قايناق؛
بىرى،
ئۆزىچە شائىر،
قىلىقى ئاخماق.

**مەھمۇت زەيدى**

## چولپان ھامان چاقنايدۇ

(ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خاتىرىسىگە)

يۈز ياشقا يەتمىگى تەس كىشى ئۆمرى؛
بىراق
چەكسىز سوزۇلار كىشىلىك دەۋرى.
قىسمەت شۇنداق كەلدى، قىسقا
ئۆمۈرلۈك —
شائىرسەن،
مەڭگۈلۈك خەلقىم غورۇرى!
ھاياتسەن،
ئويغاقسەن، بىز بىلەن بىللە،

جەڭگىۋار ئىرادەڭ، نىشانەڭ روشەن.
سەپەردە نەۋقىران، يېڭىلمەس تۇغ سەن،
قىيىن - قىستاقلارغا قىلمىغان پىسەنت!

قەلبىڭ چوغ،
ئويلىدىڭ ئەلنى ھەر نەپەس.
دۈشمەنگە قەھرىڭ ئوق،
قەددىڭ زەبەردەس.
سەن دېدىڭ:

«ھەممىدىن ۋەتەن مۇقەددەس،
ۋەتەنسىز كىشىگە دۇنيا تار قەپەس.»
شۇڭا سەن چەت ئەلدە يۈرگەن چاغدىمۇ
ۋەتەن ھەم خەلقىڭگە بولدۇڭ ھەمنەپەس!
سەن سۆيگەن ئازادلىق،
سەن سۆيگەن ۋەتەن،
سەن سۆيگەن يوقسۇلنىڭ گۈل ئاچتى بەختى.
سەن سۆيگەن، ياراتقان جەڭگىۋار ناخشا
جور بولۇپ تارىمنىڭ شاۋقۇنلىرىغا،
خۇاڭخې، چاڭجىياڭغا قوشۇلۇپ ئاقتى.
سەن كۈتكەن، سېغىنغان تاڭ نۇرى بىلەن
ئېلىمدا جانلاندى جىمىكى ھايات.
سەن سۆيگەن، كۈيلىگەن ئۇلۇغ لېنىننىڭ
تەلىمى پىرلەرگە بولدى كۈچ - قانات.

ئېھ، شائىر،
سەن ئىدىڭ ئەل بىلەن بىر دىل،
ئەل بىلەن ھەرقاچان نىشانەڭ ئورتاق.
گۈللەرگە كۆمۈلدى سەن يۈرگەن يوللار،
ھەتتاكى قۇملۇقتا يۇلغۇن ۋە يانتاق...

شائىرغا ئۆلۈم يات،
ئۇ ياشار مەڭگۈ،
ئۆچمەيدۇ تارىختىن شەرىپى - شانى!
چۈنكى ئۇنىڭ قەلبى ئەلگە قەلبداش،
ئادالەت - ھەقىقەت ئاڭا چىن يولداش،
شۇڭا چەكسىز ئۇنىڭ ئۆمۈر مىزانى!

كىشى ئۆمرى چەكلىك
ۋە لېكىن ئىنسان —
ياخشى ئىشى بىلەن مەڭگۈ ياشايدۇ.
سەن بولغاچ خەلقىڭنىڭ پىداكار ئوغلى،
جەڭگىۋار شائىرى، ۋاپادار ئوغلى،
سېنىڭ نامىڭ بىزنىڭ دىللاردا
پارلاق يۇلتۇز بولۇپ مەڭگۈ چاقنايدۇ.

## باتۇرلارنى ئۇنۇتماس تارىخ

قالار شائىرنىڭ شېئىرى — ئەجرى،
يۈرەكتىن چىققان ئېلىگە مېھرى.
باتۇرلار قېنىدىن ئۈنەر گۈل - چېچەك،
ياشايدۇ ئەل بىلەن ئۇنىڭ ھەر قەترى.

ئۇنتۇلدى دېمە، ئۇنتۇلمايدۇ ھېچ،
ئەسلىنىپ تۇرار بۇ ئۇزۇن تارىخ.
تارىختا ئۆتكەن باتۇرلار نامىن
خاتىرىلەپ تۇرار بۇ ئۆلمەس خەلق.

مەرتلەر قەلبىگە دۇنيا سىغىدۇ،
ئويلاپ ئولتۇرماس ئۇلار ئۆزىنى.
ئۇلارنىڭ قەلبىدە ۋەتەن ۋە خەلق،
كۆزلەيدۇ ئۇلار تاڭ يۇلتۇزىنى.

بىلسەڭ بۇ ھايات قايناق بىر دېڭىز،
سەن دولقۇنلارنى يېرىپ ئۈزگۈچى.
ھايات دېگەندە ئەل ئۈچۈن ئۈزگەن —
كىشى بولالايدۇ دەۋر سۈرگۈچى.

ئىزدىمىز ئۆچمەس، كېلەر ئىز بېسىپ —
كەلگۈسى ئەۋلاد باراۋان چېلىپ،
تېخىمۇ نۇرلۇق يورۇتار يولنى
بىز ياققان چىراقتىن گۈلخانلار يېقىپ.

## ئۈمىد نوتىسى

باھاردا بىخ سۈرگەن ئۈمىد نوتىسى
مېۋە ئىستىكىدە گۈلگە پۈركىنەر.
قۇياش تەپتى بىلەن گۈللەپ غۇنچىسى،
ئاچچىق غورىسىدىن ھەسەل تۆكۈلەر.

بەئەينى دەرەخكە ئوخشايدۇ ئۈمىد،
ئانا يەر باغرىدىن كۈچ ئېپ گۈللىگەن.
دالادا قار - يامغۇر كۆكسىگە سىڭىپ،
ھەر تاڭدا شىۋىرلاپ بەختىن كۈيلىگەن.

تۇرسۇنجان ئەمەت

# ئىشتىھالىق كېسەل

(ھېكايە)

1

ئىبلاخۇن مەخسۇمنىڭ ھەججى مۇبارەككە سەپەر قىلىش مۇددىئاسى مەھەللە جامائەت ئىچىدە ئاشكارا بولغاندىن كېيىن، باشتا خېلىلا غۇلغۇلا قوزغاپ، ئاخىرىدا ئاستا - ئاستا پەسكويغا چۈشۈپ قالدى.

بۇ ئۇلۇغ مۇددىئانى مەخسۇم ئۆزى ئاشكارا قىلغانىدى. بىر جۈمە كۈنى نامىزدىن كېيىن مەخسۇم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئادەتتىكىدىن باشقىچەرەك ئاۋازدا:

— مۆھتەرەم جامائەت، خۇدا ئىرادە قىلغان بولسا، ئالدىمىزدىكى قۇربان ھېيت نامىزىنى ھەججى مۇبارەكتە ئۆتەشنى نىيەت قىلىپ تۇرىمەن، ھەر بىرلىرىگە ئۇزۇن يىل ئىمامەتچىلىك قىلغان بولساممۇ، ئۆز بويىنۇمدىكى خۇدانىڭ قەرزىنى ئادا قىلالمىدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن جامائەتنىڭ كۆپىنىڭ قاتارىدا دۇئادا ياد ئېتىپ تۇرۇشىنى سورايمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۈگۈندىن كېيىنكى جامائەتنىڭ نامىزىنى جانابى ئابلىز قارىمنىڭ ئادا قىلىپ تۇرۇشىغا ھاۋالە قىلىمەن، — دېدى.



ناماز ئەھلى باشتا بۇ سۆزدىن ھەيران بولۇشۇپ، تېڭىرقاپ قېلىشتى. كېيىن، مەخسۇمنى بۇ ئۇلۇغ نىيىتى ئۈچۈن تەبرىكلەشتى. مەخسۇم تىترەك ئاۋاز بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— خۇدا سەپىرىمگە ئاسانلىق بېرىپ ئەرپات زىيارىتىنى ئاسان قىلىش ئۈچۈن...

مەخسۇمنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، يانچۇقىغا قولىنى سالغاندا، چانقىدا لىغىلداپ تۇرغان ياش تامچىلىرى مەگزىنى سۆيۈپ، ئاپئاق ساقىلىدا توختاپ قالدى. شۇ چاغدا، مېھراب يېنىدىن

«ئامىن!» دېگەن قاتتىق ئاۋاز كۆتۈرۈلۈشى بىلەن پۈتۈن مەسچىت ئىچى ھاۋا گۈلدۈر- لىگەتتەك لەرزىگە كېلىپ، مەخسۇمغا ئامانلىق تىلەش باشلىنىپ كەتتى ... دۇئادىن كېيىن مەخسۇم بەشۋاق نامازدا بىللە بولغان جامائەتتىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك پەرىشان ھالەتتە مەسچىت دەرۋازىسىدىن چىققاندا، سىرتتا ساقلاپ تۇرغان جامائەت ئۇنى ئارىغا ئېلىپ، مۇبارەك قولىنى چىڭ سىقىپ ئۇزىتىپ قېلىشتى. مۇنداق قىزغىن ئىلتىپاتتىن مەخ- سۇمنىڭ يۈرەكلىرى سۆيۈنۈپ كەتتى.

مەخسۇمنىڭ ھەرەمگە بېرىش خەۋىرى بىردەمدىلا يىراق- يېقىنغا پۇركەتتى. ھەرەمگە بېرىپ ھاجى بولۇش — شەھەرنىڭ چېتىگە جايلاشقان بۇ كەنت ئۈچۈن خېلى چوڭ غۇلغۇلا بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. بولۇپمۇ چوڭلار ئۆز مەھەللىسىدىن بىر ئادەمنىڭ يەنە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ ئىمامىنىڭ مەدىنە مۇبارەككە بېرىپ ھەج قىلىشىدىن ئالاھىدە ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىپ: «ئېلاخۇن مەخسۇم ھەرەمگە سەپەر قىلىدىغان بولۇپ قالدى. خۇدا ئۇ كىشىنى ئارمىنىغا يەتكۈز- گەي» دېيىشسە؛ ئاياللار مەخسۇمنىڭ بالا- چاقىلىرىنى كۆرگەندە: «مەخسۇم دادامنى ھەرەمگە بارىدىغان بولدى، دەپ ئاڭلىدۇق. نېسىپ قىلسا، ھەرەمنىڭ كەشمىرلىرىدىن ئارتارمىز» دېيىشەتتى.

## 2

ئۆزىنىڭ قۇتلۇق سەپىرىنى جامائەتكە ئېلان قىلغان ئاشۇ جۈمە كۈنىدىن باشلاپ، ئېلاخۇن مەخسۇم مەسچىتكە شالاڭ چىقىدىغان بولۇپ قالدى. مەسچىت بولسا ئابلىز قارىمنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى بىلەن ئاۋاتلىشىپ تۇرماقتا ئىدى. مەخسۇمنىڭ يوقلۇقى پەقەت ئەمر- مەرۇپ قىلىنىدىغان ۋاقىتدىلا چېنىپ قالغىنى بولمىسا، جامائەت ئابلىز قارىمغا ئۈگىنىپ قالغانىدى. ئارىدىن بىر نەچچەكۈن ئۆتكەندە جامائەت يېڭىدىن - يېڭى مىش - مىش گەپ- لەرنى ئاڭلىشىپ، باشقىدىن جانلىنىپ قېلىشتى. قۇلاقتىن - قۇلاققا يەتكۈزۈلىۋاتقان گەپنىڭ ئۇرانى — مەخسۇمنىڭ مۇبارەك سەپىرىنىڭ يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مانا ھازىرمۇ قارىمنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇپ چىققان مەھەللە جامائىتىدىن تۆت كىشى بايىلا ئاڭلاشقان خەۋەردىن كېيىن، يېڭى ئىمامنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇدۇل ئېلاخۇن مەخسۇمنىڭ ئۆيىگە قاراپ كېلىش- مەكتە ئىدى.

ئىمامىلىقنى قولغا ئالغاندىن بېرى، ئۆزىنى خېلىلا تاراشلاپ ئالغان يېڭى ئىمام ئۈزۈن چاپانغا ئەپچىل ئورۇلۇپ، نېمىدۇر بىر ئىشنى خىيال قىلغان ھالدا، قولىنى قوۋۇش- تۇرۇپ، يەرنىڭ قوۋۇرغىسىنى سۇنۇپ كەتمە- سۇن دېگەندەك ئاۋايلاپ دەسسەپ ماڭماقتا، ئىمامنىڭ ئوڭ يېنىدا مەھەللىدىكى ھەممە ئىشقا تەڭ ئارىلىشىدىغان شالاڭ ساقال، يوغان كۆز، مەسچىتنىڭ ئايىقى يەڭگىل ئىشتىراكچىلىرىدىن بولغان ئەيسىراخۇن، سول يېنىدا ياغاق يۈز، ياپما قاپاق بارات مەزىن، ئۇلارغا سوڭدىشىپلا توختاخۇن ئىسمىلىك نامازخانمۇ بىرگە كەلمەكتە ئىدى. يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە تۇساتتىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەن ئەيسىراخۇن ئىمامنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىنى تارتىپ توختاتتى ۋە بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ:

— قارىم، ئۆزى ... بىر ئىشنى سىلى بىلەن ئەقىللىشىپ كۆرەي دېگەنىدىم. بىراق تەقسىرنىڭ رەۋى قانداقلىقىنى

بىلەلمەي ئېغىزىمدىن چىقىرالمايۋاتىمەن، — دېدى.

— خوش، خوش! نېمە ئىش ئىدى ئۇ ئەيسىراخۇن؟

ئەيسىراخۇن بېشىنى قاشلىغان قولى بىلەن شالاڭ ساقىلىنى سىيپىۋالغاندىن كېيىن، سىڭايان ماڭىناچ سۆزگە ئېغىز ئاچتى:

— ئۆزلىرىگە مەلۇم قارىم، مەخسۇمكام بولسا مەھەللىمىزنىڭ پېشىۋاسى، مەسچىتىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىمامى، شۇنداقمۇ قارىم؟

— شۇنداق، شۇنداق، ئەيسىراخۇن. — دېدى ئىمام ئۇنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنىڭ تېگىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ئۆزلىرىگە مەلۇم قارىم، هالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، مەخسۇمكام ئۇلۇغ بىر سەپەر ئۈستىدە بولۇپ قالغاچقا، ھەر بىرلىرىمىزنىڭ ئاق يول تىلەپ ئۇزىتىپ قويۇش قەرزىمىز بار. ئۇنداق ئەمەسمۇ يا، قارىم؟

— بەرھەق شۇنداق!

— بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ئىمامەتچىلىكنىڭ مانچە خو بۇغداي، مانچە خو گۈرۈچ دېگەندەك مەئىشەتلىرى بولىدىغان، ھازىر بولسا ئۇنداق قائىدە - يوسۇنلار يوق. ئۆزلىرىگە مەلۇم قارىم، قائىدە - يوسۇن بولمىغىنى بىلەن بىزدەك خۇدانىڭ بەندىلىرى ھازىر - دە، شۇڭا مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم...

— خوش، سىلىنىڭ دېمەكچى بولغانلىرى نېمىكىن، ئەيسىراخۇن؟! — ئەيسىراخۇننىڭ ئەزمىلىكىدىن زېرىككەن قارىمنىڭ ئاۋازى سەل قوپاللىراق چىقىپ كەتتى.

— ئۆزلىرىگە مەلۇم قارىم، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، مەخسۇمكام ھەرەمگە ماڭسا ھەر بىرىمىزنىڭ قۇرۇقتىن - قۇرۇق خوش دېيىشىمىز نومۇس. شۇڭا، جامائەتكە دەپ، ئاز - تولا بىر نەرسە يىغىپ، مەخسۇمكامنىڭ ئالدىغا: بۇ جامائەتنىڭ كۆڭلىكەن، دەپ قويساقمىكىن دېمەكچىمەن، — ئەيسىراخۇن ئۆزىنىڭ خۇدانى شىپى كەلتۈرۈپ، ئەمىر - مەرۇپلارنى قىستۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مۇددىئاسىنىڭ يېڭى ئىمامغا قىلغان تەسىرىنى بايقىماقچى بولغاندەك، قولى بىلەن گەجگىسىنى تاتىلاپ قارىمغا تىكىلدى.

— بۇ ئويلىرى بەكمۇ ئاقىلانە بولغان ئىكەن، ئەيسىراخۇن، — دېدى بازات مەزىن ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتقان قارىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — لېكىن بىز جامائەتتىن تېخى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدىلا مەسچىتنى رېمونت قىلىمىز، دەپ بىر نەرسە يىغدۇق. ئەمدى، مەخسۇمكامنى ھەرەمگە يولغا سالىمىز دېسەك، ئەيسىراخۇن، ئاران يىغىلغان جامائەتنى تېزدىنۋالمايلى يەنە!

— ئەيسىراخۇن، — دېدى باياتىن بېرى خېلى بىر نېمىلەرنى ئويلاشقا ئۈلگۈرگەن يېڭى ئىمام سۆزگە ئېغىز ئېچىپ:

ھەرەمگە ئۆزىنىڭ قۇدرىتى يەتكەندە بېرىش دۇرۇس، دېگەن گەپ بار. بۇنى مەخسۇمكاممۇ ئوبدان بىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەرەمگە بارىمەن دەپ كىشىلەردىن پېتىر - سەدىقە ئاپتۇ، دېگەن ئاتاقتا قېلىشىنى ئۇ زاتىمۇ ئۆز شەرىپىگە لايىق كۆرمەسلىكى مۇمكىن، شۇنداق ئەمەسمۇ يا، مەزىن ئاخۇنۇم؟

— شۇنداق، شۇنداق، ئىمام ئاخۇنۇم، دېگەنلىرى بەرھەق سۆز، — دېدى بازات مەزىن ئالدىراپ.

— دېگەنلىرىدەك دۇرۇس قارىم، ئەممازە، ئۆزلىرىگە مەلۇم، «ئىمام - مەزىننىڭ قەرزى جامائەتنىڭ بويىنىدا» دېگەن گەپ بار. مېنىڭچە، جامائەتكە مەقسەتنى ئېنىق چۈشەندۈرسەكلا، ھەممە جان دەپ رازى بولۇر-

مىكىن، — دېدى ئەيسىراخۇن چوڭ چېكىش
مەسىلىنى ھەل قىلغاندەك كۆزلىرىنى ئوينىتىپ
تۇرۇپ، — ھېلىقى مەسچىتنى رېمونت قىلدۇ-
رىمىز دېگەن پۇلغا ئازراقلا بىر نەرسە قوشساق
ئىككى مىڭ كويدەك بىر نېمە بولۇپ قالىدى-
كەن. شۇنى بولسىمۇ مەخسۇمكامنىڭ ئالدىغا
قويۇپ، ماۋۇ جامائەتنىڭ قىلغىنى، دەپ
تۇتساق، بۇمۇ مەھەللىمىزنىڭ شان- شۆھرىتى
ئەمەسمۇ؟

«ئىمام - مەزىننىڭ قەرزى جامائەتنىڭ
بوينىدا» دېگەن سۆز مەزىن ئاخۇنۇمنىڭ
ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى. ئابلىز قارىم بولسا
ئازراقلا قوشۇلسا ئىككى مىڭ سوم بولىدى-
غاننىڭ كەينىنى ئاڭلاپ شېرىن خىيالغا غەرق
بولغانىدى. ئەيسىراخۇن قارىمنىڭ ھېچنېمىنى
ئۇققىلى بولمايدىغان ھېسسىياتسىز چىرايىغا
قاراپ تۇراتتى. ئۇلار خېلىغىچە جىمجىت

مېڭىشقاندىن كېيىن، جىمىلىقنى نامازخان
توختاخۇن بۇزدى:

— مەسچىتىمىزنىڭ كونىراپ كەتكەنلى-
كىنى جامائىتىمىز ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەچكە
بۇ ئىئانە پۇلنى توپلىغانىدى. ئەمدى مەخ-
سۇمكامنىڭ ھەج سەپىرىگە مېڭىشى بىلەن
مەسچىت رېمونتسىز قالىدىغان بولدى - دە، —
دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھسىنىپ تۇرۇپ.

— بۇنىڭدىن غەم يېمىسىلىمۇ بولىدۇ،
توختاخۇن، — دېدى ئەيسىراخۇن ئۇنىڭ سۆزى
تۈگىشىگىلا ئالدىراپ.

— مەسچىتىمىزنى «مەن رېمونت قىلى-
دۇرۇپ قوياي» دەۋاتقان بايۋەچچىدىن
نەچچىسى ئۆچرەت ساقلاپ تۇرۇپتۇ. شۇلارنىڭ
بىرسىگە «ھايت»لا دېسەك، مەخسۇمكام ھاجىم
بولۇپ كەلگۈچە مەسچىتمۇ يېڭىلىنىپ قالىدۇ
دېسىلە، تېخى. ھى ... ھى ... ھى ...

3

ھەر قانداق مۇسۇلمان بەندىسىگە
ئوخشاش ئېلاخۇن مەخسۇمنىڭمۇ ھەج
مۇبارەككە ئۆمرىدە بىر قېتىم بولسىمۇ بېرىپ
كېلىش ئارزۇسى بار ئىدى. مۇشۇ شېرىن -
ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئۆمرىدىكى
ساناقسىز سەھەرلەردە كۆزىدىن ئىسسىق ياش
ئاققۇزۇپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ تىلىگەن
بولسىمۇ، تەقدىر - نەسىپنىڭ كارى بولماي
ساقاللىرىغا ئاق كىرگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ
مەخسۇم بۇ ئارزۇسىنى يەنە بىر كۈنمۇ
ئۇنتۇپ قالماي، ھەر بىر نامىزىدا تىلەپ
تۇردى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ تىلىكى ئىجاۋەت
بولۇپ، ئارزۇسى ئەمەلگە ئېشىش ئالدىدا
تۇرماقتا ئىدى. «بەندە تەلەپ قىلدۇ، ئىگىسى
سەۋەب قىلدۇ» دېگەندەك، مەخسۇمكامنىڭ
تەلىپىنىڭ ئىجاۋەت بولۇشىمۇ بىر تاسادىپى
ئۈچرىشىشتىن ھەل بولغانىدى.

بىر كۈنى قوشنىسىنىڭكىگە ھەرەمدىن
تۇققانلىرى كەلدى. مېھمانلارغا سېلىنغان
داستىخانغا مەخسۇممۇ چاقىرىلغانىدى. ئەزىز
مېھمانلار ئىخلاسمەن مەخسۇم بىلەن بولغان
سۆھبەتتە ئۇنىڭ ئارزۇسىدىن تەسىرلىنىپ،
قايتقاندىن كېيىن، مەخسۇمنىڭ ھەج قىلىش
رۇخسەت قەغىزىنى ئەۋەتىپ بېرىشكە پۈتۈن
كۈچى بىلەن ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى ۋەدە
قىلىشتى.

راست دېگەندەك، مېھمانلار كېتىپ
ئازغىنا كەم ئىككى ئايدىن كېيىن، ھەج
قىلىش قەغىزىنى ئەۋەتىپ، مەخسۇمنىڭ
دۇئاسىنى ئېلىشتى. شۇندىن كېيىن مەخسۇم
ئۆز زىممىسىدىكى ئىمامىلىق ۋەزىپىسىنى
ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن
سەپەر تەييارلىقىغا كىرىشتى. پۇلنى دوست
تۇتمايدىغان مەخسۇمنىڭ بىساتىدىن ھېچنەرسە

چىقمىدى. شۇنچە ئۇزۇن سەپەر ئۈچۈن پۇل لازىم ئىدى. شۇڭا، ئېلاخۇن مەخسۇم ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا ھازىر قىلىپ، ھەر بىرىنىڭ ئىككى مىڭ سومدىن پۇل ھازىرلاپ بېرىشىنى بۇيرۇدى، كۈنلىرى سېرىقتال ئۆتۈۋاتقان ئوغۇللىرى ئۈچۈن ئىككى مىڭ سوم خېلىلا چىڭ يەردىن چىقىدىغان نەرسە بولغاچقا، باشتا ئۇلار گاڭگىراپ قېلىشتى. ئەمما ئېغىز يېرىپ قارشىلىق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى پۇل سورىغۇچى بىردىن - بىر دادا، يەنە كېلىپ بۇ پۇل باشقا ئىشقا ئەمەس، ئۇلۇغ ھەج سەپىرىگە سەرپ قىلىناتتى.

چوڭ ئوغۇل ئابلەي قارى ئايالىنىڭ قاقشاپ - يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي، ئائىلىسىنىڭ بىردىن - بىر بىساتى بولغان ئىككى پارچە گىلەم، بىر كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى سېتىپ بىر مىڭ تۆت يۈز سوم تەييارلاپ بەردى.

ئوتتۇرانچى ئوغۇل ئابدۇراخمان ئۇياق - بۇياقتا شۇنچە يۈگۈرۈپ باققان بولسىمۇ، ئۆتنە بېرىدىغان بىرەر ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن، ئاش-تۈزىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان نەسىللىك كالىسى بىلەن ئوغلىنىڭ خەتنە تويىغا ئاتاپ بېقىۋاتقان ئىككى قويىنى ئازغىنا كەم ئىككى مىڭ سومغا ساتتى.

كىچىك ئوغۇل ئابلىكىم بالىلىرى ئۇششاق، قولى قىسقا بولسىمۇ، دادىسىنىڭ ئۇلۇغ سەپەر ئالدىدىكى دۇئاسىنى ئېلىش مۇددىئاسى بىلەن، تاش چىشلەپ يۈرۈپ يىققان ئىككى يۈز سوم پۇلىنى دادىسىنىڭ ئالدىغا قويغاندا، پۇلى يۈزىگە ئېتىلىپ، ئاتا-بالىلىقتىن ۋاز كېچىپ، دەرۋازىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشقا سەۋەب بولدى.

مەخسۇم بالىلىرى كېتىپ، ئالدىغا قويۇلغان پۇللارنى يەنە بىر رەت ساناپ چىققاندىن كېيىن، تۆردىكى تۆگە ساندۇقنىڭ شادا قۇلۇپىنى خېلىغىچە شاراقلىتىپ يۈرۈپ ئېچىپ، پۇلنى ساندۇق ئىچىگە جايلاشتۇرۇپ قايتىدىن قۇلۇپلاپ، بىر نەچچە رەت سىلكىپ كۆرۈپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، ئورنىغا كېلىپ ياتتى - دە، قولىدىكى تەسۋىيسىنى سېرىپ، قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىتىلدىتىپ ئايەت ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنى ئايەت ئوقۇۋاتىدۇ دېگەندىن كۆرە، ھېلىلا قولىياغلىقتا چېگىلىپ ئورنىنى تاپقان ئىككى كاللەك پۇلنىڭ ھېساباتىنى قىلىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۇنىڭ ئېگىز - پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكىنىڭ ھەرىكىتىدىن مەخسۇمنىڭ شۇ تاپتا ناھايىتىمۇ نازۇك بىر ئىشنى بىر تەرەپ قىلىشتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولاتتى. شۇ ئەسنادا، قۇشناچىم زورىخان بۇۋىم ھۇجرىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ، ئىمام باشلىق جامائەتنىڭ يوقلاپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى.

مەخسۇم ۋاقىتسىز كەلگەن مېھمانلارنى غايىۋانە قاغاپ، پىشايۋانغا چىققاندا، يېڭى ئىمام، مەزىن ۋە ئەيسراخۇنلار قول قوشتۇرۇپ ئېگىلىپ تەزىم قىلىشتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مەخسۇمكا.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. قېنى، قېنى، ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا، — مەخسۇمنىڭ چىرايىدا بايىقى جىددىيلىكتىن قىلچە ئەسەر يوق، خام سېمىز يۈزىدە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

مېھمانلار مەخسۇمنىڭ خاس ھۇجرىسىدا ئەمەس، بەلكى باياتىن قۇشناچىمنىڭ تەييارلاپ قويغان دالاندىكى يېكەندازنىڭ ئۈستىدە قارار تاپقاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئايەت ئوقۇغاندىن كېيىن،

«ئامىن» بىلەن يۈزلىرىنى سىيپىشىپ، مەخسۇم ۋە بۈۋىمدىن ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى.

— سەپەر يېقىن بولغاي مەخسۇمكا، — دېدى ئەيسىراخۇن ئورنىغا جايلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قارىمنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەيلا.

— ئىنشائاللا، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئىشلىرىمىزمۇ يۈرۈشۈپ، تەييارلىقىمىزمۇ ئاسان ھەل بولدى. ئەممازە ... — مەخسۇم گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

— جانابلىرى مۇبارەك سەپەرتەرەددۇتى بىلەن بولغاندىن بۇيان كۆڭلىمىز تولىمۇ پەرىشان، ئەمما مەخسۇمكا، ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، جامائەتمۇ ھەر بىر نامازلىرىدا ئۆزلىرىگە دۇئا قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بىلەن جانابى ئابلىز قارىممۇ لەۋزىلىرىنى يەردە قويماي، جامائەتنىڭ نامىزىنى ئادا قىلىپ بېرىۋاتىدۇ. بىراق ئۆزلىرىگىمۇ مەلۇم، ۋاقتى - ۋاقتىدا ھوزۇرلىرىغا كېلىپ سالام بېرىپ تۇرالمىغانلىقىمىزدىن تولىمۇ خىجىلمىز، — دېدى ئەيسىراخۇن گەجگىسىنى تاتلاپ تۇرۇپ.

ئابلىز قارىم بولسا، شۇنداق، شۇنداق، دېگىنچە بېشىنى لىڭشىتىپ ئولتۇراتتى. ھەسەلدەك تاتلىق، ئۈچەيدەك سىلىق سۆھبەت خېلى داۋاملاشتى. ئېلاخۇن مەخسۇم كەلگەنلەردىن بىرەسىنىڭ ئۆزىنى بايىقى «ئەممازە...» دېگەن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئوبدانراق قىلىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىپ ئولتۇراتتى. ئابلىز قارىم بولسا ئەيسىراخۇننىڭ تەمپىيىپ تۇرغان يانچۇقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي، ئاللىقانداقتۇ بىر «ئايەت» نى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئەيسىراخۇن داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن بۈۋىمنى بىرىنچى بولۇپ كۆرۈپ قالدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزرە خالىق ئېيتتى.

— بولدى - بولدى، بۈۋىم. تولا جۇۋاپ كەتمىسىلە، بىز ھازىر قايتىمىز. بۈگۈن ئۆزى مەخسۇمغا سالام بەرگەچ، جامائەتنىڭ ئازغىنا كۆڭلىنى يەتكۈزۈپ قويۇش ئۈچۈن كىرگەنىدۇق، — ئۇ يانچۇقىنى كولاشتۇرۇپ، بىر تۈگۈنچەكنى ئېلىپ مەخسۇمنىڭ ئالدىدا قويدى.

كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغان قولياغلىق يېشىلىپ، مەخسۇمنىڭ كۆز ئالدىدا پۈتۈن ۋە پارچە ھەر خىل رەڭلىك پۇللار ئايان بولغاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى شۇنچىلىك گۈپۈلدەپ كەتتىكى، ھېلىلا نەپىسى توختاپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرى ماي سالغان چايدەك پارقىراپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى.

— بۇ ... بۇ ... نېمە قىلىشقانلىرى ئەيسىراخۇن، بۇنىڭ ماڭا لازىمى يوقتى ... ھەر قايسىلىرىنىڭ پېقىر خانەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىشلىرىنىڭ ئۆزىمۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئىلتىپات ئىدى، ئۆزى، — دېدى مەخسۇم ئاۋازى بوغۇلغان ھالدا قولياغلىقنى قولىغا ئېلىۋېتىپ.

— لايىقلىرىدا بولمىدى، مەخسۇمكا. — دېدى ئەيسىراخۇن ۋە ئابلىز قارىمغا قاراپ دۇئا قىلىپ بېرىشنى ئۆتۈندى. قارىم گويا خوتەننىڭ شايى - ئەتلەسىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن قولياغلىقنىڭ مەخسۇمنىڭ يانچۇقىغا ئەپچىللىك بىلەن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ ئورنىدا قېتىپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئەيسىراخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىماي قالدىمۇ ياكى ئاڭلىسىمۇ ئوقۇيدىغان ئايىتى ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتىمۇ لېۋىنى يالاپ ئولتۇرغىنىچە ئولتۇرغانىدى. ئاخىرى كۈتۈپ تاقىتى - تاق بولغان ئەيسىراخۇن ئۆزى دۇئانى باشلاپ، يۈزىنى سىيپىدى - دە، ئورنىدىن قوزغالدى.

4

كەچ كىرىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن مەخسۇم ئۆيگە چىراق يېقىلىشى بىلەنلا خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن بېكىتتى - دە، تۆگە ساندۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىز چۆكۈپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ قۇلۇپىغا ئۇزاتقان قولى ئۆزىگە بويسۇنمايتتى. بىر ئاش پىشىم ھەپىلىشىپ، دېمى سىقىپ ھاسىراشقا باشلىغان ئېلاخۇن مەخسۇم، ئىككى تۈگۈنچەكنى ئالدىغا قويۇپ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن پۇللارنى ساناشقا باشلىدى: مىڭ... ئاھ! ئالتە مىڭ! ئالتە مىڭ سوم نەق پۇل! — مەخسۇم ئالدىدىكى پۇلغا قارىدى. شۇ تاپتا بۇ كىچىككىنە بىر دۆۋە پۇل ئۇنىڭغا ئۆز شولىسى بىلەن ئۆيىنى يورۇتۇپ تۇرغان نۇرلۇق ياقۇتتەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. مەخسۇمنىڭ روھى بىسەرەمجانلىقتا چۈشۈپ، كۆزى قاماشتى بولغاي، توختىماي چىملداشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كېچە - كۈندۈز تائەت - ئىبادەت قىلىپ ئىگىسىدىن تەلەپ قىلغان ئۇلۇغ ئارزۇ - تىلىكى شۇ تاپتا خۇددى سوپۇن كۆپىكىدەك ئاستا - ئاستا ئېرىپ تۈگىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىچە بىر تىلەك — ھەجگە بارماسلىقنىڭ بانىسى ئۈستىدە ئىزلىنىش پەيدا بولدى. ئۇ خۇدادىن دەرھال ئۆزىگە ئانچىمۇ ئازاب تارتمايدىغان، ئىشتىھادىن قالمايدىغان يېنىكرەك بىر كېسەل بېرىشنى ئارزۇ قىلىشقا ئۆزگەردى.

كۈنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئالدىراپ ئۆتۈۋاتاتتى. بىرىنىڭ مەخسۇمنىڭ كۆڭلى - قەلبى شادلىقتا چۆمگەن بولسىمۇ رەڭگى - روھىدىن كېسەل ياغدۇرۇشقا تىرىشىپ، شادا قۇلۇپىنى ساقلاپ، تۆگە ساندۇقتا ئىبادەت قىلىش بىلەن كۆكۈللۈك كېتىۋاتاتتى. مەخسۇم ھەرەم ئۈچۈن يېقىلغان مايلىق توقاچ، قورۇما گۆشلەر ۋە بالاچاقىلىرىنىڭ كەلتۈرۈلگەن تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنىڭ كونىراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بىر باشتىن ئېغىز تېگىشكە باشلىغانىدى.

بۇ كۈنلەردە بۇۋىمگە يېڭى بىر خىزمەت ئۆتەشكە توغرا كەلگەنىدى. ئۇ بولسىمۇ، مەخسۇم تاماقتا ئولتۇرغاندا بۇۋىم ھويلىغا چىقىپ تاسادىپ مەخسۇمنى يوقلاپ ئادەم كىرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كۆزەتتە تۇراتتى.

مەخسۇمنىڭ ھەرەمگە مېڭىش ئالدىدا كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلىغان جامائەت تەرەپ - تەرەپتىن يوقلاپ كېلىشىپ، ئاپئاق كۆينەك - ئىشتان كىيىپ يوتقانغا ئورنىۋالغان مەخسۇمغا ئامانلىق تىلەپ ئۇزاپ تۇراتتى. مەخسۇم بولسا خاس ھوجرىدا خەزىنە ساقلاپ، ھەج كۈنلىرىنىڭ بالدۇرراق ئۆتۈپ كېتىشىنى تىلەپ، ئىشتىھالىق كېسەل بولۇپ قالغانىدى.

(«ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلىنىڭ 1986 - يىللىق 2 - سانىدىن ئېلىندى)

ئابلىكىم خېۋىر

## بىزنىڭ قەلبىمىز

تەڭلىكتىن، ئىناقلىقتىن «ھۇررا» توۋلاپ،
دىللارنىڭ رىشتىسىنى چەگدۇق مەھكەم،
ئاپەتنى بىللە يەڭدۇق قول تۇتۇشۇپ،
ئامەتتىن تەڭ بەھرىمەن بولدۇق ھەردەم.

تەقدىرداش، سىرداش بولۇپ ياشاپ كەلدۇق
ۋەتەننىڭ قۇچىقىدا ھەممە مىللەت.
مۇھەببەت، دوستلۇق مۇتلەق، مەڭگۈلۈكتۇر،
ئاڭا داغ تەككۈزەلمەس ھېچبىر ئىللەت.

مۇھەببەت، دىستلۇق مۇتلەق، مەڭگۈلۈكتۇر،
مەڭگۈلۈك بولغىنىدەك بۇ كائىنات.
قەدىم ئۇ، تىرەن يىلتىز تارتقان بىزدە،
يېڭى ئۇ، باھاردىكى تۇنجى كۆكتات.

ئىھ، دوستلۇق، مۇھەببەتتىن تۈزۈلگەن سەپ
بايرىقىڭ گۈزەل ئىقبال — كوممۇنىزم.
قانلارنى قايىنىتىدۇ تومۇرلاردا،
شۇ بايراق دىلغا بېرىپ ئۇتلۇق سېزىم.

ئۇماچقا تويۇنماستىن ئۆتكەنلەردە،
كەچمىدۇق شۇ ئىقبالنىڭ ئىشقىدىن بىز.
گادايلىق ئارتتا قالدى توپا ـ چاڭدەك،
بايراقنى كۆتۈرەيلى مەڭگۈ ئېگىز.

تېخىمۇ گۈزەل كۈنلەر ئالدىمىزدا،
قۇياشتەك چاقناپ تۇرار كەلگۈسىمىز.
قول تۇتۇپ مەنزىل تامان تاشلاپ قەدەم،
مۇرىگە مۈرە تىرەپ يەڭگۈچى بىز.

تېخىمۇ ئىناقلىققا مۇھتاج بۇ ئىش،
كەل، دوستلار، گىرەلەشسۇن قوللىرىمىز.
ئىچەيلى، تەقدىرداشلىق شارابىنى،
تاڭلاردەك يورۇپ كەتسۇن دىللىرىمىز.

مۇھەببەت، دوستلۇق مەڭگۈ يېشىل تۇرسۇن،
تىيانشان قارغىيىدەك كۆكنى تىرەپ.
زېمىننى باغاش ئەتسۇن يىلتىزلىرى،
شاخلىرى تەبىئەتنى ياپسۇن بېزەپ.

(«شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 11 ـ ماي سانىدىن ئېلىندى.)

ئۆمەر قادىر، ئىلھام كېۋىر

# پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش لازىم

— يولداش مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئادەملەر» دېگەن ھېكايىسىگە باھا

رېئال تۇرمۇشنىڭ قايىنىمىغا يۈرەكلىك ھالدا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى بايقىيالايدىغان ۋە بۇ قىممەتلىك نەرسىلەرنى بەدىئىي پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىدا داۋالغۇش پەيدا قىلالايدىغان ئالاھىدە ئىجادىيەت مېتودى ھەر قانداق يازغۇچىغا مەنسۇپ بولۇۋەرمەيدۇ. شۇڭا يازغۇچىدا ھەممىدىن مۇھىمى، بەدىئىي دىت بولۇش لازىم. باشقىلاردىن ئاڭلىغان ياكى ئۆزى كۆرگەن ۋەقەلەرنى قۇراشتۇرۇپ، پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قىزىش ۋە شۇ ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئېچىپ بېرىش تولىمۇ قىيىن. بۇنىڭ ئۈچۈن يازغۇچى كىشىلىك تۇرمۇشنى، ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى بىلىشى ۋە ئۇنىڭغا چوڭقۇرلاپ كىرىشى لازىم. بۇ بىر خىل ئەقىدە، ھاياتنى ئوپېراتسىيە قىلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇل، شۇنداقلا ئىجادىيەتتىكى بىر خىل مەڭگۈلۈك مەجبۇرىيەت.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىجاد قىلىنغان بەزى ھېكايىلەردە ئالاھىدە رەڭدار تۇرمۇش مەنزىرىسى، يۈرەكنى يايرىتىۋېتىدىغان ئىشقى ـ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىسى خېلى ئوبدان يورۇتۇلماقتا. ئۇلاردا باشتىن ـ ئاخىر بىر خىل ناخشا ياڭراپ تۇرىدۇ. بۇ ناخشا گويا تاغ چوققىسىدىن چۈشۈۋاتقان شاقىراتمىدەك جۇشقۇن. بۇ ناخشا سىزنىڭ روھىڭىزدا يېڭىچە بىر مەنىۋى ھاياتنى پەيدا قىلىدۇ. بىز مۇشۇنداق ناخشىنى ياخشى كۆرىمىز. چۈنكى مۇنداق ناخشىلاردا تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپى يورۇتۇپ بېرىلگەن، ئۇلارغا تۇرمۇش پۇرىقى سىڭدۈرۈلگەن، ئۇلاردىن تۇرمۇشنىڭ مەنىۋى ھالىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ناخشىلارنىڭ ئادەم قەلبىدە قالدۇرىدىغان ساداسى مەڭگۈلۈك بولىدۇ. چۈنكى، بۇ ناخشىلارغا جەمئىيەت ئۈچۈنمۇ، ئىنسانلار ئۈچۈنمۇ مۇھىم بولغان كىشىلىك ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشى سىڭىپ كەتكەن. يولداش مۇھەممەت باغراشنىڭ 1985 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاشتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىسى ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇھەممەت باغراشنىڭ «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىسىدە ئاددىي سەپەردىكى يولۇچىلار يېزىلغان بولماستىن، بەلكى

ھايات سەپىرىدىكى يولۇچىلار يېزىلغان. خىلمۇ خىل ئىدىيە ھەم ئېتىقادقا ئىگە بۇ يولۇچىلار بۇ ئاپتوبۇسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ ئاپتوبۇس قارىماققا ئاددىي كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن كارتىنىسىدۇر. سىز ئاپتوبۇس ئىچىدىن پۈتۈن بىر جەمئىيەتنى كۆرەلەيسىز.

كىشىنى قايىل قىلىدىغان يېرى شۇكى، «ئادەملەر» ناملىق ھېكايىدا ئاپتور ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلىكلەر، كونىراپ مەزىسى قالمىغان ئوبرازلار ۋە چىگىش، مۇرەككەپ بولغان پېرسوناژلار تەقدىرىگە بېرىلىپ كەتمىگەن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قارىماققا، كىشىنى بىردىنلا جەلپ قىلىدىغان، ھاياجانلاندۇرىدىغان، ئاسانلا ئىگە بولغىلى بولىدىغان ۋە پەۋقۇلئاددە تېز ئۇنتۇلۇم بېرىدىغان ۋەقەلەرنى قوغلاشماي، ئۆزى ئېرىشمەكچى بولغان نەرسىنى باشقا جەھەتلەردىن ئىزدىگەن. ئۇنداقتا ئۇ نېمىنى تاپقان؟ ئۇ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ھېسسىياتىنى تاپقان، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى يىغا بىلەن كۈلكە، مۇھەببەت بىلەن نەپرەت، سەممىيلىك بىلەن پەسكەشلىك، ئارزۇ - ئارمان ھەم ئىشەنچ بىلەن تېخى ئىزى يۇتۇپ كەتمىگەن جاراھەتنى تاپقان. مۇشۇ نەرسىلەرگە دەۋر تۈسىنى سىڭدۈرۈش ئارقىلىق، خاراكتېرى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پېرسوناژلارنىڭ قەلب دۇنياسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

دەرۋەقە، بىر پارچە ھېكايىدا بىر قانچىلىغان ئوبرازلارنى بىرلا ئورۇنغا ۋە بىرلا ۋاقىتقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ئېچىپ بېرىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى زىددىيەت - توقۇنۇشلار چىگىش ۋە مۇرەككەپ بولىدۇ. تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرمۇ خىلمۇ خىل ۋە رەڭگا رەڭ بولىدۇ. ئاپتور «ئادەملەر» دە چىگىش ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت - توقۇنۇشلىرى ئىچىدىن ئىجتىمائىي زىددىيەت تۈگۈنلىرىنى، ئومۇملاشقا ئىگە پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى ئېچىشقا ياردىمى تېگىدىغان دېتاللارنى تاللاپ، ئەسەرنىڭ تېمىسىنى دەل جايىدا ئېچىپ بەرگەن.

ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئاجايىپ سەنئەتنى قېزىپ چىقىش، قارىماققا ئەرزىمەس تۇيۇلىدىغان ئىشلاردىن تۇرمۇشنىڭ جەزبىدار تەرەپلىرىنى يورۇتۇپ بېرىش ناھايىتى قىيىن، لېكىن ئاپتور مۇشۇنداق جاپالىق يولدا قەتئىي تۈردە ئالغا ئىلگىرىلەپ، قۇم بارخانلىرى بىلەن تولغان يولدىن گۈزەل مۇھىت ئىزلىگەن ۋە ئۇنى تېپىپ چىققان. ئۇ ئۆزىنىڭ مول ۋە ئۆزىگە خاس تۇرمۇش تەسىراتلىرىغا كىشىلىك ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىكتىن رەڭ بېرىپ، كىشىلەرگە بىرنەچچە روھىي دۇنيانىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان ناخشىسىنى ئاڭلاتقان.

مۇنداق بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە سەنئەت ئەمەلىيىتى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ، گوركىينىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى يادىمىزغا سالىدۇ: «سەنئەتكار شۇنداق ئادەمكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ شەخسىي سۇبيېكتىپ تەسىراتىنى پىشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە ئوبيېكتىپ نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا، شۇنىڭدەك ئۆز ئىدىيىسىنى ئۆزىنىڭ شەكلى بويىچە ئىپادىلەشكە ماھىردۇر». مۇھەممەت باغراش دەل ئاشۇنداق قىلغان، «ئادەملەر» ناملىق بۇ ھېكايىمۇ دەل ئاشۇنداق ئادەتتىكى نەرسىلەر ئىچىدىن دۇنياغا كەلگەن. مۇشۇ ئادەتتىكى

نەرسىلەر ئەسەرنىڭ چوڭ ئۇمۇرتقىسىغا ئايلانغان. بۇنىڭ سەۋەبى، تېما ئاپتور تەرىپىدىن شۇنچىلىك دەرىجىدە پىشۇرۇلغانكى، ھەممە نەرسە يولۇچىلارنىڭ دەسلەپكى شەخسى مۇددىئاسى بىلەن ئاخىرىدا قۇم بارخانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش جەريانىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ۋەقەلىك تەرەققىياتى، مۇھىت كەيپىياتى ۋە ئوبرازلارنىڭ بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىكى، ئادەم قەلبىنىڭ لەرزىگە كېلىشى ھەم ئۆزگىرىشى ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن.

ھېكايىدە چىگىش ۋە مۇرەككەپ زىددىيەت توقۇنۇشلىرى ۋە ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلىكلەر ئەمەس، بەلكى ئىسسىق تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە قۇملۇقتا كېتىپ بارغان ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلارنىڭ روھىي كەيپىياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچكى زىددىيەتلىرى يېزىلغان. مۇھىتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە سيۇژېتنىڭ قانات يېيىشى پۈتۈنلەي پېرسوناژ-لارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلدۇرۇلغان بولۇپ، ئاپتور ياشاش شارائىتى، تەربىيىلىنىشى، كېلىپ چىقىشى ۋە سەزگۈزەشتىسى بىر-بىرىگە ئوخشاش بولمىغان ئىشچى-دېھقان، ئازغان ياش، موللا، ھۈنەرۋەن، موماي... ۋە باشقىلار-نىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ كىچىكلىتىلگەن سۈرىتىنى سىزىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان. ئۇنداقتا ئاپتور ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى قانداق قىلىپ ئەمەلگە ئاشۇرالىغان؟ ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن يولۇچىلار ئاپتوبۇسنى تاللىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆزى ئۇزۇندىن بۇيان كۆزىتىپ يۈرگەن، تاللاش ۋە تاللاش باسقۇچىدىن ئۆتكەن كىشىلەرنى مۇشۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بۇ ئاپتوبۇس ئىچىدىكى تۇرمۇش مەنزىرىسىنى يورۇتۇپ بەرگەن. گەرچە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ۋە شەخسلەر ئانچە ئەھمىيەتتى يوقتەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن بىر ئەسەر ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرسىڭ، زەڭ قويىدىغان بولساق، گويا «مۇپاسسان»، «دونداق» ھېكايىسىدە ھەر خىل تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان كىشىلەرنى ئاپەتتىن قېچىپ كېتىۋاتقان ئات ھارۋىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، پروسسىيە-فرانسىيە ئۇرۇشى مەزگىلىدىكى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئەينى قىياپىتىنى سۈرەتلەپ بەرگىنىدەك، مەزكۇر ھېكايىدىمۇ ھازىرقى سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ تۈزۈمدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسى، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ھەر تەرەپلىمىلىك ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئاپتور بىرنەچچە يولۇچىنىڭ سەرگۈزەشتىسىنى ۋە ئەگرى-توقاي تەقدىرىنى ئايرىم-ئايرىم بايان قىلىپ ئولتۇرمىغان. بەلكى ئىجتىمائىي ئۇنۇمى يۇقىرى بولغان نەرسىلەرنىلا تاللىۋېلىپ، شۇ ئاساستا بەدىئىي مۇھىت ۋە خاراكتېر ياراتقان.

جەمئىيەتنى بىلىش، جەمئىيەت ئەخلاقىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن كىشىلىك ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈشكە يۈزلىنىشتىن ئىبارەت مۇشۇ نۇقتا ھېكايىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغان. شوپۇرنىڭ ئاغرىپ قېلىشى، ئىككى قات ئايالنىڭ پۇلىنى يوتتۇرۇپ قويۇشى، ھېيتەك ئىسىملىك يىگىتنىڭ باشقىلارنىڭ سومكىسىدىكى شاپتۇلنى يەۋېلىشى، دىندار موللىنىڭ ئىپپى كەلسىلا باشقىلارغا نەسىھەت قىلىشى، شوپۇرنىڭ بالىسىنىڭ ئاپتوبۇسنى ھەيدىشى، ئىشچىنىڭ يولۇچىلارنى قۇم بارخانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلى-غىنىغا ئوخشاش بىر قاتار ۋەقەلىكلەر ھەر بىر پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىنى باغلايدىغان تۈگۈن. ئەسەردە ھەر بىر كىچىك ۋەقەلىك ئارقىلىق ھەر بىر يولۇچىنىڭ ئۆزگىچە يۇمۇ-

رىستىك خاراكتېرى يارىتىلغان. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە مول ئىجتىمائىي مەزمۇن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ھەم سىرلىق مۇناسىۋەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ، ئۇزاق ئۆتمەي يولۇچىلار ئوتتۇرىسىدا بىر مەيدان بەس - مۇنازىرە قوزغىلىدۇ. يولۇچىلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ياۋا كۈچى ئوتتۇرىسىدىمۇ كەسكىن زىددىيەت كېلىپ چىقىدۇ. ھەدىسىلا قىزىقچىلىق قىلىپ ھەم ئوغرىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان ھېيتەك ئىسىملىك يىگىت نومۇس قىلماستىن دېھقان يولۇچىنىڭ سۆيىتىگە قول سالىدۇ، ئۇنىڭ بۇ خىل بىشەملىكى دېھقانىنىڭ سەپرايىنى ئۆرلىتىدۇ. ئەمما ئاپتور ھېيتەكنى دېھقانىنىڭ بىرنەچچە تال شاپتۇلىنى ئوغرىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتمەيدۇ، يەنى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە يۇيۇپ تۈگىتىۋەتمىسە بولمايدىغان چاڭ - توزاڭ بولغاندىن تاشقىرى، بۇ پاسكىنىچىلىقنى يۇيۇپ تۈگىتەلەيدىغان ئاكتىپ ئامىللارمۇ بارلىقىنى يازىدۇ.

ئاپتوبۇس ئىچىدىكى ھەممە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچرىغان ھېيتەك ئىسىملىك بۇ يىگىت ئاتا تەربىيىسىنى كۆرمىگەن، پەقەت بىر ئاجىز ئانىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ شاللاق خاراكتېرى دېھقانىنىڭ سۆيىتىگە قول ئۇزارتىش بىلەن دەستلەپكى قەدەمدە مەلۇم بولىدۇ. بۇ ۋەقەلىك ئارقىلىق ھېيتەك ئىسىملىك يىگىتنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى يېزىلغان، شۇنىڭدەك ئائىلىنىڭ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى تەسىرى بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئۇنىڭ تەقدىرىگە بولغان مۇئامىلىسى تارىخىي نۇقتىدىن قېزىلغان. ھېيتەك تولىمۇ بىغەم بولۇپ، كۈنى ئۆتسىلا شۇنىڭغا خۇش. شۇڭا ئاپتوبۇستىكى كىشىلەرنىڭ تىل - ھاقارىتىگە ئۇچرىسىمۇ، لېكىن بۇ خىل ھاقارەتكە ئۆزىنىڭ قىزىقچىلىقى بىلەن پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇنىڭ شاللاق خاراكتېرى ئەتراپتىكى يولۇچىلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئاستا - ئاستا يىمىرىلىپ بارىدۇ ۋە ئاخىرىدا بىر پەزىلەت ئىگىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك قىممەتلىك روھ ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىدا شەكىللىنىشكە باشلايدۇ.

ئۇ ئاتىسىدىن كىچىك قېلىپ، بەختسىز ئۇچرىشىپ چوڭ بولۇپ قالغان. ئىشسىزلىق دەردىدىن جەمئىيەتتە ئۆزىگە چىقىش يولى تاپالماي ھەر خىل كوچىلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن ئازغان ياشنىڭ ئوبرازى. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى مۇرەككەپلىكنى ئۇنىڭ ياشاش شارائىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۆز بېشىمچىلىقى ۋە ھېلىگەرلىكى دېھقاننىڭ شاپتۇلىنى ئوغرىلىغىچە يەۋالغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغاندا: «نېمە ئۇنداق سىركە، پىياز ئادەمسىز!... تېرىقنى تېشىپ مېغىزىنى ئالىدىغان ئادەم ئوخشايسىز...» دەپ دېھقانغا مۇرىسىنى چىقىرىپ ھىجايغانلىقىدا كۆرۈلسە، جەمئىيەتتە ئۆزىگە چىقىش يولى تاپالماي، ھەر خىل يامان ئىللەتلەرنى يۇقتۇرۇپ ئالغانلىقى ئاپتوبۇستىكى ئىككى قات ئايالنىڭ پۇلىنى ئوغرىلىۋالغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. ئەگەر ئاپتور ھېيتەكنىڭ يامان ۋە بولمىغۇر تەرىپىنى يېزىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى قەيسەرلىكنىڭ ئالامەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا بۇ يىگىتنىڭ ئوبرازى خۇنۇكلەشكەن، ئەھمىيەتسىز ئوبرازغا ئايلىنىپ قالغان بولاتتى. شۇڭا ئاپتور ھېيتەكنىڭ مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىشتە ئۇنىڭ يامانلىقتىن ياخشىلىققا ئۆزگىرىش جەريانىنى ناھايىتى تەبىئىي ۋە جانلىق يورۇتۇپ بەرگەن. مەسىلەن: ئاپتوبۇس خەتەرگە يولۇقۇپ، ھەممە كىشىلەر ئۈمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىككەندە، ئۇ ھېچبىر ھودۇقماستىن،

مۇنداق سۆزلەرنى قىلىدۇ: «مەن نەگىلا بارسام خەقنىڭ مېنى تىللىغىنىنى، زاڭلىق قىلىپ كۈلگىنىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم... ماڭىمۇ كىشىلەرنىڭ ھاجىتى چۈشىدىغان، مېنىڭمۇ كىشىلەر - گە كېرىكىم بولىدىغان كۈن بولىدىكەن...» شۇنداق قىلىپ ئۇ ئاپتوبۇستىن چۈشىدۇ - دە، دەھشەت سېلىپ قۇتراۋاتقان بوراننىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ ۋە ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا پىسەنت قىلماي، ئاپتوبۇسقا يول باشلاپ مېڭىپ، كىشىلەرنىڭ مۇشۇ چۆل - جەزىرىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلۇپ چىقىشىغا ھەسسە قوشىدۇ.

ئاپتور ھېيتەكنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى ئازغان ياشلارغا ناھايىتى پارلاق ۋە توغرا بولغان بىر يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە مۇشۇ ئارقىلىق سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ كىشىلەرنى تەربىيىلەشتىكى رولىنى ۋە ئۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلىقىنى نامايان قىلىدۇ.

ھېكايىدە تەسۋىرلەنگەن ئىشچىنىڭ خاراكتېرى ئىنتايىن جانلىق ھەم تەسىرلىك بولۇپ، ئۇ ئەمەلىي خىزمەت ئىشلەشكە ماھىر. گەرچە ئۇنىڭ پۇتى ناكا بولسىمۇ، لېكىن ئۇ روھىي جەھەتتە جۇشقۇن، ئۇچۇق - يورۇق، قەيسەر ھەم تىرىشچان، ئۇنىڭ يولۇچىلارنى قۇم بار - خانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشى ۋە ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ بىر تەرەپلىمە - لىك، قاتمال قارىشىغا رەددىيە بېرىپ، شوپۇرنىڭ بالىسىنى ئاپتوبۇسنى ھەيدەشكە دەۋەت قىلىشى ھەرگىزمۇ قۇرۇق شۆھرەت تەمەسىدا قىلىنغان ئىش ئەمەس. ھېكايىنىڭ بىرقانچە يېرىدە، بولۇپمۇ ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ باسقۇچىدا ئىشچىنىڭ قەيسەر ئىرادىسى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىشچىدا ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولغان قەيسەرلىك ۋە ئالغا ئىنتىلىش خىسلىتى بار. ئۇ ئۆز زىممىسىدىكى ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى ئۆتەپ، ئۆز خاراكتېرىگە ماس ھالدا باشقا پېرسوناژلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ساپ روھىي دۇنياسى نامايان بولىدۇ. ئىشچى ھېكايىنىڭ باش قىسمىدا كىشىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى ھېيتەكتەك قوزغاپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ئۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ ئىزچىل قانات يېيىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتوبۇس ئىچىدىكى بەزى ئىشلارنى بېسىقتۇرۇپ ۋە كىشىلەرنى تەشكىللەش جەريانىدا مەركىزىي شەخسكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى دادىللىق ۋە سەممىيلىك ھېيتەك بىلەن دېھقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا چىقىش ئېھتىمالى بولغان بىر قېتىملىق جېدەلنى بېسىقتۇرۇپ، ھېيتەك ئىسمىلىك يىگىتكە «كىشىلەرنىڭ نەرسىسىدە نېمە ھەققىڭ، ئۇكا؟ خاپا بولمىسىلا، دېمەمسەن؟...» دېگەن سۆزلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئىشچىلار سىنىپىغا ھەققىي ۋەكىللىك قىلىدىغان، جاپا ئالدىدا ئەڭ ئاۋۋال كۆكرەك كېرىپ چىقىدىغان، تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان بۇ ئىشچىنىڭ ئوبرازى جانلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان. بىز ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكنى مۇنداق ۋەقەلىك ئارقىلىق ئېنىق كۆ - رۈۋالالايمىز. «ساقىيىپ قالارمەن» دەپ ئويلىغان شوپۇر «ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي»، «كاپۇت ئۈستىگە» بىھوش بولۇپ يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلار «سەللا شامال چىقسا، قۇم سورەپ ئاقىدىغان چۆللۈكتە خەتەرلىك ئەھۋالغا دۇچ كېلىدۇ. قانداق قىلىش كېرەك؟ مانا مۇشۇنداق ھايات - ماماتلىق جىددىي پەيتتە ئىشچى سالامەتلىكىنىڭ ناچار بولۇشىغا قارىماي، ئوتتۇرىغا چىقىپ: «تىنچلىنايلى، قېرىنداشلار، تىنچ - لىنايلى!... ئەھۋالىمىز ئېغىر بولسىمۇ، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، بۇ يەردىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىشىمىزگە ئۈمىد بار... بۇ ئۈمىد — مۇ نۇبالا!...» دەپ، كىشىلەرگە

رولىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان، شوپۇرنىڭ 12 ياشلىق ئوغلىنى كۆرسىتىدۇ، بىراق ئاپتوبۇس
ئىچىدىكى بىر قىسىم يولۇچىلار «...مۇشتەك بالا قانداقمۇ ئاپتوبۇس ھەيدىيەلەيدۇ؟» دەپ
ئىشچىنىڭ پىكرىگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئىشچى ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن
ئەھۋالنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى، سەللا كېچىكسە ئاپتوبۇسنىڭ قۇم بارخانلىرى ئىس-
تىدا قالىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، كىشىلەرنى تەشكىللەيدۇ ۋە بالىنىڭ ماشىنىنى ھەيدىشىگە
ئىلھام بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىدىكى يولۇچىلار ۋە بىھوش بولۇپ قالغان شو-
پۇرمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلىدۇ. ئاپتور مانا شۇنداق ئاددىي، ئەمما ئەھمىيەتلىك
بولغان ۋەقەنى ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەر قانداق چاغدا
ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاممىغا يول باشلاپ ماڭىدىغان ئالىيجاناپ پەزىلىتىنى نامايان قىلىدۇ.
ئەسەردە بىر-بىرى بىلەن چېتىشلىقى بولغان ۋەقەلەر ھەقىقەتەن كۆپ، لېكىن بىزنىڭ كۆز
ئالدىمىزدا يولۇچىلارنىڭ قۇم بارخانلىرىغا قارشى كۈرەش قىلغان چاغدىكى جەڭگىۋارلىقى
ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھېكايىدە ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، مېھرىبانلىقى، مەرتلىكى ۋە كەڭ قورساقلىقى بىلەن
خاراكتېرلىنىپ تۇرىدىغان دېھقان ئوبرازىمۇ بار. ئۇ ئەسەرنىڭ باش قىسمىدا كىشىلەرگە
سېخى ۋە مەرت كۆرۈنمەيدۇ، بىراق ئەسەر ۋەقەلىكىنىڭ تەدرىجى تەرەققىي قىلىشىغا ئەگە-
شىپ، ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۇيغۇر دېھقانلىرىغا خاس بولغان مېھرىبانلىق ۋە كەڭ قورساق-
لىق ئاشكارىلىنىدۇ. مەسىلەن، ھېيتەك ئۇنىڭ شاپتۇلىنى ئوغرىلىقچە يەۋېلىپ، ئۇنى قاخ-
شاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتوبۇس خەتەرگە يولۇققاندا، ئۇ ھېيتەكنىڭ بۇرۇنقى قىلغانلىرىنى
پۈتۈنلەي كۆڭلىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنىڭغا سەممىي مۇناسىۋەتتە بولىدۇ. مانا بۇ سوت-
سىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئاقكۆڭۈل ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى ئەمەس-
مۇ؟ ئۇنىڭ سېخىلىقى ۋە مەرتلىكى ھېكايىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى «...شۇ چاغدا ھېلىقى
دېھقان ئىنجىقلىغىنىچە شاپتۇل قاچىلانغان سېۋەتنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، توپنىڭ ئوتتۇرىغا
قويدى...» دېگەن ئاپتور بايانى ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

دېمەك، ئاپتور بۇ دېھقاننىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە
ياشىغۇچى ئۇيغۇر دېھقانلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى، يەنى ئۇلارنىڭ يۈكسەك ئەخ-
لاقىي-پەزىلىتىنى ۋە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناھايىتى ساپ ۋە پاك ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ھېكايىدا يەنە شوپۇرنىڭ 12 ياشلىق ئوغلىمۇ تەسۋىرلەنگەن. ئۇ
تىرىشچان ۋە جۈرئەتلىك بولۇپ، دادىسى كېسەلگە گىرىپتار بولغاندا، باشقىلارنىڭ سەممىي
ياردىمى ئارقىسىدا دادىسىنىڭ ئىزىدىنى بېسىپ ماشىنىنى ھەيدەيدۇ. ئاخىرىدا نۇرغۇنلىغان
قېيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ تاشلاپ، كىشىلەرنى قۇم بارخانلىرىدىن ساق-سالامەت قۇتقۇ-
زىدۇ، بىز ھېكايىنى ئوقۇپ، ئاپتورنىڭ بۇ كىچىك بالىغا ماشىنا رولىنى تۇتقۇزۇپ قويغان-
لىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدىغان بولساق، جەمئىيىتىمىزدە يېڭى ۋە قابىلىيەتلىك بىر
ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بىخ سۈرۈپ چىقىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىدىنى بېسىپ،
جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز، شۇنداقلا ئاپتورنىڭ
تەرەققىيپەرۋەر ئىدىيىسىنى چۈشىنەلەيمىز.

بۇ ئاپتوبۇستا يەنە بىر موللىمۇ بار. ئۇ ئىشچىنىڭ خاراكتېرى بىلەن روشەن سېلىش-

تۇرما بولالايدۇ. موللا كونىلىقنى جېنىنىڭ بېرىچە قوغدىغۇچى، يېڭىلىققا قارشى تۇرغۇچى شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل تەرسا خاراكتېرى كىشىلەرنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. ئەمما ئۇ ئاپتوبۇستىكى ھەر بىر داۋالغۇشنى بېسىقتۇرۇشتا خېلىلا مۇھىم شەخس بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، كىشىلەر جانىنىڭ قايغۇسىنى قىلىۋاتقاندا، ھېيتەك ئىسمىلىك يىگىت ھېچنېمىدىن غېمى يوق ھالدا ئۆز چاقچىقى بىلەن مەلۇم بولىدۇ. مۇشۇ چاغدا موللا ئۆز خاھىشى بويىچە بۇ يىگىتنى تەنبىھلەيدۇ. قارا قاش چوكان ھەر قېتىم بېشىدىكى ياغلىقنى بويىنىغا چۈشۈرۈپ قويغاندا، يەنە مۇشۇ دىندار موللا ئونتۇرىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا ئىسلام دىنىنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ئەسلىتىپ، نەسىھەت قىلىشنى ئۇنۇتمايدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ موللىنىڭ ئىدىيىسىدە دىنىي ئامىللار بەك قويۇق، ئۇنىڭ بۇ خىل خاراكتېرىنى يېڭى زامان كىشىلىرىنىڭ خاراكتېرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئەيىپلەشكە ئەرزىمەيدۇ بولمايدۇ.

ھېكايىدا يەنە سەل ـ پەل ئالدىراڭغۇ، ئەمما جاپا ـ مۇشەققەتكە چىدامىلىق، ئىمۇمىنىڭ مەنپەئىتىنى جاندەك ئاسرايدىغان شوپۇرنىڭ ئوبرازىمۇ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاق كۆڭۈللىكىنى، سەممىيلىكىنى ئۆزىدە گەۋدىلەندۈرگەن ئىككى قات ئايالنىڭ ئوبرازىمۇ، باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، باشقىلارنىڭ ھالىغا يېتىدىغان دېھقان مومايىنىڭ ئوبرازىمۇ، ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق، قىزىققان، ئەمما توز كۆڭۈل قاراقاش چوكاننىڭ ئوبرازىمۇ يارىتىلغان بولۇپ، ئۇلار ئەسەردە ئۆزلىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغان خاراكتېر ئۆزگىچىلىكى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ.

قىسقىسى، پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىكى ئارقىلىق ئەخلاق خاھىشىنى گەۋدىلەندۈرۈش «ئادەملەر» ھېكايىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاپتورنىڭ پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش جەھەتتە ئاز بولمىغان كۈچ سەرپ قىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم. پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش ئەدەبىي ئەسەرگە ھاياتىي كۈچ بېغىشلايدۇ. چۈنكى قەلب چوڭقۇرلۇقىدا دەۋر تۇيغۇسىمۇ، شەخسنىڭ چەكىش ئىدىيىۋى ھېسسىياتىمۇ كۆمۈلۈپ ياتقان بولىدۇ. مۇشۇ نەرسىلەرنى قازالىغاندىلا، جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش مۇمكىن. پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقى قېزىلمايدىكەن، ئەسەر پارچە ـ پۇرات ۋەقەلەرنىڭ تىزمىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس.

ھېكايىدا پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر سېلىشتۇرۇلمىسى چەك تۇتۇلغان. سېلىشتۇرۇش ئوبراز يارىتىشنىڭ مۇھىم ۋاسىتىسى، سېلىشتۇرما قانچە كۈچلۈك بولسا، پېرسوناژ خاراكتېرى شۇنچە روشەنلىشىدۇ. «ئادەملەر» ھېكايىسىدا سېلىشتۇرۇش ۋاسىتىسى قوللىنىلىپ، ئوبرازلار بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرۈلگەن.

بىز ھېكايىنى ئوقۇپ ئاپتوبۇس ئىچىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىققاندەك بولساق، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ ئارتۇقچە قىستۇرۇلۇپ قالمىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكنىڭ ھەرگىزمۇ چۇۋالچاق ۋە ئۇششاق ـ چۈششەك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلالايمىز.

قىسقىسى، «ئادەملەر» ناملىق بۇ ھېكايە ياش يازغۇچى مۇھەممەت باغراشنىڭ پېرسوناژلارنىڭ قەلب چوڭقۇرلۇقىنى قېزىش جەھەتتە يېڭى پەللىگە يۈرۈش قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ياخشى ئەسەر. بىز يېزىداش مۇھەممەت باغراشنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بەدىئىي قىممىتى يۇقىرى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ يارىتىشىنى چىن كۆڭلىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز.

ئەركىن نۇر

# يېڭى بەدىئىي پىكىر

## —«پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ھەققىدە

لىرىك نەسر يازغۇچىسى ئەخمەت ئىمىننىڭ مەملىكەتلىك 2 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا 2 - دەرىجىلىك مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسرى مەزمۇنىدىن شەكلىگىچە، ئىدىيىۋىلىكىدىن بەدىئىيلىكىگىچە زور ئىجادچانلىق بىلەن يېزىلغان مۇنەۋۋەر ئەسەر.

مەلۇمكى، نەسرىمۇ شېئىرغا ئوخشاشلا باغلانما تەسەۋۋۇر (قوشما تەسەۋۋۇر ياكى باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تەلەپ قىلىدۇ.

باغلانما تەسەۋۋۇر بىر خىل ئوبرازلىق تەپەككۇر پائالىيىتى بولۇپ، ئۇ نەسردە بەدىئىي پىكىر يۈرگۈزۈشنىڭ مۇھىم ئۇسۇلى.

«پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»نىڭ ئاپتورى مانا شۇ ئۇسۇلدىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئەسەرنى گويا قاپارتما نەقىش سەنئىتىگە ئوخشاش سىترولىقتا، يەنى كۆپ تەرەپلىمىلىك، كۆپ قاتلاملىقتا ئىگە قىلغان.

بىز تۆۋەندە بۇ نەسرنىڭ ئەنە شۇنداق گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز.

مەزمۇنى يىغىنچاقلىقتا، شەكلى چاچمىلىقتا ئىگە بولۇش—نەسرنىڭ ئەڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى. بۇ يەردە دېيىلۋاتقان چاچمىلىق ھەرگىزمۇ يازغۇچى خالىسىغا نېمە كەلسە شۇنى يېزىۋېرىشى كېرەك دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى ئۇ نەرسىنىڭ ماتېرىيال ئېلىش دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ، ئەركىن بولىدىغانلىقى، ۋاقىت ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغانلىقى ھەم ئىپادىلەش ئۇسۇلىنىڭ نىسبەتەن ئەركىن، جانلىق بولۇپ، بىر دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. مەزمۇنى يىغىنچاق بولۇش دېگەنلىك، نەسردىكى مەركىزىي ئىدىيىنىڭ ئېنىق ھەم مەركەزلەشكەن بولۇشىنى، يەنى ئۇنىڭغا باشتىن - ئاياغ سىڭدۈرۈلگەن بىر يىپ ئۇچى بولۇشى لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ناملىق نەسردە ئىككى خىل يىپ ئۇچى مەۋجۇت. «مەدھىيە»دە يېزىلغىنى ئادەتتىكى ھەسەل ھەرىلىرى بولسىمۇ، ئاپتور باغلانما تەسەۋۋۇر قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىپ، بۇ ھەسەل ھەرىلىرى بىلەن ئاددىي ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن باغلىنىش بارلىقىنى بايقىغان

ۋە ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ «بىروغا بىھۇدە چېقىلمايدىغان، ياۋۇزنىڭ ئايىقىغا يىقىلمايدىغان»، «ئۆز جامائەسى بىلەن ياشاپ، شۇ جامائە ئۈچۈن قۇربان بولىدىغان، غەرەزسىز ئەمگەك ئەجرى بىلەن ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدىغان»غا ئوخشاش ئېسىل خىسلەتلىرىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ مەدھىيىلىگەن.

دېمەك، ئەسەردە تەسۋىرلەنگىنى نوقۇل ھەسەل ھەرىلىرىلا بولماستىن، بەلكى تېخىمۇ مۇھىمى، باغلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق يارىتىلغان ئاددىي ئەمگەكچىلەر، يەنى پۈتۈن ھاياتىنى ۋەتەن، خەلق ئۈچۈن بېغىشلاپ، ھالال مېھنەت تەرىنى قىلچە ئايىماي تۆكۈۋاتقان، ئەمما ئۆز تۆھپىسى بىلەن نام-نىشانسىز تۈگەپ كېتىدىغان ھەم جەمئىيەتتە كۆزگە ئوڭايلىقچە چېلىقمايدىغان، ئېتىبارغىمۇ ئېلىنىپ كەتمەيدىغان مىڭلىغان-تۈمەن مىڭلىغان ئاددىي ئەمگەكچىلىرىمىزنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازىدۇر.

ئاپتور بۇ ئوبرازنىڭ يارقىنلىقىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدىكى «ھەسەل ھەرىلىرى»نى قىزغىن مۇھەببەت بىلەن كۈيلەپلا قالماستىن، بەلكى باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ يەنە بىر خىلى بولغان سېلىشتۇرما باغلانما تەسەۋۋۇرنىمۇ پايدىلىنىپ، بۇ ھەسەل ھەرىلىرىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپىدە تۇرىدىغان، يەنى «ئىنسانىيەت ئالىمىدىكى مۇھەببەت ئەركىنلىكنى دۇنيا پەرەسلىكنىڭ تورىغا چىرماپ، نامەرتلىكنىڭ زەنجىرىگە باغلاپ بېرىدىغان»، «پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزىنىلا كۆزلەپ، كالىدەك تۇۋلەپ، مەنپەئەت دېسە ئاتا-ئانىسىنىمۇ سېتىۋېتىدىغان»، «ھىممەت ئېتىزىغا پىتنە-پاساتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىپ» ئۆزىنىڭ ئازغىنە «تۆھپىسى» ئۈچۈن «قوم ئۈستىگە مىننەت مۇنارىسىنى تىكلەيدىغان مەخلۇقلار»نى سېلىشتۇرۇپ، ئۇلارنى كۈچلۈك نەپرەت بىلەن تەنقىد قىلىدۇ.

مانا بۇ ئەسەردە كۆزگە ئېنىق تاشلىنىپ تۇرىدىغان ئاشكارا يىپ ئۇچى.

ئۇنداقتا، ئەسەردىكى يەنە بىر يىپ ئۇچى قايسى؟ بىز «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە»نى ئوقۇغاق ئۇنىڭدا بىر باغدىن، بىر تاغدىن سۆزلىنىۋاتقاندەك ياكى ئۇ بەك قالايمىقان يېزىلغاندەك، ھەتتا بەزى بۆلەك ۋە ئابزاسلار، جۈملىدىن، ئەسەرنىڭ باش قىسمى بىلەن ئاخىرى زورمۇ-زور كىرگۈزۈلگەن ئارتۇقچە جايلاردەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما تازا ئىنچىكىلەپ كۆزىتىدىغان بولساق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

«مەدھىيە» مۇنداق باشلىنىدۇ: «سەن گۈلنى ياخشى كۆرىسەن، خۇش پۇراقتىن لەززەتلىنىسەن، لېكىن سېنىڭ شۇ گۈزەللىكنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدىكى بەزى ۋاستىلەرگىمۇ نەزەر كۆزۈڭنى سالغۇڭ كېلەمدۇ؟»

ئاپتور نېمە ئۈچۈن ئۆز ئەسىرىنى توغرىدىن-توغرا ھەسەل ھەرىسى ھەققىدە سۆز ئېچىشتىن باشلىماي، گۈزەللىك توغرىسىدا پەلسەپۋى پىكىرگە باي سوراق جۈملە بىلەن باشلايدۇ؟ بۇنداق باشلاش ئارقىلىق ئاپتور باغلانما تەسەۋۋۇرنىڭ قەدەممۇ-قەدەم راۋاجلىنىشىغا شارائىت ھازىرلاپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قوشىنى بىردىنلا قاناتلاندۇرىدۇ: ھەسەل ھەرىلىرى گۈللەر ئارا ئەلچى بولۇپ، غۇنچىلارنىڭ يۈرىكىدە مۇھەببەت ئوتى ياندۇرىدۇ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىدۇ. دېمەك، مەلۇم گۈزەللىك يارىتىدۇ.

خوش، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەسەل ھەرىلىرىغۇ شۇنداقكەن، ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى «ھەسەل ھەرىلىرى» چۇ؟! ئۇلار ئۆز مېھنىتى بىلەن ھەممەت گۈلستانىدىكى سان - ساناقسىز گۈل - غۇنچىلارنى ئېچىلدۇرۇپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەسەل ھەرىلىرىگە ئوخشاشلا گۈزەللىك بەرپا قىلىدۇ. لېكىن «تاتلىق ھەسەلنى لەززەت بىلەن ئىستېمال قىلغاندا، ئۇنىڭ ياراتقۇچىسىنى ياد ئېتىدىغانلارمۇ ئانچە كۆپ بولمىغاندەك»، بۇ گۈزەللىكتىن بەھرىلەنگۈچىلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئاپتور «ئەزەلدىن پەزىلەت ئىگىسى قاتارىدا ئاتالمىغان، لېكىن ھېچقانداق ئىللەت ئۆز دېغىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا سالالمىغان» ھەقىقىي پەزىلەت ئىگىلىرىنى بايقاشنى بىر خىل پىنھانە گۈزەللىك دەپ تونۇيدۇ ۋە ئەسەرنى مۇنداق ئاخىرلاشتۇرىدۇ: «سەن گۈلشەننى ياخشى كۆرسەن، گۈزەللىكنىڭ پەيزىنى سۈرسەن. ئەمدى پىنھانە گۈزەللىكنىمۇ بايقاشنى بىلگىن، چۈنكى تىرىكلىكنىڭ قىممىتى دەل ئاشۇ يەردە.»

دېمەك، ئاپتورنىڭ مېھنەتكەش خەلقنى - پەزىلەت ئىگىلىرىنى بايقاش ۋە ئۇنى ئۇلۇغلاشقا دەۋەت قىلىشى ئەسەردىكى يوشۇرۇن يىپ ئۇچى ھېسابلىنىدۇ.

بىز «مەدھىيە»نى ئوقۇغاندىن كېيىن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتەلەيمىزكى، باغلانما تەسەۋۋۇردىن ياخشى پايدىلانغاندا، رېئال تۇرمۇشنىڭ كۆركەم بەدىئىي كارتىنىسىنى سىزىپ چىققىلى ھەمدە تېما دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مول ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ، شۇنداقلا نەسىرنىڭ بەدىئىي سۈپىتىنىمۇ زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. «پەزىلەت ئىگىسىگە مەدھىيە» ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن بۇنى ئىسپاتلىدى، ئۇنىڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ يەردە!

# ئاقسۇ ۋىلايىتىدە

## نىمشېھىت تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى، مۇسا سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 146 يىللىقى خاتىرىلەندى

(ژۇرنىلىمىز خەۋىرى) ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە مەدەنىيەت ـ مائارىپ باشقارمىسى ئىجادىيەت ئىشخانىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى 5 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 22 ـ كۈنىگىچە تالانتلىق ئۇيغۇر شائىرى نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى، شائىر ۋە ئاتاغلىق تارىخچى موللا مۇسا سايرامى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 146 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزدى. خاتىرىلەش يىغىنىغا «تارىم»، «مىراس»، «ئىلى دەرياسى»، «تۇرپان»، «بوستان» قاتارلىق ئاپتونوم رايونلۇق ۋە يەرلىك ژۇرناللارنىڭ ۋەكىللىرى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى يازغۇچى، شائىرلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ 40 تىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە مەسئۇللىرىدىن قاھار ئەمەت، سۇڭ جىڭيۈەن، ئىمىن ئەخمىدى، مىجىت قاسىم قاتارلىق يولداشلار، ھەرقايسى مەدەنىيەت، مائارىپ تارماقلىرىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتى. يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى يولداش ئىمىن ئەخمىدى «ئەجدادلار ئىزىدىن مېڭىپ، مىللىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ گۈللەپ ـ ياشنىشى ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى» دېگەن تېمىدا تەبرىك نۇتقى سۆزلەپ، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي مەھكىمە نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى، مۇنداق بىر خاتىرىلەش يىغىنىنى ئېچىش ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلىرىنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. يىغىندا جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى «تارىم» تەھرىر بۆلۈمىگە ۋەكالىتەن شائىر جاپپار ئەمەت «خەلق بىلەن قەلبداش بولغانلار خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ياشايدۇ» دېگەن تېمىدا تەبرىك سۆزى سۆزلىدى. «مىراس» ژۇرنىلىدىن شائىر ئەرشىدىن تاتلىق «نىمشېھىت شېئىرلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇپ ئۆتتى. «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى ۋە «ئىلى گېزىتى» نىڭ ۋەكىلى يولداش تۇرسۇن زېرىدىن يە-

غىنغا نىمشېھىتنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىنى تەقدىم قىلدى. يىغىن جەريانىدا شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلىنىڭ قىزى بۇھەجەر قاتارلىق بىر قانچە يولداشلار سۆزگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ماقالىلىرىنى، بۇ ئىككى پېشىۋاغا بېغىشلىغان مەرسىيىلىرىنى، نىمشېھىت ۋە مۇسا سايرامى شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇدى.

شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى 1906 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق «تىزەكقاغا» كەنتىدە تۇغۇلغان. 1922 - يىلدىن 1933 - يىلغىچە كۇچاردا ۋە قەشقەردىكى ئاتاقلىق بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە» دە ئوقۇغان، ئەرەب، پارس تىللىرىنى ئۆگەنگەن. ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باي ناھىيىسىنىڭ «قىرىيە» ناملىق تاغلىق كەنتىدە قۇرۇلغان تۇنجى پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان؛ 1936 - يىلدىن 1945 - يىلغىچە ئاقسۇ ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، «ئاقسۇ ئۇچۇرى گېزىتى» ۋە «ئاقسۇ گېزىتى»دە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1945 - يىلى 17 - ئاۋغۇستتا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى باي ناھىيىسىنى ئازاد قىلغاندا، پىدائىلار قوشۇنىغا قاتنىشىپ، ئۈچ ۋىلايەتكە چىقىپ كەتكەن ۋە مىللىي ئارمىيىدە تەشۋىقىي - تەرغىبات ئىشلىرىغا قاتناشقان. شائىر ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى بولغانىدى. ئۇنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى 1930 - يىللاردا باشلانغان، 1943 - يىلى يازغان «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانى قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭى ئەندازىغا ئىگە بولغانلىقى، بەدىئىي سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، شەكىل ۋە ئۇسلۇبىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن كەڭ كىتابخانلارنىڭ سۆيۈپ ئوقۇشىغا ۋە يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە ئۇنىڭ يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرى ئۆزىنىڭ جەڭگىۋارلىقى بىلەن كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرىشىنىڭ ياڭراق سىگنالى بولۇپ قالدى. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن تۈرگۈن شېئىرلارنى يېزىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئازادلىق تېگىنى، خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى، خەلقنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى جاسارىتىنى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. ئەپسۇسكى، شائىر نىمشېھىت 1972 - يىلى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ زىيانكەشلىكى تۈپەيلىدىن بىزدىن ۋاقىتسىز ئايرىلدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، پارتىيە ۋە خەلق ھۆكۈمىتى 1979 - يىلى 3 - ئايدا ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. 1980 - يىلى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇنىڭ «يۈرەك سۆزى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

ئاتاقلىق تارىخچى ۋە لىرىك شائىر موللا مۇسا سايرامى 1840 - يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا تۇغۇلۇپ، 1915 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ، شۇ يىللاردا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىڭ خانلىقى ئىستىبداتچىلىرىغا ۋە فېئوداليزمغا قارشى كۈرىشىنىڭ بوران - چاپقۇنلىرىنى بېشىدىن كەچۈردى؛ ھۆكۈمران گۇرۇھنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى ۋە ھەرقايسى سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ ئىچكى زىددىيەتلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئەنە شۇ مۇرەككەپ يىللارنىڭ زىددىيەتلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق،

ئۇزۇن مۇددەت ماتېرىيال توپلاپ ۋە ئىزدىنىپ، دۇنىياغا تونۇلغان ئىككى چوڭ تارىخىي ئەسەر — «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدىيە» نى يازدى. بۇ ئەسەرلەر 1905 - يىلى «قازان» مەتبەئەسىدە نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، تارىخچىلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشىدا تارىخىي ئەھمىيەتلىك مۇھىم ھۆججەت بولۇپ قالدى. ئۇ يەنە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر بىلەن يوغۇرۇلغان كۆپلىگەن لىرىك شېئىر ۋە رۇبائىلارنى يېزىپ، ئۆزىنىڭ شائىرلىق تالانتىنى كۆرسەتتى.

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنداق دەپ ھېسابلىدى: شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى پېشىۋالارنىڭ بىرى بولغانلىقى، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرغانلىقى، كىلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆز شېئىرلىرىنى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن بىلەن بېيىتقانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۆلمەس ئىجادىيىتى ئارقىلىق ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە تېگىشلىك ھەسسە قوشقانلىقى بىلەن پېشقەدەم ئۇيغۇر شائىرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن دېموكراتىك ئىدىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇلىرى، خەلققە، سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋرىمىزگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت — ئۇنىڭ خەلقپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر شائىر ۋە يېڭى دەۋرنىڭ كۈيچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىر قولىغا قەلەم، بىر قولىغا ئەلەم ئېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەمگىكى — شائىرنىڭ كۈرەشچان، جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ تىمسالى. شۇڭا ئۇنىڭ شەرەپلىك نامى، مول لىرىك ھېسسىيات ۋە جەڭگىۋارلىققا تولغان شېئىرلىرى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ياشايدۇ!

يىغىن قاتناشچىلىرى مۇنداق ھېسابلىدى: موللا مۇسا سايرامى دۇنىياغا ۋە پۈتۈن مەملىكىتىمىزگە تونۇلغان مەشھۇر تارىخچى. ئۇنىڭ «تارىخىي ئەمىنىيە» ۋە «تارىخىي ھەمىدىيە» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرى شىنجاڭ تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك ھۆججەت. ئۇنىڭ بۇ ئىككى چوڭ تارىخىي ئەسىرىدە موغۇل - چىڭگىز ئىستىلاسىدىن ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىگە قەدەر بولغان بىر پۈتۈن تارىخىي جەرياندىكى مۇھىم ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن؛ سۇلالىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن؛ ئۇ گەرچە ياقۇپبەگنىڭ ئەتىۋارلاپ ئىشلەتكەن مۇھىم كىشىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەسىرىدە ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ زىددىيەتلىرىنى، ئۇنىڭ خەلققە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرىنى ھېچ بىر يوشۇرۇپ قالماستىن، ئەينەن بايان قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەسىرى تارىخنى چىنلىق بىلەن بايان قىلىش جەھەتتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ۋەقەلىكلەرنىڭ قۇراشتۇرۇلۇشى ۋە بايان قىلىنىشى جەھەتتە قويۇق بەدىئىي تۈسكە ئىگە. ئۇنىڭ تارىخىي رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىپ، تارىخىي پاكىتلارنى ئەينەن بايان قىلىشتەك راستچىللىقى، ئۆزى خىزمەت قىلىۋاتقان سىنىپ مەنپەئىتىدىن ھالقىپ چىقىپ، ھۆكۈمران سىنىپلارغا نەپرەت بىلەن قارىشى ۋە ئۇلارنى پاش قىلىشى — ئۇنىڭ ئۆز زامانىسىدا ئىلغار پىكىرلىك، خەلقپەرۋەر زات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇن

ئۇنىڭ تالانتلىق شائىر ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بېرىدۇ.

يولداش ئىمىن ئەخمىدى ئۆزىنىڭ تەبرىك سۆزىدە نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى ۋە موللا مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار ۋە خەلق سەنئەتكارلىرى ئۆزىنىڭ ئىجادىي تۆھپىسى ئارقىلىق دۇنيادا ئۆزلىرى ئۈچۈن تەڭداشسىز ئېگىز ۋە مەڭگۈلۈك مەقبەرە ياسىغۇچىلاردۇر. موللا مۇسا سايرامى ۋە نىمشېھىت ئارمىيە ئېلىلەرمۇ ئۆز ئۆمرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل بايلىقىنى ھۇل، يۈرەك قانلىرىنى ئوزۇق، ھاياتىنى تۈۋرۈك قىلىپ، ئەنە شۇنداق مەقبەرىنى ياساپ چىقتى. بۇ مەقبەرە تارىختا ئۆتكەن ھەر قانداق خانۇ - خاقان، شاھ - ئەۋلىيالارنىڭ مەقبەرىسىدىن ئېگىز. چۈنكى، ئۇ زېمىن ئۈستىگە ئەمەس، كەڭ ئۇيغۇر جامائەتچىلىكىنىڭ ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلبىگە ئورنىتىلغان.

يىغىندا سۆزگە چىققۇچىلار مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى پۈتۈن ئۆمرىنى خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان جەڭگىۋار جەڭچى ۋە جەڭگىۋار شائىر. ئۇ 1933 - يىلدىكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى چېن تيەنچۇ، ماۋزېمىن، لىن جىلۇ يولداشلار تارقاتقان ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغان مەرىپەتپەرۋەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرىشى ۋە بۇ كۈرەشنىڭ غەلىبىسىنى كۈيلىدى. 1945 - يىلى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قوشۇلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى بىلەن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىش ساداسىنى ياڭراتتى. شۇڭا بىز ئۇنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن بېغىشلىغان روھىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. بىز بۈگۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش يولىدا تىرىشماقتىمىز. نىمشېھىت ئارمىيە ئۆز شېئىرلىرىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر شەكلىنى مەزمۇن جەھەتتە يېڭى پەللىگە كۆتەردى، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى كۈيلىدى؛ ئۇنىڭ شېئىرلىرى تىلىنىڭ راۋانلىقى، چۈشىنىشلىكلىكى، تۇراق ۋە رىتىملىرىنىڭ تەڭكەشلىكى، قاپىيىلىرىنىڭ توقلۇقى جەھەتتە بىزگە ئەڭ ياخشى ئۈلگە. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىستىلىستىك ۋاستىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز پىكرىنى چوڭقۇر شېئىرىي ھېسسىيات ۋە ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

يىغىن قاتناشچىلىرى موللا مۇسا سايرامى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىشتى: موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ۋە «تارىخىي ھەممىدىيە» قاتارلىق ئىككى چوڭ ئەسىرى نۆۋەتتىكى تارىخ تەتقىقاتىمىز ئۈچۈن زۆرۈر بولغان قىممەتلىك ماتېرىيال. بىز ماركسىزملىق تارىخ كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى تەتقىق قىلىشىمىز؛ مۇسا سايرامىنىڭ تارىخىي رېئاللىققا ھۆرمەت قىلىشتەك پەزىلىتىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. ئۇنىڭ ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان شېئىرلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. لېكىن قولىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم شېئىرلاردىن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، مۇسا سايرامى قەلىمى پىشقان لىرىك شائىر.

ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەدىئىي تەپەككۇر جەۋھەرلىرىگە ۋە شېئىرىي ھېسسىياتقا ئەڭ باي. بىز نۆۋەتتىكى قەدىمىي ئەسەرلەرنى قېزىش، توپلاش ۋە رەتلەش خىزمىتىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قېزىش ۋە توپلاشقىمۇ ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

يىغىن جەريانىدا، شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى ۋە مۇسا سايرامىلار ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىي ئالاھىدىلىك ئۈستىدە مۇزاكىرە بولغاندا، نۆۋەتتىكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىمىز، بولۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە ساقلىنىۋاتقان ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق، شوئاربازلىق، كالىندارچىلىق، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ تىلى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئىشلەشنىڭ يېتەرسىزلىكى قاتارلىق خاھىشلار ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تەھلىل قىلىندى. يىغىن ئەھلى مۇنداق ھېسابلىدى: بىز نىمشېھىت ۋە مۇسا سايرامىنىڭ ھاياتىنى خاتىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى چوڭقۇر ئۆگىنىمىز، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز پىكرىنى قۇرۇق، يالىڭاچ ئىبارىلەر بىلەن ئەمەس، بەلكى رەڭمۇرەڭ بەدىئىي ئوبراز ۋە قويۇق بەدىئىي ھېسسىيات ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىش، ئۆز ئەسەرلىرىنى راۋان، چۈشىنىشلىك بايان قىلىپ بېرىشتەك ئارتۇقچىلىقىنى ئۆگىنىپ، شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشىمىز؛ ئەدەبىياتنىڭ كىشىلەرگە زوق ۋە ئىلھام بېغىشلاش، كىشىلەرنى تەربىيىلەش جەھەتتىكى رولىنى تېخىمۇ ئوبدان جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنى نۆۋەتتىكى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

يىغىن جەريانىدا ۋە يىغىندىن كېيىن بىر قىسىم ۋەكىللەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى ۋە مۇسا سايرامىلارنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلدى. ئۇلار مۇسا سايرامىنىڭ يۇرتىغا بارغاندا، توقۇن يېزا «ئانا قىزىلەنگىرى» دېھقانلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئىئانە توپلاپ، مۇسا سايرامىنىڭ قەبرىسىنى يېڭىدىن تۇرغۇزغانلىقىدىن ئىنتايىن ھاياجانلاندى.

## ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى
## 5 كىشىنى كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقاردى

(ئۆز خەۋىرىمىز) مىللىي يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە غەمخورلۇق قىلىش، ئۇلارنى تولۇق ۋاقىتتا ئىگە قىلىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا كەڭ ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى 5 نەپەر كىشىنى كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقاردى. ئىلىي قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلغانلىقىنى پۈتۈن ئوبلاستنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا، مىللىي يازغۇچى، شائىرلارنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتلىك تەدبىر دەپ قاراپ، قىزغىن قوللىدى ۋە تەستىقلىدى. بۇ قېتىم كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلغانلار ئۆزىنىڭ بىرقانچە يىللىق ئىجادىي ئەمگىكى ئارقىلىق ھېكايىچىلىقتا مول نەتىجە ياراتقان، مۇندىن كېيىنكى ئىجادىيەت ئىشلىرىدا كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە دەپ قارالغانلار بولۇپ، ئۇلار قازاق يازغۇچىسى جۇماباي بىلال، جاقسىلىق سامىت، ئورازقان ئەخمەت، تۇرسۇنئەلى ئېرىكەلدى ۋە ئۇيغۇر يازغۇچىسى مەتىمىن ھوشۇرلاردىن ئىبارەت.

كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلغانلارنىڭ مائاش ۋە كاماندىروپكا راسخوتى ھازىرچە ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدىن بېرىلىدۇ. ئۇلار خىزمەتتىن پۈتۈنلەي ئازاد قىلىنىپ، ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

بىرىنچى تۈركۈمدە بەش كىشىنىڭ كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلغانلىقى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى يازغۇچى، شائىرلارنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى. جۈملىدىن، كەسپىي يازغۇچىلىققا چىققان يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت پىلانلىرىنى تۈزۈپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ، تېخىمۇ مول ئىجادىي نەتىجىلەرنى يارىتىشقا بەل باغلىدى.

## ئالقىشلاشقا تېگىشلىك يېڭى باشلىنىش

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 5 كىشىنى كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقارغانلىقى — ئالقىشلاشقا تېگىشلىك ياخشى باشلىنىش بولدى. سوت-

سىيالىستىك مىللىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش يولىدا قوللىنىلغان بۇ تەدبىر بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلىدۇ.

11-نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بويان، ھەرقايسى جايلار ھەر خىل چارە-تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يازغۇچى، شائىرلارغا قىزغىن ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت ئىشلىرىنى يېڭى يۈكسىلىشلەرگە ئىگە قىلدى. كەسپىي يازغۇچىلار بىلەن ئىشتىن سىرتقى يازغۇچىلاردىن تەركىب تاپقان كەڭ ئەدەبىيات قوشۇنى مىسلىسىز جانلاندى. قېرىنداش ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلارنىڭ خېلى كۆپ قىسىم جايلىرىدا كۆزگە كۆرۈنگەن بىر قىسىم يازغۇچى، شائىرلار كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىجادىي مېۋىسى تېخىمۇ مول بولدى. بۇ قېتىم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مىللىي ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىشنى مۇھىم دەپ بىلىپ، بىر قىسىم كىشىلەرنى كەسپىي يازغۇچىلىققا چىقارغانلىقى ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ھالقىلىرىدىن بىرى بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ گۈللەپ ياشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە پايدىلىق يېڭى باشلىنىش ۋە يېڭى تەدبىر بولدى.

بىز ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ئەدەبىياتچىلار جەمئىيىتى ياكى ئەدەبىي ئىجادىيەت ئىشخانىلىرى قۇرۇلغان ھەرقايسى ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ناھىيىلەرنىڭ ئۆز ئىمكانىيىتىگە قاراپ، بۇ تەدبىرنى يولغا قويۇش مەسىلىسىنى ئويلىشىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. «قوللاش، مەدەت بېرىش چاقىرىقى كونكرېت تەدبىر ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىلا، ئۇنىڭ ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. ئەگەر ھەرقايسى جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى دادىللىق بىلەن قول سېلىپ قوللايدىغانلا بولسا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى يولغا قويغان بۇ چارىنى باشقا جايلارمۇ يولغا قويالايدۇ. ئەلۋەتتە!

# ئەدەبىي ئىجادىيەتكە دائىر مۇلاھىزىلەر

## ماكسىم گوركىنىڭ ئا. س. سېرافىموۋىچقا يازغان ئوچۇق خېتىدىن پارچىلار

ئالېكساندىر سېرافىموۋىچ!

مەن سىزنىڭ «سىلىقلانغان ۋە سىلىقلانمىغان يازغۇچىلار توغرىسىدا» دېگەن ماقالىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم ۋە ئۆزەمنى سىزگە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە مەجبۇر دەپ ھېس قىلماقتىمەن.

گەرچە ماقالىڭىزنىڭ شەكلى ۋە مۇقامى سىزنىڭ ئۇنىڭغا كۆلكىلىك تۇس بەرمەكچى بولغانلىقىڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرسىمۇ ئەمما مەزمۇن جەھەتتىن ئۇ مۇقەررەر زەرەرلىكتۇر.

سىز بىلەن بىز كونا يازغۇچىلارمىز ۋە ئۇنچىلىك ماختانماي ئېيتالايمىزكى، سوۋېت ئەدەبىياتىدا گويا مۆتىۋەرلەر سۈپىتىدە تونۇلغانمىز. بىز ۋەزخانلىق قىلىمىز، ياشلار بىزگە قۇلاق سالىدۇ، لېكىن ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇلار بىزنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىمىزنى كەمدىن-كەم تەنقىد قىلىدۇ. بۇ، ئېھتىمال، بىزنىڭ قېرىلىقىمىزنى ھۆرمەت قىلىشتىن بولسا كېرەك. ئەمما بىز ھەتتا مۆتىۋەر بولغىنىمىزدىمۇ، «كانونىزاتسىيە» قىلىشقا، يەنى ئادەملەرنى تەنقىد قىلىشقا زادىلا بولمايدىغان ئەۋلىيالار قاتارىغا ئۆتكۈزۈشكە ھەقلىق ئەمەسمىز. بىراق بىز، كۆپىنچە ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ھاللاردا، ئۆزىمىزگە مانا شۇنداق ھوقۇقنى بېرىمىز! ئۇ ياكى بۇ يازغۇچى گەرچە ياش بولسىمۇ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا گېنىئال يازغۇچى بولالايدۇ ۋە ئۇ كىشىلەر خاتىرىسىدە ئەبەدىي ساقلىنىپ قالىدۇ، دەپ جار سالساق، خاتا قىلغان بولىمىز.

ئالېكسېيېۋنىڭ «ئاتامانىشنا» ناملىق كىتابىنى ئارتۇقچە ماختىۋەتكەنلىكىم ماڭا ناھايىتى توغرا كۆرسىتىپ بېرىلدى. بۇ مېنىڭ بىردىن-بىر خاتالىقىم ئەمەس، ئەلۋەتتە. مەن يازغۇچى «بۇرادەرلەر» نىڭ كۆپىنى ئارتۇقچە ماختىۋەتكەنمەن. ئەمدى سىز پانفېروۋ توغرىسىدا تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئېيتىپ، ئۇنى ئەۋلىيالار قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋەتكەنسىز:

«كۆردۈڭلارمۇ، قانداق نەرسە: بەزىدە ئورمان بويلاپ ئاق تۇمان ئىچىدە بارىسەن. قارىساڭ، قانداقتۇر بىر قىياپەت كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ، ئادەم دېسەڭ ئادەم ئەمەس، قانداقتۇر ھەر تەرەپكە تەمە قىلىپ تۇرغان قويۇق شاخلىق بىر نەرسە كۆرۈنىدۇ، نېمە ئىكەنلىكىنى دەررۇ پەملىمەيسەن.

يېقىنغا بېرىپ قارىساڭ، بۇ بوران قومۇرۇپ تاشلىغان ھەيۋەتلىك قارىغاي بولۇپ چىقىدۇ. مانا ئۇنىڭ يىلتىزلىرى ھەر تەرەپكە تارىلىپ يېتىپتۇ. كېيىنرەك، خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنە شۇ تومان ئارىسىدا ھەر تەرەپكە تارالغان قانداقتۇر بىر كۈچ ياتقانلىقىنى تۇيۇقسىزلا ئەسلەپ قالىسەن. ئەمما ئەنە شۇ شاخلىق نەرسىدە سەن ئۆزەڭ بىلەن ھەر دائىم بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان بىر كۈچ مۇجەسسەملەنگەنلىكى، گەرچە ئۇنىڭدىن ئايرىلىشنى خالىغىنىڭدىمۇ، بەربىر ئايرىلالمايسەن. مانا بۇ پانفېروۋدۇر.

ئۇنىڭدا دېھقانلارنىڭ كۈچى يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىدىن بۇ كۈچنى سۇغۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ. بىراق مۇبادا ئۇ ئۆز ئەسىرىنى «سىلىقلىغان» قىلىشنى ئويلىغان بولسا، بەربىر ھېچنەرسە چىقمىغان بولاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ مانا شۇنداق قوپال، ساغلام، دېھقانلارغا خاس كۈچىنى يوقاتقان بولاتتى.»

گەرچە پانفېروۋ ئەدەبىياتتا شۆھرەت قازىنىشقا ۋە مۆتىۋەرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشىشكە ئىنتايىن ئالدىراۋاتقان بولسىمۇ، مەن ھەتتا ئۇ «بۇ ماختاشلاردىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدىمىكىن» دەپ ئويلاۋاتىمەن. سىلەرنىڭ بۇ قاتتىق ماختىشىڭلار ياش يازغۇچىغا زەرەر كەلتۈرىدۇ، دەپ خاۋاتىرلىنىشقا كۆپرەك ئاساس بار، چۈنكى سىلەر ئۇنىڭ ماھارەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن ئۆسۈشىگە غەمخورلۇق قىلىش ئورنىغا ئۇ ھازىر قانداق بولسا شۇنداق بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، دەپ دەۋا قىلىۋاتىسىلەر.

سىلەرگە شۇ نەرسىنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىڭلار: دېھقانلار كۈچى — ئىجتىمائىي جەھەتتىن ساغلام كۈچ ئەمەس. لېنىن - ستالىن پارتىيىسىنىڭ مەدەنىي، سىياسىي، تالانت ۋە ئىزچىللىق بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشى دېھقان ئېگىدىن دەل سىلەر ماختاۋاتقان ئاشۇ كۈچنى سىقىپ چىقىرىشقا قارىتىلغان، چۈنكى بۇ كۈچ، ماھىيەتتە، سىنىپىي ئادەت كۈچىدىن، ئۇششاق خۇسۇسىي مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئادەت كۈچىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز بىلىمىزكى، ئۇ، زوئولوگىك جەھەتتىن ھايۋانلىشىش شەكلىدە نامايان بولىدۇ. بۇ ئادەت كۈچى دېھقانغا «بىرۇسكى» نىڭ ئۈچىنچى كىتابىنىڭ 107 -، 108 - بەتلىرىدە پانفېروۋ تەرىپىدىن ناھايىتى توغرا ئىپادىلەنگەن پىكىر ۋە ئىنتىلىشلەرنى ئۇقتۇرىدۇ، لېكىن ئاپتورنىڭ پەرۋاسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلار شۇ تەقلىتتە ئىپادىلەنگەنكى، ئاپتور بۇنىڭدا قەھرىمانلاردىن بىرىنىڭ پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ شەخسىي پىكىر ۋە تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ.

پانفېروۋ يەرنىڭ ستىخىيىلىك «ھۆكۈمرانلىقى» دىن ئوزۇقلانغۇچى دېھقانلار كۈچىنى ياخشى چۈشىنىدۇ، بۇ ھۆكۈمرانلىقنى كىلېب ئۇسپېنسكى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە ئىشەنەرلىك قىلىپ تەسۋىرلىگەنىدى.

ئەمما چۈشىنىش بىر گەپ، ھېس قىلىش باشقا بىر گەپ. مەسىلەن، ماڭا كىتابخان سۆپىتىدە شۇنداق تۇيۇلىدۇ. «بىرۇسكى» نىڭ ئۈچىنچى كىتابىدا ئەقىل بىلەن تۇيغۇ ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ قارشىلىق ئىنتايىن كەسكىن ئىپادىلەنگەن، نەتىجىدە شۇنداق بولۇپ چىققانكى، «دېھقانلار كۈچى» نىڭ سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتكە نىسبەتەن دۈشمەنلىك مۇناسىۋەتى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشىنىڭ ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىش ئەھمىيىتىگە قارىغاندا يار-

قىنىراق، كۆركەمرەك، «ھېسسىياتقا تولغانراق» قىلىپ بېرىلگەن.

ناروندىكلار تەرىپىدىن كۆكلەرگە كۆتىرىلگەن جاپاكەش؛ بىر تەرەپتىن، قاششاقلارنى؛ ئىككىنچى تەرەپتىن جازانىخورلارنى، دۇكاندارنى، فابرىكانتلارنى، ئومۇمەن، ئەشەددىي بولاڭچىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان دېھقاننى قايتا تەربىيىلەش، بۇنداق قايتا تەربىيىلەش ئەسلىدە ئۆز ماھىيىتى جەھەتتىن ئىنساننىڭ، ئەسىرلەر داۋامىدا ۋەھشىلەرچە خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك مەدەنىيىتى تەربىيىلەپ كەلگەن كىشىنىڭ سىنىپىي تىپىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ جەريان «بىرۇسكى» دا قانچىلىك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن؟ تەنقىد بۇ سوئالنى ئۆز ئالدىغا كەڭ ۋە چوڭقۇر قىلىپ قويغىنى يوق. بىز مۆتىۋەرلەر ئۆز شەخسى تەبىرىمىز ۋە مايىللىقىمىزنى ئېلان قىلىشقا ئالدىرىماي تۇرۇپ، تەنقىدكە سۆز بېرىشىمىز كېرەك ئىدى. كىتابخانلارنىڭ ئىلتىپاتلىق باھالىرى تۆپەيلى ئاللىقانداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن بىز ئاقساقاللار ۋەزخانلىق قىلىۋاتىمىز. بۇنداق قىلىش زىيانلىق.

سىلەر: «پانفېروۋ ئەسەرلىرىدىن ھازىر ئۆگىنىۋاتىدۇ ۋە كەلگۈسىدە ئۇنىڭدىن دەۋرىمىزنى ئۆگىنىدۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىسىلەر. مېنىڭ پىكرىمچە، گەرچە بىز مۆتىۋەرلەر بولساقمۇ، بەرىبىر بىز قۇدرەتلىك ۋە چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئىنقىلاب دەۋرىدە مۇتلەق ئورۇنسىز بولغان ئەۋلىيالىق قىلىشتىن ئۆزىمىزنى چەكلىشىمىز لازىم ۋە ئەدەبىيات ساھەسىدە ياشلىرىمىز ئۈچۈن نېپىز تىكلەشكە ئالدىرىماسلىقىمىز كېرەك.

شۇنىمۇ ئەسلىتىپ ئۆتەي، بۇ ئىشتا ئالدىراقسانلىقتىن ھازىرلا بىرقانچە لەتىپىلەر ۋۇجۇتقا كەلگەن. مەسىلەن: بۇنىڭدىن ئالتە يىلچە ئىلگىرى فاتوۋ دېگەن بىر پروفېسسور يازغۇچى پانتالېيمان رومانوۋنى بالزاكقا، تورگېنېۋقا، تولستويغا ۋە يەنە ئاللىكىملەرگە تەڭ دەپ دەۋا قىلدى. كىشىلەر بۇ گەپكە ئىشىنىشتى، ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىستېداتسىز ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن چالا ساۋات ئادەم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش باشقا لەتىپىلەرمۇ بولغانىدى. يېقىندا رېزنىكوۋ دېگەن بىرسى پانفېروۋنىمۇ بالزاكقا ۋە باشقا كىلاسسىكلارغا تەڭ، دەپ دەۋا قىلىپ چىقتى. مەن ئىشىنىمەنكى، رېزنىكوۋ ئۆزىنىڭ شۇ دەۋاسى بىلەن چوڭ دىققەت ۋە جىددىي مۇناسىۋەتكە موھتاج بولغان پانفېروۋقا ناھايىتى زىيانلىق تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ياق، ئالېكساندىر سېرافىموۋىچ، ئەدەبىي ساۋاتىنى ناھايىتى بوش ئۆزلەشتۈرگەن، ئۇنى ئۆگىنىشى لازىم بولغان يازغۇچىلارنى گېنىرىخ گېينې دەپ ئېلان قىلىشقا ئالدىرىمايلى...

مەن ئەدەبىي تىلنى ياخشى بىلمەيدىغان ۋە ئومۇمەن قولىنىڭ ئۇچىدىلا يازىدىغان يازغۇچى پانفېروۋتىن ياشلىرىمىز بىرئاز نەرسىنى ئۆگىنىشى مۇمكىن دېگەن داۋاغا قەتئىي ئېتىراز بىلدۈرىمەن، بۇنىڭدا گەپ بىرلا پانفېروۋ توغرىسىدا ئەمەس، بەلكى ئەدەبىياتنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈش ئۈچۈن بولۇۋاتقان ئوچۇقتىن-ئوچۇق ئىنتىلىش توغرىسىدا كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى مەنىسىز سۆزلەرنى يارىتىشنى ئاقلاش، يارامسىزلىقنى ئاقلاش دېمەكتۇر. ئىشچىلارنى يارامسىز بويۇملارنى ئىشلەپچىقارغانلىقى ئۈچۈن ئەيىبلىشىدۇ، ئەدىبلەرنى بولسا ئاقلايدۇ. بۇ خىل ھادىسە نېمىگە ئېلىپ بارىدۇ؟

مانا پېرمىتىننىڭ «دۈشمەن» ناملىق كىتابىدىنمۇ خۇددى شۇنداق ياۋايى سۆزلەرنى ئۇچرىتىمەن:

«ھەسەن - ھۆسەنلەرنى تەڭلا ئۆيلەپ قويۇشتى ۋە ياش كېلىنلەر ئۆز ئەرلىرىنى خېلى ۋاقىتقىچە، بولۇپمۇ مۇنچىدا ئاجرىتالماي يۈرۈشتى — كېرژاكلار مۇنچىغا پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن چۈشىدۇ، ئەركەكلەر، ئاياللار، باللار بىللە چۆمۈلىشىدۇ — ئاياللار ئۆز ئەرلىرىنى تونۇشقا ئۆگەنگىچە بىرنەچچە يىل قىينىلىشتى.» بۇ نېمىدېگەن تېتىقسىزلىق!

مانا، پېتىر ساۋىننىڭ «بىرىتانسكى پىروفىل» دېگەن كىتابىدىمۇ شۇنداق سۆزلەر بار: «ئىستەكلەر تۈيۈنۈلارغا مېھمانخانىغا باردى»، «تۇمان بوجىلارنى بوشىتىۋەتتى»، «شىرىلىك، قىزغۇچ دېنى بىلەن تولغان قارا بۇغداي»، «ئۇلار قوشاق ئېيتىپ ۋە نەي چېلىپ باراتتى. جىمجىتلىقتا ئۇلارنىڭ قەدەم تاشلىشى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى». نەي ۋە قوشاق سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرسا، قانداق قىلىپ جىمجىتلىق بۇزۇلمىغان بولىدۇ؟

ھەممىسى شۇ يىلنىڭ «مەھسۇلى» بولغان ۋە مانا شۇنداق تېتىقسىز سۆزلەر بىلەن تىلنى ۋە كىتابخاننى ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ھاقارەتلەيدىغان جۈملىلەر بىلەن تولغان بۇنداق كىتابلارنى ئۇنلاپ مىسالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن. شىجائەتلىك يازغۇچىلارنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى نادانلىقى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ: ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، «قارىغاي بىخلىرى قارسىلداپ يېرىلىدۇ»، ئۇلار ياغاچنىڭ سۇدا چىرىمەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار «چۆيۈن ئەينەككە ئوخشاش جاراڭلايدۇ»، «ھەرىنىڭ ئاغزىدىن قىرىندى چېچىلىدۇ»، ناتىقلار «ئۆز سۆزلىرىنىڭ يىراقتىن يېنىپ كېتىدۇ» دەپ يازىدۇ ۋەھاكازالار. ئۇلارنىڭ قانداقتۇر مومايلاردەك ئارقا - ئارقىدىن ئويلاپ چىقىرىۋېرىدىغان بۇنداق مەنىسىز گەپلىرى كىتابخاننى غالجىرلىشىپ كېتىش دەرىجىسىگىچە، يەنى مەملىكىتىمىزدە يازغۇچىنىڭ رولى قانچىلىك چوڭ بولۇشى لازىملىقىنى، شۇنداقلا سۆز بىلەن سۆز ئۈستىدە ئىشلەشكە نىسبەتەن ۋىجدانەن قەتئىي مۇناسىۋەتتە بولۇشنىڭ قانچىلىك زۆرۈرلىكىنى چۈشەنمەيۋاتقان ياكى چۈشىنىشنى خالىمايۋاتقان كىشىلەردىن نەپرەتلىنىش دەرىجىسىگىچە ھاياجانلاندۇرىدۇ.

سۆز ئىجادىي ساھەسىدە تىل — لېكسىكا جەھەتتىكى چالا ساۋاتلىق ھەمىشە مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ بەلگىسىدۇر ۋە ئۇ ھەممە ۋاقىت ئىدىيىۋى جەھەتتىكى چالا ساۋاتلىق بىلەن باغلىق بولىدۇ. نىھايەت بۇنى چۈشىنىۋېلىش ۋاقتى كەلگەن!

بىزنىڭ شانلىق ئەدىبلىرىمىز ئىدىئولوگىيە يولىدىن قارىغاندا، ھەددىدىن تاشقىرى بىغەمدۇر ۋە ھەتتا بۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ، بەزىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىن بوش قوراللانغانلىقلىرى بىلەن ماختىنىشىدۇ...

بەزىلەر تەھرىرلىك قىلىدۇ، بەزىلەر ناھايىتى كۆپ يارامسىز سۆزلەرنى نەشىر قىلىدۇ، مەسئۇلىيەتسىز بەزى كىشىلەر يەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتسىز كىشىلەرنىڭ ئاشۇنداق مەھسۇلاتلىرىنى ماختايدۇ. ئۇزايىدىن قارىغاندا، نادانلىقتىن ۋە ئاپتورلارغا شەخسەن يېقىن بولغانلىقلىرىدىن ماختاشسا كېرەك.

تەنقىدچىلىرىمىزدىن بىرەرى ئەدىبلىرىمىزگە ئۇلارنىڭ يېزىۋاتقان تىللىرىنى چەت تىل-

لارغا تەرجىمە قىلىش ناھايىتى تەسلىكىنى ياكى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بەرمىدى.

مەن سىزدىن، سىرافىموۋىچ شۇنداقلا سىز بىلەن پىكىرداش بولغانلاردىن شۇنى سوراماقچىمەن: سوتسىيالىستىك سوۋېت ئىتتىپاقىدا يارىتىلىۋاتقان قەھرىمانلىقىنى ۋە رومانتىك ۋەقەلىكلەرنى يۇقىرىدا مىساللىرى كەلتۈرۈپ ئۆتۈلگەن ئەخمەقلەرچە تىل ۋاستىسى بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىنمۇ؟

بىز، ۋىلادىمىر لىنىن تىل مەسىلىسىگە قانداق قارىغانلىقىنى ئەسكە ئېلىشىمىز كېرەك.

ئەدەبىياتنى سۆز ئەخلەتلىرىدىن تازىلاش ئۈچۈن شەپقەتسىز كۈرەش قىلىشىمىز، تىلىمىزنىڭ ساددا ۋە روشەن بولۇشى ئۈچۈن، بەدىئىي ماھارەت ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك، بەدىئىي ماھارەتسىز ئىدىيىنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەدەبىياتنى سۈپىتىنى تۆۋەنلەشتۈرۈش يولىدىكى ھەرقانداق ئۇرۇنۇشلارغا قارشى قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

مەن سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ قۇدرەتلىك قورالى بولغان ئەدەبىياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنگۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى مانا شۇنىڭغا چاقىرىمەن.

تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر ئابدۇرېھىم.

## پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلەش

روسىيىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى ئىۋان ئالېكساندىروۋىچ گونچاروۋ (1821-، 1891-يىللار) نىڭ «ئوبلوموۋ» ناملىق رومانىنى روسىيىدىكى ھەممە ئائىلە، ھەممە كىشى بىلەتتى. تۇرگېنېۋ: «رۇسلاردىن بىرلا ئادەم قالغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئوبلوموۋنى ئېسىدە تۇتىدۇ» دېگەن ئىدى.

بۇ رومان نېمە ئۈچۈن شۇ قەدەر ياخشى يېزىلغان؟ بۇ يەردە بىز بۇ رومانىنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بېرىمىز.

گونچاروۋ 1847 - يىلى نىكراسوۋ باش مۇھەررىرلىكىدىكى «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» ژۇرنىلىدا «ئاددىي ۋەقە» ناملىق تۇنجى رومانىنى ئېلان قىلىپ، ئەدەبىيات مۇنبىرىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى. بېلىنسكى: «گونچاروۋنىڭ رومانى پۈتكۈل پېتىربورگنى زىلزىلىگە كەلتۈردى، بۇ ھەقىقەتەن مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان مۇۋەپپەقىيەت!» دەپ باھا بەردى. شۇنىڭ بىلەن، 35 ياشلىق گونچاروۋ قىزغىن ماختاش سادالىرى ئىچىدە، «ئوبلوموۋ» ناملىق يېڭى رومانىنى ئىجاد قىلىشقا كىرىشتى.

بۇ چاغدا گونچاروۋ پېتىربورگدا ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى بولۇپ ئىشلەيتتى، كۈندۈزى خىزمىتى ناھايىتى ئالدىراش ئىدى. پەقەت كېچىسىلا يېزىش بىلەن شۇغۇللىناتتى.

ئۇ ئاخشاملىرى رومان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلغىنىدا ئۇنىڭ خىيال كەپتىرى ئانا يۇرتى — سىمبىرسكىگە كېتەتتى. ئۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن يۇرتىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

سىمبىرسكى كىچىككىنە بىر ئۆلكە شەھىرى بولۇپ، ئۇ يەردىكى كۈندىلىك تۇرمۇشتا قەدىمكى زامان پاترىئارخاللىق تۈزۈمىنىڭ يالدامىلىرى ساقلانغانىدى، گونچاروۋنىڭ كۆزىتىشىچە، ئۇ ھال «غەپلەت ئۇيقۇسىغا پاتقان خارابىلىقنىڭ ئالامىتى» ئىدى. لېكىن ئەنە شۇ كىرەپوستنويلۇق تۈزۈم ئاستىدا خارابلىشىپ ياتقان قەدىمكى ماكان ئۇنى مول ئىجادىيەت ماتېرىيالى بىلەن تەمىنلىدى.

سىمبىرسكىنىڭ غەپلەت باسقان كوچىلىرى، كوچىلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئۆي - ئىمارەتلىرى، ۋولگا دەرياسىنىڭ تىنىق قىرغىقى ئاستىدىكى بىپايان دەريا يۈزى؛ گونچاروۋنىڭ قورو - جايى، ئاقسۆڭەكلەرچە ئۆي جاھازلىرى، نۇرغۇن مالايلار،

باغچىدىكى قويۇق دەرەخلەرنىڭ سايىسى... قاتارلىقلار گونچاروۋنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر بىرلەپ ئۆتتى.

گونچاروۋ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئويلانغىنىچە قەلەمنى ئېلىپ، «ئوبلوموۋ» رومانىدىكى تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلەشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا، باش قەھرىمان ئوبلوموۋنىڭ ياشىغان جايى — پېتىربورگدىن 1200 چاقىرىم يىراقلىقتىكى يېزا مەيدانىغا كەلدى. ئۇ يەردە، ۋولگا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدا، ئۆلكە مەركىزىدىن 80 چاقىرىم يىراقلىقتىكى، ناھىيە بازىرىدىن 30 چاقىرىم يىراقلىقتىكى جايدا، ئوبلوموۋ بىخارامان ئۇخلىماقتا...

يازغۇچىنىڭ، گونچاروۋنىڭ پىكىر يوللىرى شۇنچە كەڭ ئېچىلدى، يۇرتىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇنچە جانلاندى. ئۇ كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان بۇ روشەن ئوبرازلارنىڭ غايىب بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، قولىغا رەسىم قەلىمىنى ئېلىپ، مىڭىسىدە ئەكس ئەتكەن يۇرتىنىڭ ھايات كارتىنىسىنى سىزىۋېلىشقا باشلىدى: ئۇ يەردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى، يەپ ـ ئىچىش، شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نەپسى ئۈچۈن تولۇق تەييارلىق كۆرىدۇ، بەزىلىرى ھەر يىلقى ھېيت ـ بايراملار ئۈچۈن، «بىر توپ سېمىز موزاي ـ تورپاقلارنى باقىدۇ»، بەزىلىرى «غازلارنى سەمرىتىش ئۈچۈن، بايرام ـ ھېيت كەلمەستىنلا ئۇلارنى تار خالتىلارغا سولاپ باغلاپ قويىشىدۇ»، بەزىلىرى «ياخشى ھەسەللەرنى چەككىلەپ تەييارلايدۇ»، بەزىلىرى «ئاجايىپ مېزىلىك قىيمىلىق قۇيماقلارنى پىشۇرىدۇ».

گونچاروۋ ئەنە شۇ مەنزىرىلەرنى بىر ـ بىرلەپ سىزىۋالدى. ئاندىن ئۇ مۇشۇ سۈرەتلەرگە قارىغىنىچە، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن تەسۋىرلەشكە كىرىشتى... ئاخىرى «ئوبلوموۋ» رومانىنىڭ بىر بابى — «ئوبلوموۋنىڭ چۈشى»نى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ بابتا تەسۋىرلەنگىنى — ئوبلوموۋ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان نامرات سەھرا — ۋولگا دەرياسىنىڭ قارشى قىرغىقىدىكى ئوبلوموۋكا ئىدى. بۇ بىر باب ناھايىتى جانلىق، ئوبرازلىق، ئەينەن يېزىلغان بولۇپ، ئاپتورنىڭ يۇرتى سىمبىرسكىغا شۇنداق ئوخشىشىپ كېتەتتى، لېكىن ئۇنىڭ يۇرتىنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇرغاندا كۆپ تىپىك ئىدى...

## ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ يېزىلغان رومان

ياپونىيىنىڭ مەشھۇر ئەدەبىي ئوبزورچىسى، رومانچىسى شياۋچۈەن بايۈن «ئەسەرنىڭ تۈزۈلۈشى» دېگەن ماقالىسىدا بىر رەسسامنىڭ ماھارىتى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇ ئات سىزغاندا، ئاتنىڭ بېشىدىن باشلاپ سىزماي، بەلكى ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلاپ سىزىدۇ، دەپ يازغان ھەمدە «ئۆزى سىزماقچى بولغان ئوبيېكتنى راستىن پۇختا ئىگىلىگەن كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، بېشىدىن باشلاپ سىزسىمۇ، بېلىدىن باشلاپ سىزسىمۇ بولۇۋېرىدۇ» دېگەن ئىدى.

رەسساملارغۇ شۇنداق، لېكىن بۇ ئەھۋال رومان يېزىشتىمۇ كۆرۈلگەن. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا روسىيىدە مەيدانغا كەلگەن «ئوبلوموۋ» رومانى ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ

يېزىلغان.

1849 - يىلى، «ھازىرقى زامان كىشىلىرى» ژۇرنىلىدا «ئوبلوموۋنىڭ چۈشى» ناملىق بىر ئەسەر ئېلان قىلىندى، ئۇنىڭدا، ئوبلوموۋ ئىسىملىك بىر پومېشچىكنىڭ چۈشى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئارامبەخش يېزىسىدا ئۆتكۈزگەن بالىلىق دەۋرىنى كۆرىدۇ. ئۇ ئىنتايىن بىكار تەلەپ، بوشاڭ ۋە ھورۇن بولۇپ، كونىۋىيى چىرىك تۇرمۇش ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئەسەردە ئېكسپىلاتاتور سىنىپنىڭ بىر پارازىتنىڭ تىپى چىن رەۋىشتە ئىنچىكە سۈرەتلەنگەن بولۇپ، چىرىك كرەپوستنوي تۈزۈمىنىڭ قانداق قىلىپ ئادەمنى كېرەكسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇۋېتىشىدەك تارىخىي ھادىسە ئېچىپ بېرىلگەنىدى.

ئاپتور گونچاروۋ بۇ ئەسەرنىڭ ماۋزۇسىنىڭ ئاستىغا: ھازىر ئېلان قىلىنغىنى تېخى پۈتمىگەن رومانىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئىزاھات بەرگەنىدى. بۇ، كىتابخانلارنىڭ تېخىمۇ زور قىزىقىشىنى قوزغىدى. بۇ رومان يېزىلىپ پۈتەرمۇ؟ رومانىنىڭ باش قەھرىمانى يەنە ئاشۇ كىرىپسلودا يېتىپ، ئۆزىنىڭ بالىلىق ۋە ياشلىق دەۋرى توغرىسىدا تاتلىق چۈش كۆرىدىغان پومېشچىك بولارمۇ؟ رومانىنىڭ ۋەقەلىكى قانداق قانات يايار؟ كىتابخانلار تولۇق پۈتكەن رومانىنى بالدۇرراق كۆرۈشكە تەقەززا ئىدى. لېكىن، بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، 3، 4 يىل ئۆتۈپ كەتتى، 7، 8 يىلمۇ ئۆتۈپ كەتتى. رومان تولۇق ئېلان قىلىنمىدى. ئاپتور رومانىنىڭ داۋامىنى يېزىشقا ئاجىزلىق قىلغانمىدۇ؟...

گونچاروۋ يېزىشقا ئالدىرىمىغانىدى. ئۇ، رومانىنى تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ ئەينەن يېزىش ئۈچۈن، ئايرىلغىنىغا 14 يىل بولغان يۇرتى سىمبىرسكىغا قايتىپ كېلىپ، يەنىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىپ، نۇرغۇن يېڭى ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، ئاندىن يەنە پېتىربورگقا قايتتى. كېيىنچە، بىر يېڭى ئەھۋال گونچاروۋنىڭ «ئوبلوموۋ»نى يېزىش ۋاقتىغا دەخلى يەتكۈزدى. روسىيىنىڭ بىر ئىسكادرون دېڭىز ئارمىيىسى ۋىس ئادمىرالى فونيازكىننىڭ يېتەكچىلىكىدە پېتىربورگدىن سەپەرگە چىقىپ، يەر شارى ساياھىتىنى باشلىغانىدى، گونچاروۋ فونيازكىننىڭ كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىپ، ياپونىيە ۋە ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ دېڭىز ياقىسىدىكى جايلىرىغا قىلىنغان ساياھەتنى خاتىرىلەۋېلىشقا مەسئۇل قىلىندى. گونچاروۋ «باردا» ناملىق ئۇرۇش پاراخودىغا ئولتۇرۇپ، دېڭىز ياقىسىدىكى ياۋروپا ئەللىرى، ئاتلانتىك ئوكيان، ئافرىقا، مادېيرا تاقىم ئارallىرى، ھىندى ئوكيان، جۇڭگو، ياپونىيە قاتارلىق نۇرغۇن مەملىكەت ۋە جايلارنى زىيارەت قىلىپ، 1855 - يىلى سىبىرىيە ئارقىلىق پېتىربورگقا قايتتى. گونچاروۋ يەر شارى ساياھىتى جەريانىدا، ھەرقايسى ئەللەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ئادەتلىرىنى ئىنچىكىلەپ كۆزىتىپ، «باردا ناملىق ئۇرۇش پاراخودىدا» دېگەن ماۋزۇدا ئىككى توم ساياھەت خاتىرىسى يېزىپ چىقتى، ئۇ مۇشۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ھەم قىزىقارلىق ساياھەت خاتىرىسىنى يېزىش جەريانىدىمۇ، «ئوبلوموۋ» رومانى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىش، ئەسەرنى قورۇشقىدا پىشۇرۇشنى ئۇنتۇمىدى، ئۇ، ئېسىگە كەلگەن قىممەتلىك دېتاللارنى بىر بىرلەپ خاتىرىلەپ قويىدى، بەزىلىرىنى سۈرەت قىلىپ سىزىۋالدى.

1859 - يىلى، «ۋەتەن خاتىرىلىرى» ژۇرنىلىدا «ئوبلوموۋ» رومانى تولۇق ئېلان قىلىندى. كىتابخانلارغا مەلۇم بولدىكى، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ئېلان قىلىنغان «ئوبلوموۋنىڭ

چۈشى» تولۇق رومانىنىڭ بېشى بولماستىن، بەلكى 4 قىسىم 45 بابلىق بۇ رومانىنىڭ توقۇزىنچى بابى ئىكەن (ئالدى بىلەن بىر رومانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر بابىنى يېزىپ ئېلان قىلىپ، 10 يىل ئۆتكەندىن كېيىن قالغان بۆلىگىنى يېزىپ پۈتتۈرۈش — بۇ، ئەدەبىيات تارىخىدا كەم ئۇچرايدىغان ئەھۋال!).

رومان تولۇق ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، گونچاروۋ «جاھان قىياپىتىنىڭ كارامەت رەسسامى» دەپ تەرەپلەندى. روماندا، ئوبلوموۋنىڭ پارازىتلىق، ھورۇنلۇق، ئىقتىدارسىزلىق، ئېزىلەڭگۈلۈك خاراكتېرىستىكىسى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن ئېچىپ بېرىلگەندى. ئاتالمىش «ئوبلوموۋ خاراكتېرى» بىر تۈرلۈك قورقۇنچلۇق ئىجتىمائى ئاپەت ئىدى. ئوبلوموۋ دېگەن بۇ تىپىك ئوبراز كېيىنچە كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق ئۆزگىرىشتىن قورقىدىغان، ھەر قانداق پايدىلىق ئەمەلىي ئىش قىلىشقا دەرمانسىز، ھورۇن، ناكەسلەرنى سۈرەتلەيدىغان ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. «ئوبلوموۋ» رومانى ئېلان قىلىنىپ 60، 70 يىلدىن كېيىن روسىيە جەمئىيىتىدە جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەر بولدى، لېكىن ئۇ رومان ئۆزىنىڭ بەدىئى قىممىتىنى يوقاتمىدى.

لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن، سوۋېت دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتىدىكى نۇقسانلار ئۈستىدە توختالغىنىدا، «ئوبلوموۋ» رومانىنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «روسىيە تۇرمۇشىدا ئوبلوموۋ دېگەن بىر تىپ بار ئىدى. ئۇ، ھامان كارىۋاتتا يېتىپ پىلان تۈزەتتى. ئۇ زاماندىن ھازىرغىچە ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەن، روسىيە 3 قېتىملىق ئىنقىلابنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ھازىرمۇ يەنە بىر مۇنچە ئوبلوموۋلار مەۋجۇت. چۈنكى ئوبلوموۋ پومېشچىكلا ئەمەس، بەلكى دېھقان، دېھقانلا ئەمەس، بەلكى زىيالىي، زىيالىلا ئەمەس، بەلكى ئىشچى ۋە كومپارتىيە ئەزاسى. بىز ئۆزىمىزنىڭ يىغىنلارنى قانداق ئاچىدىغانلىقىمىزغا نەزەر سېلىپ باقساقلا، ھەرقايسى كومىتېتلاردا قانداق ئىشلەيدىغانلىقىمىزغا نەزەر سېلىپ باقساقلا، پىشقەدەم ئوبلوموۋلار يەنىلا مەۋجۇت ئىكەن دەيمىز. شۇڭا، ئۇزاق مۇددەتكىچە ئۇنى تازىلىغان، ئۇنى قامچىلىغاندىلا، ئاندىن ئۇنۇم ھاسىل قىلالىشىمىز مۇمكىن».

تەييارلىغۇچى: ئىخلاس.



## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ئورازبېك سەرسەنبايوپ (سوۋېت ئىتتىپاقى)

# ھەممىدىن نېمە قىممەتلىك؟

مۇشۇ كۈنلەردە ئۆمەر ئەلىنىڭ ھەممىدىن رايى قالغانىدى. ئۇنىڭ تاماققىمۇ كۆڭلى تارتماي، بىر خىل سولىشىپ يۈرەتتى. قۇچىقىغا چىقىۋالغان نەۋرىلىرى بىلەنمۇ بۇرۇنقىدەك سۆيۈنۈپ ئۇزاق ئويناشمايدۇ. يوقىلاڭ ئىشلاردىنمۇ رەنجىپ قالىدۇ. ئاۋۋالقى چاغلاردا ئۇ بارلىق ئاچچىقىنى كەمپىردىن ئالاتتى. ئىككى يىل بولدى. ئەللىك يىل بىللە ئۆتكەن جۈپتىنى قارا يەرگە تاپشۇرۇپ، كېلىنىنىڭ قولىغا قاراپ قالدى. كېلىن دېگەنگە قاتتىقراق گەپ قىلغىلىمۇ بولمايدۇ. باشقا ئىلاج يوق، پەقەت كەچتە ئىشتىن قايتىدىغان يالغۇز ئوغلىنى كۈتىدۇ. ئوغۇل قايسى بىردىگە يېتىشىپ كېتىدۇ دەيسىز: ئاشلىق توشۇش جىددىي كېتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ھېرىپ-ئېچىپ ئۆيگە ئاران كېلىدۇ-دە، تاماقنى يەپلا كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلايدۇ.

كېلىنى بىر نېمە دېگەن بولسا كېرەك، ئەتىگەندە ئىشقا مېڭىۋاتقان ئوغلى ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دادىسىغا گۇمان بىلەن قاراپ:

— دادا، نېمە، ئاغرىپ يۈرەمسىز؟— دەپ سورىدى.

— ھەي بالام، قېرىغان ئادەمدە نېمە دەرمان بار دەيسەن؟— ئۆمەر ئەلى ئېغىر ئۇھ تارتىپ، قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى،— ئاخشام ئاپاڭ چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ چاقىرغاندەك قىلىدۇ.

— نەدىكى گەپلەرنى دەيدىكەنسىز... تېخى يۈزگە كىرىسىز، دادا!— يېشى ئوتتۇزدىن ئاشسىمۇ تېخىچىلا ئەركىلىكى قالمىغان ئوغۇل دادىسىغا چاقچاق قىلدى.

— بىلىمنى ئالالماي قالدىم، بەدەن-بەدىنىم سىقىرايدۇ... ئۇھ!

— دادا، قىزىق ئادەمسىز-دە... بېلىم ئاغرىيدۇ، دەيسىزيۇ، قۇرۇق يۆتۈلۈپ، مەيدىڭىزنى تۇتىسىز، شۇنداق قىلىپ، قەيرىڭىز ئاغرىۋاتىدۇ؟

قويشىغۇل شۇنداق دەپ خىرىلداپ كۈلدى. بوۋاي يېنىدا كۆندىلەڭ ياتقان ھاسا تايىقىنى ئالدى-دە، دادىسىنى ئەخمەق قىلىۋاتقان كۈلگۈنچەككە چەللەپ ئاتتى. ئوغۇل چەبدەس ئىكەن — شارتتىدا

بۇرۇلۇپ تاياقتىن قۇتۇلۇپ قالدى ۋە يەنە
كۆلگىنىچە سىرتتا تۇرغان يۈك ماشىنىسىغا
قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

گويا ئوتتا قاقلىغان مىس تەلەڭگىدەك
قىزىرىپ، قۇياش ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە
ئىدى. دەل - دەرەخ، ئۆي - جاي، قورا -
تاملارنىڭ كۆلەڭگۈلىرىمۇ ئاستا - ئاستا پەيدا
بولۇپ، قارىيىشقا باشلىدى. ئىشىك ئالدىدى-
كى باراقسان باغچىدا تۈنەپ چىققان قۇشلار
ئەمدى قۇياش نۇرىدىن شادلىنىپ ۋىچىرلاپ
سايرىماقتا ئىدى.

بوۋاي ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئۇستى-
دىكى نېپىز ئاق يەكتەكنىڭ پېشىنى كۆتۈ-
رۈپ بېلىگە قىستۇردى - دە، ھېلىلا بالىسىغا
قارىتىپ ئاتقان تايىقىنى قولىغا ئېلىپ، قورو
تەرەپكە ماڭدى. ئۇ ئېغىلدا تۇرغان ئىككى،
ئۈچ كالا بىلەن بەش، ئون قويىنى چىقىرىپ
ئوتلاققا قاراپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۆمەر
ئەلىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىكى مۇشۇ: ئۇ
بۇ ئازغىنا شەخسىي مېلىنى كولخوزنىڭ پادى-
سىغا قوشماي، ئۆزى ھەيدەپ يۈرۈپ باقات-
تى. چۈنكى، كولخوزدىكى ئاشۇ پادىچىنىڭ
تازا بىر ئاقنانچىسى ئىكەنلىكىنى، ئالدىغا
چۈشكەن مالنى قۇرۇق تېقىرلىققا ھەيدەپ
قويۇپ، ئۆزى ئەتىدىن - كەچكىچە دەرەخ
سايىسىدا ئۇخلاپ ياتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
تېقىردا باققان مالغا گۆش قونامدۇ، سۈت
چىقامدۇ؟...

بوۋاي ئالدىدىكى مالنى ئوت-چۆپى
ئەلۋەك كۆل بويىغا ھەيدەپ قويدى - دە،
ئۆزى كۈندىكى ئادىتى بويىچە قوم دۆڭنىڭ
ئۈستىگە چىقىپ، يانپاشلاپ ياتتى. كۈن
ئارقان بويى كۆتۈرۈلگەن بىلەن ھاۋا تازا
قىزىپ كەتمىگەچكە ئۇ ياتقان يۇمشاق قوم
سالقىن ئىدى. كۆك شايى پەردىدەك تىنىق
ئاسمانىدا بىر خىل زەڭگەر شولا ۋىلىلداپ
ئوينىسا، يىراق دەريا بويىدىكى قېلىن
توقاي-لار بىر توپ بۇلۇتتەك تەۋرىنىپ كۆ-
رۈنەتتى - دە، ئۇزۇن ئۆتمەي گويا چۈشكە
ئوخشاش بىردىن غايىپ بولاتتى. يېقىن
ئەتراپتىكى يالىڭاچ قوم دۆڭلەر ئالتىنچى
ئاينىڭ پىژ - پىژ ئاپتىپىدا قىلىپ قورۇلۇپ
كەتكەن قۇيرۇق ياغدەك پۇرۇم -
پۇرۇم بولۇپ ياتاتتى.

چاشكا ۋاقتىدىكى كائىنات تىپ - تىنچ
ۋىلىلداپ تۇراتتى. بۇ كۆرۈمسىز بولسىمۇ
كىچىككىدىن كۆزگە تونۇش، كۆڭۈلگە يېقىن
بىر مەنزىرە. يەنىلا بايىقى ئەگرى - بۈگرى
ساغۇچ بەللەر بىلەن ئۇيەر، بۇيەردە ناسۋال-
چىنىڭ تۈكۈرۈكىدەك چېچىلىپ ياتقان يول -
يول يېشىل ئوتلاقلار كۆزگە بۆلەكچىلا
ئىسسىق كۆرۈنەتتى. بوۋاينىڭ غەش كۆڭلى
مۇشۇنىڭ بىلەن بىرئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغان-
دەك بولدى. ئەپسۇسكى، قىلۋى تەرەپتىكى
چوقچايغان دۆڭلۈككە كۆزى چۈشۈش بىلەنلا
قاش- قاپاقلىرى باشقىدىن تۈرۈلۈشكە باشلى-
دى ئېسىنى بىلگەندىن بېرى كۆرۈپ يۈرگەن بۇ
ئېگىز دۆڭلۈكنىڭ ۋەھىمە سالغۇدەك ھېچ
يېرى يوق ئىدى. بىراق ھېلىقى كۈنى غە-
باتوللا ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەتتىن
كېيىن ئۇ بۇ تەرەپكە قورقۇمسىراپ قاراي-
دىغان بولۇپ قالدى...

ئالايىتەن چاقىرمىسا ئۆزى خالاپ
مەھەللە - كويىنى ئارىلىمايدىغان موللام تو-
يۇقسىزلا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا
ئۆمەر ئەلى ئاۋۋال بىر ئاز تەمتىرەپ قالدى.
ئۇ بىر زامانلاردا ئۆزى بىلەن بىرگە كەت-
مەن چېپىپ دېھقانچىلىق قىلىپ، پۈتۈن
ئۆمرىنى مۇشۇ ئالقانچىلىك مەھەللە ئىچىدە
بىللە ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتقان، كېيىنكى يىل-

لاردا بېشىغا سەللە ئوراپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇپ چىققان بۇ «ئالىم» تەكتۇشى بوسۇ-غىدىن ئاتلىغاندا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى.

بىراق، موللام ھە دېگەندىلا گەپ باشلىمىدى. گۆشكە تويۇپ، چايغا قانغاندىن كېيىنلا ئۇ خېلىغىچە بىر كۆزىنى قىسىپ، ياش باللارچە بۇرنىنىڭ تۆشۈكىنى بارماق-لىرى بىلەن كوچىلاپ ئولتۇردى - دە:

— ھە، ئۆمەر باي، بەندىگە ئۆلۈم بار، قازا بار دەپ ئويلاپمۇ قوياەسەن؟— دەپ توساتتىنلا سوئال قويدى.

بېشىغا سەللە ئورىغان كۈنلىرىدە مۇشۇ غىباتوللا كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۇش-شاق گەپ تاپىدىغان، يوقىلاڭ نەرسىلەرنى مازاق قىلىدىغان تازا بىر شاللاق ئادەم ئىدى. شۇ خۇيى يەنە تۇتۇپ، تىلى قىچىشىپ ئولتۇرغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىغان ئۆي ئىگىسى:

— نېمە، مېنىڭ جىنازامغا قاراپ قالغان بىرسى بارمىكەن؟ — دەپ رەنجىگەن ھالدا جاۋاب بەردى.

غىباتوللا موللىلىقا قولى يەتكەندىن بېرى بۇرۇندىن ئۆزىگە توغرىدىن - توغرا سۆزلەۋېرىدىغان تەگتۇشىنىڭ ئەمدى ئۆزىد-دىن بىرئاز تۆۋەنرەك تۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى.

مولىنىڭ چىرايى سەل تاتىرىپ، ئۇنىڭغا تېگىرقىغاندەك قاراپ قويدى.

— يېشىڭ يەتمىشتىن ئاشقىچە كۆڭ-لۈڭگە تېخى ئىنساپ كىرمىگەن سەندەك ئاسىي بەندىگە نېمە دېگىلى بولىدۇ؟...— دېدى ئۇ، ئاندىن يانچۇقىدىن تەسۋىسىنى ئېلىپ ئۈنسىز ساناشقا باشلىدى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىكتىن قويشىغۇل ۋارقىرىدى:

— دادا، ئۆتۈكىمنى ياماپ قويدى-ڭىزمۇ؟

— ياق، تېخى...

— ۋاي - ۋۇي، دادا، ئەتە تۆگېسىكىنگە ماڭىمىز... بىكار ئولتۇرغىچە ھازىرلا ياماپ بەرمەمسىز؟

— بالام، يېقىن كەل، ئولتۇرغىنا ماۋۇ يەردە!— غىباتوللا، دادىسىغا ئەقىل ئۆگەتمەكچى بولغان بالىغا يېنىدىن ئورۇن كۆر-سەتتى.

قويشىغۇل ئىككى خىيال بولۇپ ئىشىك ئالدىدا بىردەم گىدىيىپ تۇردى - دە، ئۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قاراۋاتقان دادىسىنىڭ رايىغا بېقىپ يېنىدىلا چازا قۇردى - دە، ئولتۇردى. بۇ خۇش خۇي ھالى-تىنى بۇزماي تەسۋىسىنى سېرىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ مۈگۈدەپ ئولتۇرغان مولىلا بىلەن جىنايىتىنى ئىقرار قىلغان گۇناھكار كىشىدەك مۈكچىيىپ ئولتۇرغان دادىسىغا پات-پات قاراپ قوياتتى. غىباتوللا چاچ - ساقاللىرى، ھەتتا قاش - كىرپىكلىرىمۇ ئاپئاق ئاقارغان بوۋاي بولغىنى بىلەن يۈز - كۆزى خۇددى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ، قورۇقلىرىمۇ بىلىن-مەيتتى. روشەنكى، ئۇنىڭ دادىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كېيىنكى يىللاردا ئانچە جان قىينىمايدىغان يەڭگىل «خىزمەت» تېپىۋالغان بۇ بوۋاي يەنىلا تېتىك، قاۋۇل كۆرۈنەتتى: يۈزىدە بىلىنەر - بىلىنمەس قارامتۇل دېغى بار، ئىككى جاۋغىيى تولۇق، ماڭلىيى دۇمباق، قارامتۇل چىرايى پاكىز ھەم يارىشىملىق ئىدى. ئۇنىڭغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ دادىسى كۆرۈمسىز، قارا تۈرۈكتەك بىلىنەتتى. يۇرت ئىچىدىكى ئابرويىدىن ئېيتقاندا، ئۆمەر ئەلى يەنىلا ھېچ كىشىدىن

كەم ئەمەس ئىدى. بىراق، ئاشۇ تەققى - تۇرقى تەرەپتىن كەمتۈكلۈك قىلامدۇ، قانداق... پاقا باش، ئىككى چېكىسى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پاناق بۇرۇن، كۇسا ساقاللىق، يەنە...

قويشىغۇلنىڭ قارىغانسېرى نومۇسى كېلەتتى.

— داداڭ ئىككىمىزنىڭ بىر مەسلەھەتى بار ئىدى، سەنمۇ ئاڭلا! — دېدى غىباتوللا بېشىنى كۆتۈرۈپ.

غىباتوللانىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا يوشۇرۇن كۈلكىسى ئويناپ. خۇددى ھۆرمەتلىك قۇدىسىنىڭ ئالدىدا قوللۇق قىلىۋاتقاندەك تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان ئۆمەر ئەلىگە ھېسداشلىق بىلەن قارىدى - دە:

— ھە، ئۆمەر باي، راستىڭنى ئېيتقىنچۇ، مۇشۇ كۈنگىچە بىرەرسىنىڭ غەيۋىتىنى قىلغان يەرلىرىڭمۇ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئۆمەر ئەلى نېمە دېيىشىنى بىلمەي كاڭگىراپ قالدى.

— كىم بىلىدۇ ... بالا - چاقىنىڭ غېمىغۇ، بەزىدە يالغان سۆزلەپمۇ قويغاندىمىز، — دېدى ئۇ تەمتىرەپ.

غىباتوللا مىيىقىدا كۈلدى:

— بارىكاللا! ھە، ئوغرىلىق قىلغان يەرلىرىڭمۇ بارمۇ؟

— كىم بىلىدۇ، بالا - چاقىنىڭ غېمىغۇ، ئۆتكەنكى يوقسىزلىق زامانىدا بايلارنىڭ ئورىسىدىكى ئاشلىقىغا كۆز تاشلىغىنىمىز راست...

— ھە، بارىكاللا! ئادەم ئۆلتۈردۈڭمۇ؟

— ئۇنداق شۇمپەيلىكتىن ئامانمەن، — ئۆمەر ئەلى موللىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى، — تاق ھېلىقى ئۇرۇش كۈنلىرىدە... بىرەر فاشىستنى يەر چىشلەتكىنىمىز بولمىسا...

— دەرھەق، ئادەم ئۆلتۈرۈپسەن. ھە، ئۇنىڭدىن كېيىن ...

— ھەي، فاشىستنى ئۆلتۈرگىنىم ئۈچۈنمۇ گۇناھكار بولىمەنما؟ — ئۆي ئىگىسى بىردىنلا رەنجىپ قالدى، — ۋاي ئاللا، ئۇ دۈشمەنغۇ ... «دۈشمىنىڭنى ئايىساڭ ئۆزەڭ ئۆلىسەن» دېگەن گەپ بار ئىدىغۇ؟

غىباتوللا كۆزىدىكى مۇغەمبەر كۈلكىسىنى يوشۇرماستىن: «داداڭ نېمانداق ئالجىيدۇ؟» دېگەندەك قويشىغۇلغا قاراپ ئىڭىكىنى كۆتۈرۈپ قويدى. بىراق، قويشىغۇلدا موللىنى قۇۋۋەتلەش نىيىتى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ لېۋىنى چىشلەپ، چىرايىنى بۇزمىدى.

— ئەلۋەتتە، دۈشمەننى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن گۇناھكار ئەمەسسەن، ئۆمەر باي. بىراق ئۇمۇ ئادەم....— غىباتوللا قانداقتۇ بىر نېمىنى بىلدۈرۈشكە تىرىشاتتى.

شۇ ئارىدا قويشىغۇل چىداپ ئولتۇرالمىدى.

— فاشىست ئادەم ئەمەس! — دەپ چورتلا جاۋاب بەردى ئۇ.

موللا بۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ئولتۇرمىدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئۆمەر باي، مۇشۇ ئۆمرىڭدە ئاز گۇناھقا پاتماپسەن، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — يالغان سۆزلەپسەن، ئوغرىلىق قىلىپسەن ... ھاراق ئىچىپ، ناسۋال چېكىپسەن... ھە، شۇ گۇناھلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ غېمىنى يەپ كۆردۈڭمۇ؟ بەش ۋاق ناماز، روزا، ئۆشرە - زاكاتنى ۋاقتىدا بېجىرىپ تۇردۇڭمۇ؟ شۇنى ئېيتقىنا!

— ۋاي - ۋۇي، موللام، شۇنىڭ ھەممىسىگە پۇرسەت بولدىمۇ؟ ئۆزلىرى بىلىدىلا، ئۆمۈر بويى مۇشۇ كولخوزنىڭ مېلىنى

باقتىم. خۇدا ئۆزى كەچۈرۈۋېتەر...

— نېمە؟ خۇدا بىلەن بېتىم تۈزۈپ قول قويۇپمىدىڭلار؟ — غىباتۇللانىڭ چىرايى سەل ئۆڭدى.

— ئەمدى قانداق قىلاي، موللام... ھەممىمىز خام سۈت ئەمگەن بەندىغۇ...

— گۇناھكار بەندىمىز دېگىن! — غىباتۇللا قايتىدىن كۆز يۇمۇپ، تەسۋىسىنى سىرىشقا باشلىدى.

شۇ ئارىدا قويشىغۇل يەنە جىم ئولتۇرالمىدى. چاقىرىلمىغان مېھماننىڭ دىندىنمۇ، پەندىنمۇ ئانچە ساۋادى يوق دادىسىنى خۇدانىڭ نامى بىلەن قورقۇتۇپ، تەكتىسلىمقتا قويغىنىغا غەزىپى كەلگەندى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ سەللىمىلىك بوۋاينىڭ قولدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالىغا يامىشىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى بىر چۈشۈرۈشنى ئويلىدى-دە:

— غىباتۇللا ئاغا، — دېدى «مەۋلام» دېگەن سۆزىنى قەستەن ئېيتماي، — سىز باياتىن بېرى خۇدانى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي ئولتۇرىسىز. ھەي، بىز شۇ شەپقەتلىك ئىگىمىزنىڭ بارلىقىغا گۇمان كەلتۈردىمىز. راستىنى ئېيتقىنىم ئۈچۈن كەچۈرىسىز، ئەلۋەتتە...

غىباتۇللانىڭ تەسۋى سىرىغان بارماقلىرى كىرىشىپ قالغاندەك سەل تىترەپ توختىدى-دە، كۆزىنى ئاچتى. شۇنىدىن كېيىن ئۇ تاتارغان يۈزلىرى بىلەن ئۆمەر ئەلگە قاراپ دېدى:

— ماۋۇ نېمە دەيدۇ؟

ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئاچچىقمۇ، غەزەپمۇ يوق — ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ شەيتاننىڭ سوئالىغا تېڭىرقاشلا بار ئىدى.

دادىسىمۇ گاڭگىراپ قالسا كېرەك، ئاغزىغا تۈزۈك گەپ كەلمىدى:

— ئەستاغپۇرۇللار، ئەستاغپۇرۇللا... — دەپ ئۇچىگە تىنىشقا باشلىدى.

— ھە، ئىسپاتلاپ بېرىڭ، — يوخادىن چىققان قويشىغۇل خۇددى ئۇچۇدىغان بۈركۈتتەك ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويۇپ، قايتىدىن ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇردى.

— نېمىنى ئىسپاتلايمەن؟ — غىباتۇللا سىڭايان بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشاڭغۇراپ، بۇرنىنىڭ ئۇچى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

قويشىغۇل يەنە تەن بەرمىدى:

— خۇدانىڭ بارلىقىغا مېنى ئىشەندۈرۈڭ!

غىباتۇللا مۆلايىملىشىپ قالدى.

— بۇنى ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەمكىن بالام؟ «ئادەمنى خۇدا ياراتتى» دېسەمغۇ، سەن «مايمۇندىن يارالغانبىز» دەيسەن. «ئاسمان، يۇلتۇز نەدىن كەلگەن ئەمەسە؟» دېسەم، سەن «تەبىئەتنىڭ مەھسۇلى» دەيسەن. شۇنداقمۇ؟

قويشىغۇل بېشىنى لىڭشىتتى.

غىباتۇللا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، تەسۋىيسىنى بۇرۇنقىدىنمۇ تېزرەك سىرىشقا باشلىدى.

— خوش، مەن سەندىن بىر سوئال سوراي، بالام...

— سوراڭ.

— سەن ئادەمنىڭ ئەقلى-ھوشى بار دېگەنگە ئىشىنەمسەن؟

— ئەلۋەتتە.

— قانداق ئىشىنىسەن! ئەقىل-ھوش دېگەننى كۆز بىلەن كۆرۈپ، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغۇ؟

— ھە، ئۇ ئەمدى ... — غىباتۇللانىڭ قانداق قاپقان قۇرۇپ ئولتۇرغىنىنى تېخى

سېزىۋالمىغان قويشغۇل گاڭگىراپ قالدى.

— ئادەمنىڭ ئەقلى - ھوشىنى ئىش - ھەرىكىتىدىن، ئىشلىگەن ئىشىدىن، سالغان ئۆيىدىن، تېرىغان دېھقانچىلىقىدىن بىلىمىز، بالام! كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، خۇدامۇ مانا شۇنداق دۇنيانىڭ ئەقىل ئىگىسى ئەمەسمۇ؟

قويشغۇل گەپنىڭ ئاخىرىنى كۈتۈپ سۆز قىستۇرمىدى.

— سەن ئۆزەڭ بالام، گېزىت، ژۇرنال، كىتاب ئوقۇمىسەن؟ ھۈنەر - بىلىمدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ — غىباتوللا ئەمدى سەل تېرىكىپ سورىدى.

— ئۇنىڭ نېمە ئالاقىسى بار؟

— ئۇنداق بولغىنى بالام، ھەر نەرسىدىن خەۋىرى بار بىلىملىك ئادەم زادى مۇشۇ دۇنيادا بىر ياراتقۇچىنىڭ بارلىقى توغرىسىدا «فۇكەيدان» دېگەن كىتابتا قەيت قىلىنغانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا باھا بىلەن پۈتتۈرگەن، پەقەت بوۋاي - موماينىڭ يالغۇز بالىسى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن ئۈزلەپ ئوقۇيالمىغان، بىراق ئىلىم - پەندىن خېلىلا خەۋىرى بار بۇ يىگىت مۇشۇ كۈندە مەھەللىدىكى قېرى - چۆرىلەرنىڭ دىنغا پۈتۈن ئىخلاس بىلەن ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىغا، دىنىي ئىسلامنىڭ ئاسانلىقچە قول تەككۈزگىلى بولمايدىغان بىر دۇنيا ئىكەنلىكىگە شۇ تاپتا كۆزى يېتىپ ئۈنسىز قىينىلىپ ئولتۇردى. بىراق، چامىسى يەتكەنچە «تىركىشىشى» كېرەك، ئەلۋەتتە.

— خوش، خۇدا بار دەيلۇق، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئەقىل تاپقاندەك بولۇپ، — بىراق، ئۇ كىشىنىڭ ئۆزى سىزلەر ئېيتقاندەك يەككە - يېگانە تىرىكچىلىك قىلامدۇ؟

— كۆپۈرلۈك قىلما، بالام، — موللام سىپايىلىق بىلەن ئەسكەرتىپ قويدى.

— دېمەك، خۇدا يالغۇز ئىكەن، ئۇنىمۇ بىرسى ياراتمىشى كېرەككۇ! ياراتقۇچىنىڭمۇ ياراتقۇچىسى بار - دە! سەۋەبىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئەمەسمۇ؟

— ھەي، سەن نېمە دەپ ۋالاقشىۋاتىسەن! - بىر چەتتە ئولتۇرغان ئۆمەر ئەلى غەزەب بىلەن ۋارقىرىدى.

— ئادەمنىڭ ئەقىل - ھوشى بار نەرسە بولغاندىن كېيىن، بۇنى قانداقمۇ ئويلىماي تۇرالىسۇن، — قويشغۇل قىزىشقا باشلىدى، — بىردىنى - بىرى ياراتمىۋاتقان بۇ نېمە ھېكمەت ئۆزى؟ دۇنيا بىر تەرەپتىن گۇمران بولۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. بىرى ئۆلسە، بىرى تۇغۇلىدۇ... مۇشۇنىڭ ھەممىسى كۆكتىكى قۇدرەتنىڭ ئىختىيارىدا دەيسىز، نېمىشقا ئۇنداق بولىدۇ؟ ...

— كۆپۈرلۈك قىلما، بالام، — موللام ئۇنىڭغا خۇش خۇي ھالدا قارىدى، — ئۆزەڭ ئىشەنمىسەڭمۇ باشقىلارنى ئازدۇرما. ساڭىمۇ ئاللاتائالا ئىمان بەرسۇن!

غىباتوللا شۇنداق دېدى - دە، دۇئا قىلىپ يۈزىنى سىيپىدى. بوۋاي بولسا تام تەرەپتە ياتقان ھاسا تايىقىغا قاراپ ئىنتىلدى. دادىسىنىڭ دىلى خېلىلا رەنجىگەنلىكىنى بىلگەن قويشغۇل بىرئاز بىئارام بولدى. ياراتقان ئىگىسى ھەققىدە باشلانغان پاراڭ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى.

بالىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆمەر ئەلى خېلىغىچە خىجالەتچىلىكتە قىسىلىپ ئولتۇردى - دە، سورىدى:

— شۇنداق قىلىپ، گۇناھتىن ساقىت بولۇشنىڭ بىر يولى بارمۇ، موللام؟ — بۇ دۇنيانىڭ ھەلەكچىلىكىدىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچكەن بوۋاي گويا بىر مۇساپىر كىشىنىڭ ھالىغا چۈشۈپ قالغاندى.

غىباتوللا بولسا بوۋاينىڭ بۇنچىۋالا
قىزىقۇق قىلىپ كېتىۋاتقىنىغا ئانچە ئەجەبلەنـ
مىگەن هالدا، ئۇنىڭ باش ـ ئايىغىغا هومىـ
يىپ قاراپ قويدى ـ دە، يېنىك خورسىنىپ
تويدى.

ــ بۇنىڭ يولى كۆپىقۇ، بۇرادەر، ــ
دېدى ئۇ، ــ مەسىلەنكى، بەش ۋاق ناماز،
روزا، خەير ـ سەدىقە ... بىراق، بۇنىڭ هەمـ
مىسىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئۆتەپ تۇرۇشقا سېـ
نىڭ قۇدرىتىڭ يەتمەيدىغانلىقىغا ئىشىنمەن.

ــ شۇنداق، قېرىساڭمۇ تېخى يىورۇق
دۇنيانىڭ قىزىقىغا تويماي يۈرگەن بەندىلەرـ
نىڭ بىرىسەن. بىراق، توغرا يولنى كۆرسىـ
تىش بىزنىڭ پەرزىمىز ... ــ غىباتوللا كۆـ
زىنى شىپپىدە يۇمۇپ، خېلىغىچە شىۋىرلاپ
ئولتۇردى ـ دە، كېيىن يەنە دېدى، ــ سېـ
نىڭ قولۇڭدىن كېلىدىغان بىر ئىش بار، گۇـ
ناهكار بەندەم. تەۋەرۇك «فۇكەيدان» دېگەن
كىتابتا تىرىكلىكىدە ئۆزىگە گۇمبەز قىلىپ
مازار تۇرغۇزسا، ئۇنداق مۇسۇلمان بالىسى
دوزاق ئازابىدىن خالى، دەپ يېزىلغانىكەن.
شۇكرى، تۇرمۇشۇڭ يامان ئەمەس. هېلىقى ...
تەنتەك ئوغلۇڭنى پۈتۈن ئوبلاستقا تونۇلغان
مېخانىزاتور، نەمۇنىچى دەمدۇ؟ يەنە نېمىتـ
تى؟ ... قولخۇجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ ئىماـ
رىتىدە سۆلەتلىك مازار سالىمەن دېسەڭمۇ
هېچ كىشى سېنىڭ قولۇڭنى تۇتۇۋالمايدۇ.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇنداق هەرىكەتنىڭ دىن
يولىغمۇ، قانۇن يولىغمۇ هېچ قانداق زىيىـ
نى يوق. هەتتا ئاۋۇ غەيرى دىندىكىلەرـ
مۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ بېشىغا هەشەمەتلەپ
قەبرە تۇرغۇزۇۋاتىدىغۇ؟ بۇنىڭ ساۋابى غاـ
يەت چوڭ. بارلىق گۇناهتىن قۇتۇلسەن! باـ
قى ئالەمدە جايىڭ جەننەتتە بولىدۇ ...

قوم دۆڭنىڭ باغرىدا! ياتقان ئۆمەر
ئەلنىڭ خىيالىغا نەدىكى بىر نەرسىلەر كەـ
رۋېلىپ، كۆڭلىنى غەم باسقانىدى. ئۇ بۇـ
رۇن ئۆلۈم ــ قازا توغرۇلۇق باش قاتۇرۇپ
كەتمەيدىغان بىر ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ئەندىشە
سېلىپ قويغان غىباتوللانى سىرتىدىن يامانـ
لاپ غودۇرايدۇ ـ يۇ، ئارقىدىن يەنە تەۋۋە
قىلىدۇ. دەرهەق، تۇغۇلماق بار، ئۆلمەك بار.
ئۆلمىسە ئاتا ـ ئاناڭ نەگە كەتتى! شۇلارنىڭ
بىرىنىڭ بېشىدىمۇ بەلگە يوق. شۇلاردىن
نۇرغۇنى ئاشۇ چوقچىيىپ تۇرغان دۆڭنىڭ
ئاستىدا ئىز ـ بەلگىسىز يوقالغان. ئەتە بۇ
ئۆلسە، سۆڭىكىنىڭ قەيەردە چىرىپ تۈگەيـ
دىغىنىنى كىم بىلىدۇ؟ بالىنىڭ بىرى ئەنە:
«خۇدا يوق» دەپ ئالجىپ يۈرگىنى يۈرـ
گەن، ئۇنىڭدىن قانچىلىك ساۋاب كېلىدۇ
دەيسەن. دەرۋەقە، بەندە رىسقى تۈگەپ،
كۆزى يۇمۇلغاندىن كېيىنمۇ تىرىكلەرنىڭ
ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى خالايدۇ.

بۇ غىباتوللا ئۇ دۇنيا، دوزاق، جەنـ
نەت دېگەنلەر بىلەن قورقۇتىدۇ ... بۇرۇن
سوقۇشتا يۈرگەن كۈنلىرىدە زەمبىرەكچى
قىرغىز دوستى بىلەن ئۆزئارا ئۆلۈم
هەققىدە سۆزلەشكەندە: «ئۇ دۇنيادىمۇ هايان
بولسىلا دوزاققا چۈشسەكمۇ مەيلىدى!» دەپ
باللاردەك ئارمان قىلاتتى. مۇشۇلارنىڭ هەمـ
مىسى بەندىلەرنىڭ يورۇق دۇنيانى قىيمايۋاتـ
قانلىقىغۇ! هەي ـ هەي، ئىنسانلار قولىدا بۇ شوم
ئۆلۈمنى يېڭىدىغان ئامالنىڭ يوقلۇقىنى دېـ
سەڭچۇ؟

* *

شۇنداق قىلىپ، ئۆمەر ئەلى ئاقساقال
كۆزىنىڭ ئوچۇقىدا ئۆزىگە مازار سالغۇزدى.
بۇ توغرۇلۇق هەركىم هەر خىل سۆزلەيتتى.
بىراق، بوۋاي بۇنىڭ هېچقايسىسىغا قۇلاق سالـ
غىنى يوق، هەتتا ئوغلىنىڭ پەندى ـ نەسـ
ھەتلىرىمۇ كار قىلمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ بانـ
كىدىكى پۇلىغا ئېغىز ئاچماستىن نوقايدا يايـ

لاۋاتقان بىر ئېتنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ يانچۇقنى پۇلغا توشقۇزدى ـ دە، تۈركىستانغا بېرىپ ئىككى ئۆزبېكنى باشلاپ كەلدى. ئۇ ئىككىسى ئالتە ئاي ياز ئىشلەپ چوقچايغان قۇم دۆڭنىڭ باغرىغا بوۋاينىڭ خالى «خانا» سىنى تۇرغۇزدى. پىششىق خىش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، ئۈستىنى گۈمبەز قىلىپ ياپقان مازار ئەندى يىراقتىن خۇددى قەدىمىي ئاسارە ـ ئەتىقىلەردەك كۆرۈنۈپ، ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

— دادا، گۈمبىزىڭىزنىڭ ئىشىكىگە ئىسىم ـ فامىلىڭىزنى، تۇغۇلغان ـ ئۆلگەن يىللىرىڭىزنى يازدۇرۇپ قويايلىمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر كۈنى قويشىغۇل دادىسىدىن.

— تۇغۇلغان يىلىمنىمۇ يازارسەن، قاچان ئۆلۈشۈمنى قانداق بىلەلەيسەن؟ — دەپ تېڭىرقاپ قالدى ئۆمەر ئەلى.

غىباتۇللا مولla ئۇنى سىرتىدىن ماختاپ ئۇچۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ: «مال باققاندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان قارا تومپايمىكىن دەپ ئويلاپتىكەنمەن، ھەقىقىي مۇسۇلمان مۇشۇ ئۆمەر ئەلى ئىكەن!» دەپ ئۇنى باشقا قېرى ـ چۆرىلەرگە ئۈلگە قىلاتتى. بىراق، ھازىرچە ئۆمەر ئەلىنىڭ يولىنى ياقىلىغۇچىلار چىقماي قالدى. ھەتتا مۇشۇ غىباتۇللانىڭ كۆڭلىدىمۇ ئۇنداق ئوي يوق بولسا كېرەك. ئۆمەر ئەلى «موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما» دەپ بۇرۇنقىلار بىكار ئېيتمىغان ئىكەنغۇ، دەپ بۇ ئەقىل كۆرسەتكۈچىسىنىڭ ئىچىدىن رەنجىپمۇ قوياتتى.

قىش ئۆتتى، ياز ئۆتتى. يۇرت ئۆمەر ئەلىنىڭ بۇ غەلىتە قىلىقىنى بىر مەزگىل گەپ ـ چۆچەك قىلىپ يۈردى ـ دە، ئاستا ـ ئاستا بۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى. ئېگىز دۆڭنىڭ باغرىدا چوقچىيىپ تۇرغان كۆك گۈمبەزگە ئۆمەر ئەلى كۆنۈكۈپمۇ قالدى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۆزىنى قاچان كېلەركىن دېگەندەك بويىنىنى سوزۇپ كۈتۈپ تۇرغان مازار تەرەپكە يېقىنلاشماي، يىراقتىن ئەگىپ ئۆتەتتى. كېيىن ماللىرىنى ئاشۇ دۆڭنىڭ ئەتراپىدا پاخپىيىپ ئۆسكەن يانتاقلىققا قويۇپ بېرىپ يانپاشلاپ ياتىدىغان بولدى.

بىر كۈنى، مازارنىڭ ئەتراپىدا مال بېقىۋاتقان بوۋاي يېقىنلا بىر يەردە ئوقۇلۇۋاتقان قىرائەت ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بىر مويسىپىت ئۇنىڭ گۈمبىزى ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، مۇڭلۇق سوزۇپ قۇرئان ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ كۆزىنى چىڭ يۇمغان بولۇپ، ئاۋازى ئاجايىپ مۇڭلۇق ئىدى. ئۇ ئۆمەر ئەلىنىڭ شەپىسىنى بايقىسىمۇ، پەرۋامۇ قىلماستىن «كۆردۈڭمۇ؟» دېگەندەك تېخىمۇ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى. نېمە ئىلاج، غايىپتىن پەيدا بولغان «ئەۋلىيا» نىڭ قىرائىتىنى بۇزۇشقا پېتىنالمىغان ئۆمەر ئەلى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئوڭدىسىغا يانپاشلىدى.

ئۇ بىر كەمدە قىرائەتنى ئاران تۈگىتىپ، دۇئا قىلدى. شۇندىن كېيىن ھەيرانلىق بىلەن بوۋايغا قارىدى.

— ھەي، سەن نېمىشقا دۇئاغا قول كۆتەرمەيسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ رەنجىگەن ھالدا.

— ئاتامنىڭ بېشىغا دۇئا قىلاتتىممۇ؟ — بوۋايمۇ ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىدى.

— ۋوي، ماۋۇ بەدبەق نېمە دەيدۇ؟... مۇسۇلمان ئەمەسمۇ سەن؟

— تېخى ئۆلمىدىم، ئۆزەمگە ئۆزەم قۇرئان ئوقۇپ نېمە قىلاتتىم؟

ھېچنېمىگە چۈشەنمىگەن مويسىپىت چاپىنىنىڭ پېشىنى قېقىپ ئورنىدىن تۇردى.

— سەن ئوكمۇ، ساراڭمۇ؟ نېمانداق ئالجىپ ئولتۇرىسەن؟ — دېدى ئۇ ھاسا تاي-

قىنى تېقىمىغا بېسىپ، سىڭايان بولۇپ ياتقان ئۆمەر ئەلىگە قورقۇمسىراپ قاراپ.

ئۇنىڭسىزمۇ بوغۇلۇپ تۇرغان ئۆمەر ئەلى قولىنى شىلتىپ ۋارقىرىدى:

— ئۆزەڭ ساراڭ نېمە ئىكەنسەن! ماۋۇ تۇرغان مېنىڭ مازارىم. بىراق مەن تېخى تىرىك. تىرىك ئادەمگە قۇرئان ئوقۇغاننى نەدىن كۆرگەن سەن هابدال؟ ...

يولۇچىنىڭ رەڭگى تاتىرىپ كەتتى. ئۇ ئاغزىنى مىدىرلىتىپ، تىلىنى ئايەتكە زورلايتتى. ئىككى كۆزى بولسا ئۆمەر ئەلىدە ئىدى. شۇ ئارىدا ئۆمەر ئەلى ناتونۇش كىشىگە قاراپ دېۋەيلىدى.

— ئۆزەڭ نەدىن كەلگەن هابدالسەن؟ ماۋۇ گۈمبەزنىڭ ئىچىدە كىم ياتقىنىنى بىلەمسەن؟ ... — ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتقان هالدا هېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— هوي - هوي، بۇ كۆك گۈمبەزنىڭ ئاستىدا ئاللاتائالانىڭ سۆيگەن قۇلى، تىرىكلىكىدە هارام يەرنى دەسسىمەي، ئالا يىپنى ئاتلاپ كۆرمىگەن چىن مۇسۇلمان بالىسى ياتىدۇ. هە، سەن كېلىپ ... ئاغزىڭ سېسىق ناسۋال پۇراپ ... ئۇنىڭ روهىغا ئارام بەرمەيسەن، ئىمانسىز!

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئويمانىدىكى سۆكسۆككە باغلاقلىق تۇرغان ئېتىغا قاراپ ماڭدى. شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۆمەرئەلى بۇ چوقچايغان تۆپىلىككە ئاياق باسمايدىغان بولدى.

ئارىدىن ئون يىلچە ۋاقىت ئۆتتى. بىراق، ئۆمەرئەلىنىڭ تېخى ئۆلۈش نىيىتى يوق ئىدى. ئاندا - ساندا يەل تۇرۇپ قېلىپ يېتىپ قالغاندىلا هېلىقى دۆڭلۈكتىكى سۇرلۇك گۈمبەز ئېسىگە چۈشۈپ قالاتتى ... قېرى بولغىنى بىلەن ئۆيدە جىم ئولتۇرالمايدۇ. ماللارغا قاراش، باغدىكى دەل - دەرەخلەرنى

پەرۋىش قىلىش دائىم ئۇنىڭ بوينىدا ئىدى. باللار ئاللىقاچان كارغا كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەپ ۋارقىراپ، ئۇرۇشۇپ، دوشكەلەپ يۈرۈشتىن ئۆزىگە ئوبدان لەززەت ئالىدىغان ئوخشايدۇ.

كۆزىنىڭ ئۇچۇقىدا مازار تۇرغۇزۇپ، زور ساۋاب ئىشىنى بېجىرگەندەك قىلغان بىلەن ئۆمەرئەلى بەربىر مۇرىتلىق يولىغا چۈشەلمىدى. ئۆمرىدە مەكتەپ كۆرمىگەن ئادەم ئۇچۇن قېرىغاندا كىتاب سۆزىگە ئىخلاس قىلىپ، «ئالىملار» بىلەن ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆھبەت قۇرۇپ ئولتۇرۇش تولىمۇ قىيىن ئىش ئوخشايدۇ. غىيباتۇللامۇ قالتىس ئادەم ئىكەن، دېگىنىنى قىلدۇرغىنىغا قانائەت قىلمىغاندەك، ئىككىنچىلەپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ ئولتۇرمىدى.

قويشىغۇلنىڭ تېگىشلىكىنى بېرىپ، ئۆي ئايرىپ چىقىرىپ قويدى. ئۇ هازىر مۇشۇ كولخوزدىكى بىر ئەترەتنىڭ بىرىگادىرى ئىدى. مىجەزى يەنە شۇ — دادىسىغا ئەركىلەپ چاقچاق قىلىپ يۈرىدۇ. بىراق، يۇرت ئاهالىسى ئاۋۇپ، ئىگىلىك كۆپەيگەنسېرى دادىسىنى يېڭىدىن ئايرىمايدىغان «ئەقىل خالتىسى» قىلىۋالغانىدى. ئىشقىلىپ بۇ ئۆيدە ئۆمەر ئەلىنىڭ رازىلىقىسىز هېچكىشى قىل تەۋرىتەلمەيدۇ. شۇڭا بوۋاي بەزىدە: «مەن ئۆلسەم، بۇ بىچارىلەر قانداقمۇ كۈن ئالار؟» دەپ غەم قىلىپمۇ قوياتتى. ئىشقىلىپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ يورۇق دۇنياغا هازىر كېرەك ئىكەنلىكىنى تىرىكلىكىدە دەللىلەپ، ساناقلىق كۈننى يەنە قانداق ئۇزارتىش ئۈچۈن تەڭرىنىڭ رەهمىتىنى كەلتۈرۈش خىيالىمۇ بار ئىدى.

ئادەم ياشانغانسېرى تەكتۇشلىرىنىڭ ئازىيىپ، «ئۇ تەرەپكە» ئاتلىنىدىغانلارنىڭ نۆۋىتى ئۆزىگىمۇ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆڭلىدە سېزىدۇ - يۇ، بىراق باردىغان شۇ يەرنىڭ يەنىلا يىراقراق تۇرۇشىنى خالايدۇ. بوۋايمۇ نەدىكى بىر گەپكە ئىشىنىپ، ئۆزىگە

بۇرۇن مازار سالدۇرۇپ قويغانلىقىغا ئۆكۈ-
نۈشكە باشلىدى. كېيىنكى يىللاردا ئۇ يىراق-
تىن چوقچىيىپ تۇرغان گۈمبەزنى كۆرسە،
كۆڭلىدە، «يەر تەۋرەپ، يا بىر دەريا تېـ-
شىپ ئۆرۈلۈپ كەتسىدى» دەپ تىلەيدىغان
بولدى.

شۇ تىلىكى قوبۇل بولدىمۇ ياكى تە-
لىيى ئوڭدىن كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ بىر كۈ-
نى ئۆمەر ئەلى ئۆزىگە ئاتاپ سالدۇرغان
بۇ مازاردىن ئوڭايلا قۇتۇلدى.

بۇ دۇنيادىكى رىسقى تۈگەپ، ئۇلۇغ
سەيشەنبە كۈنى غىباتۇللامولىلا دۇنيادىن
ئۆتتى. مەرھۇمنىڭ جىنازىسىغا ئاۋۇل جاما-
ئەتلىرى تولۇق يىغىلدى. قاۋاندەك بەش
ئوغۇل ئۆستۈرگەن مويسىپىتنىڭ ھازىسى يا-
مان بولمىدى. نۇرغۇن مال سويۇلۇپ، ساماق-
دەك پۇل خەجلەندى.

مۇشۇنداق ئۆپۈر - تۆپۈرنىڭ ئۈستىدە
غىباتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئۆمەر ئەلىنى خا-
لى يەرگە چاقىرتىۋېلىپ مەسلىھەت سالدى.

— ئۆمەر ئاغا، سىز ئاۋۇ بوش تۇر-
غان مازىرىڭىزنى بىزگە سېتىڭ! — دېدى ئۇ.

بوۋاي بۇ گەپكە بىر ئىشىنىپ - بىر
ئىشەنمەي:

— سات دېگىنىڭ نېمىسى؟ ئۇنى
نېمە قىلىسەن؟ — دېدى ئەجەبلىنىپ.

— دادامنى سىزنىڭ شۇ تەييار
يەرلىكىڭىزگە قويساقمىكىن دېگەنتۇق.

— ھە...، يەر كۆپقۇ، سالدۇرساڭ
بولمامدۇ؟

— ئىش مۇنداق ئۆمەر ئاغا... — غىبا-
تۇللانىڭ بالىسى يەردىن بىر چىۋىقنى
ئېلىپ جىجاشقا باشلىدى، — ئۆزىڭىز بىلى-
سىز، بىزنىڭ دادىمىز مۇشۇ ئايماقتا خېلىلا
يۈز ئابرويلۇق كىشى... بۇنداق ئادەمنى
قورۇق يەرنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ كۆمۈپ
قويۇش ئۇيات تۇ. جامائەت كۈلمەمدۇ! ئەمدى
سىزنىڭ مازىرىڭىز بىكار تۇرغاندىن

كېيىن...

— نېمە، ماڭا ئارتۇق كۆرۈۋاتامسەن؟ —
مىجەزى ئىتتىك ئۆمەر ئەلى ئاچچىقلىنىپ
قالدى، — موللا - ئىماملار كۆك گۈمبەزنىڭ
ئاستىدا ياتسۇن - يۇ، بىزدەك قارا تۇرۇك-
لەرنى قارا يەردە چىرىسۇن دېگەن قائىدە -
يوسۇن بارمىكەن؟

— بوش تۇرغاچقا دېگىنىمغۇ، بۇنداق
كۆڭلىڭىزگە ئالىدىغان بولسىڭىز بولدى.
دېمىدۇق... — غىباتۇللانىڭ بالىسى مېڭىشقا
تەمشەلدى.

ئوڭدىن كەلگەن تەلەيىنى قاچۇرۇپ
قويماسلىق ئۈچۈن بوۋاي دەرھال ئۇنىڭ
پېشىگە ياماشتى.

— ئالدىرىمساڭچۇ، بالام! شۇنداق
قىلىپ بۇنىڭ ئۆزى شەرىئەت يولىغا قارشى
كەلمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭقىسلىق-
تا قالغانلىقىنى بىلدۈرۈپ.

— شەرىئەتكە سېلىپ نېمە قىلاتتۇق؟
دادا مېنىڭكى. ئۇنى نەگە قويسام ئىختىيار
ئۆزەمنىڭ ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق، بالام. بىراق كۈلكى-
گە قالارمىزمىكى؟

— يۇرتىنىڭ كۈلكە قىلىشقا ھېچ
ھەققى يوق.

— ئۇغۇ شۇنداق... — ئۆمەر ئەلى
يىگىتكە سىناق نەزەرى بىلەن قارىدى، —
شۇنداق قىلىپ قانچە بېرىسەن؟

ئالارمەنىنىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم
جىلۋىلەندى.

— ئىككى مىڭ سوم، — دېدى ئالار-
مەن.

بوۋاي رەنجىپ قالدى.

— ھەي بالام، ئۇن مىڭمۇ ئاز كېلى-
دۇ...

— مازىرىڭىزنى تۈنۈگۈن بېرىپ كۆرۈپ
باقتىم. ھۇلى تېگى - تېگىدىن يېرىلىپ،
كېسەكلىرى ئۆرۈلۈشكە باشلاپتۇ، گۈمبىزى-

نىڭ سىرى كېتىپ، تۆمۈر رىشاتكىلىرى داتلىشىپتۇ. كېيىم يالغانمۇ؟

— ھەي، ئۇن يىل ئۆتۈپ كېسىكى ئۇۋۋاسا، ئۇنىڭ نېمە يامىنى؟

— مانا، مانا، ئۇن يىل!... ئۇن يىلدا تالاي نەرسە تۇزۇيدۇ، تالاي قىممەتنىڭ خۇنى كېتىدۇ. ئىككى مىڭ ئاز پۇل ئەمەس، ئۆمەر ئاغا!

— ھەي بالام، مەن شۇ مازارنى سالمەن دەپ بار مېلىمنى قۇرۇتمىدىممۇ؟ ياللىغان ئۇستىلىرىممۇ تازا بىر ئاچكۆزلەر ئىكەن... ئالتە ئاي ياز يېتىپ ھېچنەرسەمنى قويمىدى! — بوۋاي يەنىلا سودىنى قىزىتىشقا باشلىدى، — ھەممە ماتېرىيالنى شۇنداق يىراق يەردىن كىرا قىلىپ توشۇتتۇم. ھەتتا سۇنىمۇ ئۈچ سومدىن تۆلەپ توشۇتتۇم بالام، قەرزگە بوغۇلۇپ كەتتىم.

— شۇنداق قىلىپ بولىدىغان يېرى قانچە؟

— بەش مىڭ.

— قويىڭا، بەش مىڭغا گۈمبەز ساتقاننى نەدىن كۆردىڭىز؟ ئۇيات ئەمەسمۇ؟...

غىباتۇللانىڭ بالىسى يەنە كېتىشكە تەرەددۇتلەندى.

—بوپتۇ، ئۈچ مىڭ بولسۇن، موللىكامدىن نېمىنى ئايايتتىم؟ — بوۋاي بىردىنلا بەل قويۇۋەتتى.

غىباتۇللانىڭ بالىسى ئەمدى قولىدىكى چىۋىق بىلەن يەرنى جىجاپ ھېسابلاشقا باشلىدى.

— مەسىلەن، — دېدى ئۇ، — بۇنىڭغا قانچىلىك ماتېرىيال كەتتى دەپ ئويلايسىز؟... كۆپ بولسا ئون مىڭ قىزىل خىش... بەش تونىنا سېمونت... سورتى قانداق ئىدى؟... ئۈچ تونىنا ھاك... يەنە، يەنە... ئون سەككىز مېتىر تۆمۈر تۇرۇبا، تۆمۈر ئىشىك... يەنە نېمە بار؟ ئون نەچچە كىلو سىر، يەنە، يەنە... ئۇستىلارنىڭ ئىش ھەققى، كىراھەققى، قۇم - تاش بولسا ھەقسىز. مانا، قانداق چوتقا سالسىڭىزمۇ ئىككى مىڭ سومدىن ئاشمايدۇ.

— ئۈچ مىڭ، بالام، ئۈچ مىڭ!

ئالارمەننىڭ سودىنى بۇنىڭدىنمۇ ئەرزەنلىتىشكە كۆزى يەتمىسە كېرەك، ئورنىدىن تۇرۇپ بوۋاينىڭ قولىنى تۇتتى.

— ماقۇل، كېلىشتۇق، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ، موللىكامنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن سېلىنغان گۈمبەزلىك مازار يەنە موللىكامنىڭ ئۆزىگە قايتتى. ئۆمەرئەلى بۇ ئىشنىڭ توغرا - خاتالىقى ھەققىدە ئويلىنىپ ئولتۇرغىنى يوق. ئۇ يىراقتىن قول پولاڭلاتقاندەك چاقىرىپ تۇرغان سىرلىق مازاردىن قۇتۇلغىنىغا خۇشال ئىدى.

قويشغۇلمۇ:

— دادا، سىز ئەمدى ئۆلمەيسىز. لوقمان ھاكىمدەك ئۇزۇن ياشايسىز. ئەجەلنى يەڭگەن دەسلەپكى ئاتا قازاق سىز بولدىڭىز! — دەپ دادىسىنى خېلى ماختىدى.

«— ھى، ئۆلمەيدىغان بەندە بولامدۇ...— دەپ تۆۋە قىلاتتى ئۆمەر ئەلى ئىچىدە، — شەيتاندىن باشقىسىنىڭ ھەممىسى رىسقى پۈتكەن كۈنى خۇداغا ئامانەتنى تاپشۇرىدۇ. بىراق، يورۇق دۇنياغا يېتىدىغان نېمە بار؟ مۇنداق ياتىراپ تۇرغان كۈن بىلەن خۇش پۇراق يەردىن، ساپ ھاۋا ۋە ئىچكەن ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ قىممەتلىك نەرسە بارمۇ؟»

(سوۋېت «قازاق ئەدەبىياتى» گېزىتىنىڭ 1984 - يىل 20 - يانۋار سانىدىن ئېلىندى.)

ئابدىراخمان ئەبەي تەرجىمىسى.

جانىنى ئېلىپ خۇشلۇقتا كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي، چاپقانچە ئۇدۇل ئوردىغا كېلىپ پادىشاھقا ئىككى قوللاپ سۇنۇپتۇ. پادىشاھ بۇ نۇرلۇق مارجاننى ئېلىپ ئالدىنقى گۆھەر مارجان بىلەن ئىككىسىنى جۈپلەپ بىر جايغا قويغان ئىكەن، پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇرۇۋېتىپتۇ. پادىشاھ بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، ۋەدىسىگە بىنائەن ھاۋازغا يۈز تىللا ئىنئام قىپتۇ ۋە ئۇنى ئۇلۇك قول ۋەزىرلىككە تەيىنلەپ، بېشىغا تاج كەيدۈرۈپتۇ. ھاۋاز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، پادىشاھنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ، تەۋققۇز تازىم قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئىلتىپاتىغا چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ.

ئارىدىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتۈپتۇ. پادىشاھ كىشىلەردىن «ئەگەر كىمكى ئاشۇ خاسىيەتلىك يىلاننىڭ ئۆتىنى يېسە ھەرگىز قېرىمايمىش، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەرمىش» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپتۇ.

پادىشاھ بىر كۈنى ھاۋاز ۋەزىرنى يېنىغا چاقىرتىپ، خاسىيەتلىك يىلاننىڭ ئۆتىنى ئەكىلىپ بېرىشنى بۇيرۇپتۇ ۋە ئەگەر يىلاننىڭ ئۆتىنى يەپ راستىنلا قېرىماي ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان بولسا، پادىشاھلىق ئورنىنى ھاۋاز ۋەزىرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى شاھلىقتىن چۈشۈپ ئۆيىدە ئارام ئالىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئەسلىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئاچكۆز، ئەمەلپەرەس ھاۋازنىڭ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، خۇشلۇقى ئىچىگە پاتماي قاپتۇ-دە، يىلاننىڭ ئۆتىنى ئەكىلىپ بېرىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە پادىشاھقا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپتۇ.

ھاۋاز يىلاننى ئىزدەپ تېپىپتۇ. يىلانغا سالام بېرىپ ئالدى بىلەن يىلاننىڭ قىلغان شەپقىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپتۇ. ئاندىن يىلانغا:

— بىز قىيامەتلىك يېقىن دوست بولدۇق، سېنى ئەڭ ئاخىرى يەنە بىر قېتىم ياردەم قىلارمىكىن دەپ ئىزدەپ كېلىشىم دەپتۇ. يىلان:

— ساڭا يەنە قانداق ياردەم كېرەك؟ گېپىڭ بولسا ئوچۇقىنى ئېيتىۋەرگىن، — دەپتۇ.

— بۇ قېتىمقى تەلىپىمنى ئېيتىشقا پېتىنالمايۋاتىمەن.



— ئېيتىشقا پېتىنالمايدىغان قانداق تەلەپ ئىكەن ئۇ؟

— پادىشاھ قېرىماسلىق ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ئۈچۈن سېنىڭ ئۆتىڭنى ئېلىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. بۇ سېنىڭ ھايات-ماماتىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزەممۇ بىلىمەن. ئەمما پادىشاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سېنىڭ ئۆتىڭنى ئالالماي بارسام، پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ تۈگەشكىنىم شۇ. مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەلىپىمنى يەردە قويمىساڭ ئىكەن، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ ھاۋاز.

ھاۋازنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان يىلان غەزەپتىن تىترەپ كېتىپتۇ ۋە:

— مېنىڭ ئۆتىمنى ئالماق ئانچە قىيىن ئەمەس، ئۇنداق بولسا يېقىن كەل، ئاغزىمدىن ئۆتىمنى ئېلىۋالغىن، — دەپ، قورقۇنچلۇق نەشتىرىنى چىقىرىپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بېرىپتۇ. ئاچكۆز، بەدنىيەت ھاۋاز ئەمدى يىلاننىڭ ئۆتىنى ئېلىپ پادىشاھقا تاپشۇرۇپ، پادىشاھلىق تەختىگە ئىگە بولىدىغان بولدۇم دەپ خۇشال بولۇپ، قورقۇشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، يىلاننىڭ ئاغزىغا قولىنى ئەمدىلا سوزۇشىغا يىلان ئۇنىڭغا نەشتىرىنى سانچىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاچكۆز ۋەزىر ئۆزىنىڭ جېنىدىنمۇ ئايرىلىپتۇ.

رەتلىگۈچى: ئابدۇراخمان مۆمىن.

مىرزاھىد كېرىمى

# گۈزەل تۇيغۇلار

## پارچىلار

يېشىل ياپراق شىلدىرلايدۇ شېخىدا،
ئۈرۈپ تۇرغاچ يان - يېنىدىن سوغ شامال.
ھاياتنى ئۇ ياخشى كۆرگەچ ياشناپتۇ،
ئەندىشىسىز كۆكلەپ قىشتا بىمالال.
بەجايىكى ئوخشاپ تۇرار مۇشۇ دەم
بەرگى يارىم رومىلىنىڭ رەڭگىگە.
ئەتراپ ئاپئاق.
ئۆزۈم تەنھا،
ئۇ يېشىل...
تەلمۈرۈپ ئاھ، ئۆتتۈم گۈزەل ۋەسلىگە.

## ئايدىڭ كېچىدە...

خىيالىمدا شۇ ئاق بىلەك قارا كۆز
قىيا بېقىپ، پىيالىغا چاي قۇيار.
دەيدۇ گويا قۇلىقىمغا پىچىرلاپ:
«نەدە بولساڭ مەن ساڭا چىن غەمگۇزار...
ئاشۇ يېشىل دېرىزىنىڭ كەينىدە
ئىنتىزارمەن، سېنى كۈتۈپ تۇرىمەن.
تۈن يېرىمدىن ئاشتى، يېتىپ ئۇخلىۋال،
مەن چۈشۈڭگە كىرىپ بىللە بولىمەن.»
ياتسام ئايمۇ مارىلايدۇ كۆزنەكتىن،
قانداقمۇ چۈش كۆرەي ئۇيقۇم كەلمىسە.
شۇندا تونۇش يېقىملىق ئۈن ئىشتىلەر:
«كىتاب ئوقى، كىرمە خىيال كەينىگە...»
روھىم ئۇرغۇپ مەن بەتلەرنى ئۆرۈيمەن،
تەسەۋۋۇرۇم ئېلىپ چىقار سەيلىگە.

ئاي ئۈستىدە دەيدۇ يارىم: «ئۆلچىنەر
ئىنسانلارنىڭ ھالال ئەجرى بەيگىدە.
ئىشتىياقىڭ نەدە بولسا شۇندىمەن،
يولغا چىقساڭ غايىبانە بىللىمەن.
ئەگەر كۆزۈڭ گۈلگە چۈشسە گۈلدىمەن،
تۈنگە چۈشسە چىرىقىڭمەن ئۆچمىگەن.
نەدە بولساڭ شۇ يەردىمەن ۋە لېكىن،
ئويلاپ مېنى ئۇخلاپ قالما سۈبھىدەم.
كېچە ئەمەس، كۈندۈزىمۇ ئەسكە ئال
باقىقىڭدا جىلۋە قىلغان كۈنگە ھەم...»
ئەگەر شۇ دەم دىلبەر بولسا يېنىمدا
سۆزلىرىڭنى ئاڭلىدىم، دەپ سۆيەتتىم.
سۆيگۈ ۋاپا بىلەن ھايات كۆكىرەر،
ھايات نېمەك سەن ۋە مەن، دەپ كۈلەتتىم.

## سۇ ئۈستىدىكى باغچا

زۇمرەت كەبى سۇ ئۈستىدە گۈل باغچا،
چۈشكەن كۆلگە كۆلەڭگىسى راۋاقىنىڭ.
زىلۋا قىزدەك ئېگىلگەندە كۆك ئارچا،
يەلپۈنىدۇ سۇمبۇل چېچى قىرغاقىنىڭ.

يەغلاۋاتقان پەرىمىدۇ، ھۆرمىدۇ؟
چېچىلاتتى تارام - تارام ئۇنچىلەر.
باقسام فونتان ئىكەن تۇرغان ئېتىلىپ،
يۇيۇلاتتى قىزارغان گۈل - غۇنچىلار.
پالاق ئۇرۇپ قېيىق ھەيدەپ بارىمەن،
سەيلى قىلىپ، سۈرۈپ ھايات پەيزىنى.
گۈزەل يارنى مەن ناخشامغا قاتىمەن،
ئىزدەپ گۈلباغ ئىچرە زىبا ۋەسلىنى.
پالاق ئۇرۇپ قېيىق ھەيدەپ بارىمەن،
يارىم كۆڭلى ماڭا ھەمراھ ھەرقاچان.
ئۆتكىنىمدە ئەگمە كۆۋرۈك ئاستىدىن،
كۆتۈرۈلدى كۆل ئۈستىدە ئاق تۇمان.

كۆرۈنگەندەك بولدى جانان رومىلى،
مەن شۇڭغۇدۇم ئاق تۇماننىڭ ئىچىگە.
رومال ئەمەس، ھەسەن - ھۈسەن ئىدى ئۇ،
فونتان پەيدا قىلغان كۆلنىڭ يۈزىدە.
قارايمەن شۇ رەڭدار ھەسەن - ھۈسەنگە،
مەن سۆيىمەن گۈزەل نۇرلۇق ھاياتنى.
نىچۈن تەگرىم مەندىن ئاياپ قالغاندۇ،
قۇشقا بەرگەن ئاپئاق پەينى، قاناتنى؟
ئويلاپ بىلدىم مۇشۇ تۇرقۇم بولاركەن،
قانات ماڭا نامۇناسىپ كېلەركەن؛
ئىنسان ئۈچۈن گۈزەل قانات ئوي - پىكىر،
پىكىر قىلىپ مىرادىمغا يېتەرمەن...

### كۈنلۈك

قىيا ئوچۇق دېرىزىدىن قارايمەن،
چۈشەر يامغۇر يەرگە سۇدەك سېپىلىپ
كوچىلاردا قىزىل لەيلى، ئاق لەيلى
كەتكەندى پورەك بولۇپ ئېچىلىپ.

قايسى ياققا باقسام شۇنداق كۆرىنەر،
لەيلى گۈلگە تولغانىدى دالىيەن.
ھۈنەر - سەنئەت لەيلى گۈلدەك ئېچىلىپ،
بولغانىدى ئادەملەرگە سايىۋەن...

### ئۈچرىشىش

مەن ساڭا قول ئۇزاتقاندا يېقىنلاپ،
ئىختىيارسىز ياشلىقىمنى يادلاندىم.
ھەسرەتلىك ئاق چۈشكەن قارا چېچىڭدىن
رەيھانگۈلنىڭ ھىدى كېلىپ شادلاندىم.

ئىنتىزارلىق تارتىپ جانان ساقلاپسەن
نازاكەتلىك ياشلىقىڭنىڭ ھىدىنى...
سۆيگۈ شۇنداق بېغىشلايدۇ گۈزەللىك
ئادەملەرنىڭ ياشارتىپ جان - دىلىنى.

1985 - يىل، ئاپرېل - ئىيۇن، بېيجىڭ - شاڭخەي.

**ماخمۇت مۇھەممەت**

# شېئىرلار

## يار كۈلسە

يار كۈلدى، لېۋىدىن تۆكۈلدى ئۇنچە،
تۆكۈلدى قىزىلگۈل، تۆكۈلدى مودەن.
يار كۈلسە ئالەمگە گۈلدەستە ياغار،
يار كۈلسە ياۋاندا پەيدادۇر چىمەن.

يار كۈلدى، لېۋىدىن تۆكۈلدى شېكەر،
تۆكۈلدى ئىپارۇ، تۆكۈلدى ئەنبەر،
يار كۈلگەچ بۇ ھايات شېرىندۇر ماڭا،
مەن تىرىك ئۆلۈك مەن، يار كۈلمىسە گەر.

## ياخشىغىمۇ بىر دىشۋارچىلىق

ياخشىنىڭمۇ بېشىدا بىر ئوت،
بىر ياخشىغا تىكىلەر مىڭ كۆز.
مىڭ پايلاقچى ھەر قەدىمىگە،
بىر ئىشىغا توقۇلار مىڭ سۆز.

يامانلاردىن بارچىمىز بىزار،
ياخشىلارغا يېپىشتۇق شۇڭا.

ياخشىلىقنىڭ ئىمتىھانىنى،
مىڭبىر پۇتاق قىلىشتۇق شۇڭا.

ياخشىلارغا دىشۋارچىلىق كۆپ،
ياخشى بولماق شۇڭلاشقا مۇشكۈل.
بېغىشلايمەن شۇ ھالەتتىمۇ،
ياخشىلىققا ئۆمرۈمنى پۈتكۈل.

## خىسلەت ئۆلگىسى

بال ھەرىسى (ئاڭلىغانمۇ سىز)،
ھەسەل توكەر ئاغزىدىن ئىنغا.
قەھرىم كېلەر، شۇنى ئويلىسام،
پىتنە توكەر ئىنسانىي تىلغا.

بال ھەرىنى كۆزگە ئىلمايمىز،
ئارتۇق بىراق خىسلەتتە بىزدىن.

تىلىڭىزنى چاقتۇرۇڭ ئاڭا،
پىتنەخورلار، تىلەيمەن سىزدىن.

ئىللىتىڭىز ئۆتتۇپ ھەرىگە،
ئەجەپ ئەمەس شىپا تاپسىڭىز.
بال بەرمىسە بەرمىسۇن ھەرە،
سىزلا شېرىن تىل بوپقالسىڭىز...

## پۇشايمان

پۇشايمانمۇ زۆرۈر بەزىدە،
شىلتىڭ ئېتىپ يىقىلغان ئەرگە.
ئۆكتىدۇ پۇشايمان بىزنى،
يۈرمەك كېرەك قانداق، قەيەرگە؟

پۇشايمانسىز ئۆتمەيدۇ ئۆمۈر،
ئاڭا ئورتاق شاھمۇ، گادايمۇ.
قاراپ بېقىڭ، پاتقاندا قۇياش،
پۇشايماندا تېنەيدۇ ئايمۇ...

روزى نىياز

## جاۋاب

تۇرىمەن كۆككە گىرە سالغان چوققىدا،
لىغىلداپ تۇرغان يېشىل زۇمرەتكە قاراپ.
بۇ ئىدى بوغدا كۆلى، قۇياش نۇرىدا
كۆمۈشتەك جىلۋە قىلىپ تۇرغان پارقىراپ.

توقايدىن قاناتلىنىپ ئۇچقان شامالدا،
دولقۇنلار يېنىككىنە ئوينايدۇ ئۇسسۇل.

كېملەر ئۈزۈشىدۇ گويا ئاققۇدەك،
بەس - بەستە قىرغاق تامان يول ئېلىپ ئۇدۇل.

چۆشۈرۈپ سايىسىنى چايقالغان سۇغا،
تەۋرىنەر ئېگىز چوققا، تەۋرىنەر تاشلار.
شۇ تاشلار يەلكىسىدە چۆشەر سۆرەتكە،
ياندىشىپ بىر - بىرىگە قىز - يىگىت ياشلار.

تۈن كېچە، كۆلگە بېقىپ ئاسمان قىزلىرى،
ئاي، يۇلتۇز شادلىق ئىچرە تارار چېچىنى.
دولقۇنغا بۆلەنگەن شاش رەڭدار بېلىقلار
سەيلىدە ئۆتكۈزۈشەر ئايدىڭ كېچىنى.

كۈندۈزى نەغمە - ناۋا، خۇشال سۆھبەتلەر،
ئۈزۈلمەس كۆل بويىدىن ئاياغ ئىزلىرى،
كۆچۈرەر گۈزەللىكنى تۈمەن لېنتىغا،
ساياھەت ئاپپاراتىنىڭ يارقىن كۆزلىرى.

بوغدادىن سورىدىم مەن: «بۇ ئۈز مەنزىرە
گۈزەللىك تەڭرىسىنىڭ شاراپىتىمۇ؟
ياكى ئۇ بىر شۆھرەتلىك ئەۋلىيا زاتىنىڭ—
كۆرسەتكەن مۆجىزىلىك كاراماتىمۇ؟»

چوققىدىن ئاڭلاپ قالدىم بىر ئەكس سادا،
دېگەندە سەل قىمىرلاپ مويسىپىت بوغدا:
«ئەزەلدىن بۇ كۆل مەۋجۇت مۇشۇ ئىسكەتتە،
كەچمىشى - تەقدىرىگە مەن گۇۋاھ - ھەغدا.

قىنتئەلەر دىل رايىنى ئەسىر ئەيلىگەن
ئۆزگىچە چىن گۈزەللىك مۇجەسسەم ئاڭا.
بەخش ئەتكەن گۈزەللىكنى ئەزىز يۇرتۇڭغا
‹تارلىق› نى زادى بىلمەس تەبىئەت — ئانا!»

## ئەيلەيمەن ھەزەر

بوراندىن چېلىپ پۇشتەك، قار چېچەك پۈركەپ،
كەچكۈزنىڭ سەھنىسىنى ئىگىلىدى قىش.

ئۆتسمۇ سوغۇق شامال تەنلەرنى چىمدىپ،
سالالماس قەلبىمگە ئۇ ئەندىشە ـ تەشۋىش.

ئۇيقۇلۇق جاھان كەبى ياتار تەبىئەت،
ئىزغىرىن سوغۇق شامال ئالەمنى كېزەر.
ۋە لېكىن شۇ قىش پەسلى كەبى قەلبىدە
ئەل مېھرى ئۆچكەنلەردىن ئەيلەيمەن ھەزەر.

مۆيدىن سايىت

## بۆركۈت ناخشىسى

ئېگىز چىرقا ـ يېكسەك تاغ،
جان مۇقەددەس تۇرالغۇم.
چوققىدىكى قۇرام تاش
ئارامگاھىم — قونالغۇم.

بىپايان كەڭ سامادا
ئۆتەر ئۇچۇپ ھاياتىم.
قانچە ئېگىز، كۆپ ئۇچسام،
تاۋلىنىدۇ قاناتىم.

سۈرئىتىم يوق، كۆزۈم چوغ،
ئوت چاقنايدۇ يالتىراپ،
قوزغۇن كۆرسەم يەر، كۆكتە،
تۆت پۈكلەيمەن قاماللاپ.

ئۆلسەم ئۇچۇپ ئۆلىمەن،
مەن تۆرەلگەن ئۇچۇشقا.
ئەلچىسى بوپ زىمىننىڭ
ئەرش ـ ئەلانى قۇچۇشقا.

ئۆرلىسەممۇ ئەرشكىچە،
باغرىم باقار زېمىنگە.
ئانا تۇپراق تۇزاكى
قونۇپ تۇرار تېنىمگە.

* *

## پارچىلار

ھەزەر ئەيلە، ئادەم سىياق تۈلكىدىن،
رەزىللىككە نىقاب بولغان كۈلكىدىن.
ھەجابىسلا كۈلدى دېمە، ئۇ قاپقان،
دەسسىدىڭلا بوشانماق تەس ئىلكىدىن.

ئادەمى، ئادەملىكنىڭ قەدرىگە، بىل،
قەدرىگى ئەلگە سىڭگەن ئەجرىدە، بىل.
ئەل ئەيندەك ھەم تارازا، ئۆلچەيدىغان،
ئەجرىڭنى بەرگەن مېۋە—بەھرىدە، بىل.

* *

بەزىلەر كۈلۈپ كېلىپ قول بېرىدۇ،
ۋە ھەتتا دوقۇرغاندا يول بېرىدۇ.
لولىنىڭ قولى قارماق، يولى قاپقان،
سەزدۇرمەي ئىلىندۇرۇپ جان قىرىدۇ.

ئەزىزدۇر كىندىك قېنىڭ تۆكۈلگەن يەر،
گەر ئاڭا كېرەك بولسا ئىلىڭ جاننى بەر.
ئەمەسسەن ئۆزەڭچىلا ئۆسۈپ قالغان،
ئۆستۈرگەن سېنى ئەل ـ يۇرت تۆكۈپ قان-تەر.

* *

ئېيتايكى، خۇشامەتكە نەپرەتتە مەن،
بولمايمەن ئاڭا ھەرگىز شەپقەتتە مەن.
كۆيۈشكە رازىمەنكى جەھەننەمدە،
يۈرگىچە خۇشامەتتە جەننەتتە مەن.

شەيىخقا مازار — گۆرىستان كېرەك،
بۇلبۇلغا چىمەن — گۈلىستان كېرەك.
شەپەرەڭ، ھۇقۇش سۆيەر تۈمەن،
پەرۋانىغا ئوت — نۇرىستان كېرەك.





ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى 1986 - يىلى 22 - ماي كۈنى خەلق تىيا -
ىدا «تارىم» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغان 35 يىلدىن بۇيانقى تەجرىبە، سا -
بىلارنى يەكۈنلەش يۈزىسىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى يازغۇچى، شائىر
ۋە ئەدەبىي تەنقىدچىلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى.

سۈرەتتە: يىغىندىن كۆرۈنۈشلەر.

سۈرەتنى خەنشىيىڭ تارتقان.



# تارىم


塔里木（维吾尔文，文学月刊）

TARIM A MONTHLY LITERATURE IN UIGHUR LANGUAGE JOURNAL

1986 - يىل 8 - سان (305 - سان). 36 - يىل نەشرى.

تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.

ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورا. تېلېفون نومۇرى: 24784.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى
پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

چەتئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو نەشرىيات تاشقى سودا باش شىركىتى
(بېيجىڭ 614 - خەت ساندۇقى)

O. P. BOX 614, BEIJING, CHINA

باسما تاۋاق: 10. ژۇرنال نومۇرى: 66—58. باھاسى: 0.70 يۈەن.

قەرەللىك ژۇرنال نومۇرى: 356.

定价: 0.70元